
# تۇرپان

吐鲁番

TURPAN LITERATURE



2015. 2

ISSN 1006-3803

国外发行号码：QR2258　国际标准刊号：ISSN1006-3803　国内统一刊号：CN65-1042/I-W　邮发代号：58-40

www.uyghurkitap.com



يازغۇچى پەرھات كازىمى 1970 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پىچان ناھىيەسىنىڭ دالانكارىز يېزا يۇسۇپباي چوڭكارىزىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1991 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن. پىچان ناھىيەلىك 1 - ، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ھازىر پىچان ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدا ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. پەرھات كازىمى «تۇرپان» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئارزۇ» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، شېئىر، نەسر ۋە ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «بوۋام ۋە ئۈجمە دەرىخى»(2001 - يىلى)، «ئوغرى ئاتىلىپ قالغان قىز»(2003 - يىلى)، «ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى»(2011 - يىلى)، «ئوردا ئويۇنى ۋە قارلىغاچ ئايىم»(2013 - يىلى) قاتارلىق تۆت ھېكايىلەر توپلىمى ۋە «ئۈمىدۋار بالا»(2009 - يىلى)، «بىر بوتۇلكا قۇم»(2013 - يىلى) ناملىق ئىككى باللار رومانى نەشر قىلىندى. ئۇ تۈزگەن يەرلىك دەرسلىك «گۈزەل پىچان»(2007 - يىلى) ۋە «‹چىمەن دوپپا› ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى» مەجمۇئەسى تەركىبىدىكى «ئادىشىگىنىڭ بىرىمەن»، «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك»(2014 - يىلى) ناملىق كىتابلار نەشر قىلىندى.

ئۇ ئىجادىيەت ھاياتىدا «تۇرپان ئەدەبىيات - سەنئەت مۇكاپاتى»، «ئۈزۈمزار ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، 12 -، 14 - نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ۋە 2014 - يىلى 9 - ئايدا «بىر بوتۇلكا قۇم» ناملىق رومانى بىلەن تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ «تارىم غۇنچىلىرى» باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 2001 - يىلى پىچان ناھىيەسى بويىچە «مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىم»، 2007 - يىلى «تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ياش» بولۇپ مۇكاپاتلاندى. باللار ئەدەبىياتى ۋە كارىز تەتقىقاتى جەھەتتە ئىزدىنىپ ئاز بولمىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پىچان ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «تۇرپان»، «پەرۋاز» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ توختاملىق يازغۇچىسى.

# تۇرپان


تۇرپان ۋىلايەتلىك «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

تۈزۈپ نەشر قىلدى

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

35 - يىل نەشرى



تەھرىر ھەيئەتلەر

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى : شياۋ جيەنۇۋ

تەھرىر ھەيئەت مۇئاۋىن مۇدىرلىرى : ما چۈەن ، ما تىڭباۋ ، ئۆمەرجان سىدىق

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى): ئابدۇراخمان ئابدۇللا، ئابلەق ئابلىز، ئابلىم قىيۇم، پەرھات باھايىدىن، پەرھات كازىمى، تۇرغۇن جالالىددىن، دىلشات قىيۇم، سەۋەيدۇللا شەيدۇللا، مۇھەممەت شاھنىياز، مۇھەممەت نىياز، مۆمىنجان ئىبراھىم ، ھەبىبۇللا رەجەپ، ھىمىت نىياز، ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت، ئىلھام سەدۇللا، ياسىن نىياز، ياقۇپ ئىسمائىل




ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
(2015-يىللىق 2-سان)

شۇئارىمىز: بەرگىنىڭىزگە يارىشا بەھرلىنىسىز!

پىرىنسىپىمىز: بىزگە ئەسەر ئەۋەتكىنىڭىز، مۇشتەرى بولغىنىڭىز، پىكىر-تەكلىپ بەرگىنىڭىز = بىزنى قوللىغىنىڭىز، ياخشى كۆرگىنىڭىز، دوستلاشقىنىڭىزدۇر!

# تۇرپان

ئومۇمىي 138-سان

باش مۇھەررىر:
ئۆمەرجان سىدىق (تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى)

主编:
吾买尔江 • 斯地克
(吐鲁番地区文联党组成员，副主席)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
تۇرغۇن جالالىددىن (تۇرپان ۋىلايەتلىك «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى)

副主编:
吐尔洪 • 加拉力丁
(吐鲁番地区《吐鲁番》文艺杂志编辑部主任)

مۇھەررىرلەر:
تۇرغۇن جالالىددىن
ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت (تەكلىپلىك)

بۇ سانىنىڭ نۆۋەتچى مۇھەررىرى:
تۇرغۇن جالالىددىن

جاۋابكار كوررېكتور، بەتچىك، گۈزەل-سەنئەت مۇھەررىرى:
تۇرغۇن جالالىددىن

خەتتات:
روزى مۇھەممەت (تەكلىپلىك)

رەسسام:
گۈلچېھرە باۋدۇن (تەكلىپلىك)

## مۇندەرىجە

### ئىدىقۇت گۈلزارى

چۆلدەرەپ قالغان ئۆي (پوۋېست) ...... مېھرىئاي مۇسا 9
يول (ھېكايە) ...... ئامىنە ئۆمەر 58
يوقلاپ قويايلى (ھېكايە) ...... ئابلەق ئابلىز 62
جىگدە دەرىخىگە مەدھىيە (نەسر) ...... ئابدۇۋاھىد خۇدابەردى مۆلجەرى 94

### كارىز چەشمىلىرى

مەرھابا ئەقرەبا ...... ياسىن زىلال 4
نەزمەئىي شاراپ ...... ئالىمجان مۇھەممەت ئەلتۈرك 5
غەزەللەر ...... ئابدۇغېنى ھامۇدى 6
دىلىستانىم ھىلال قۇچتى ...... ئۇمىدجان قادىرى 7
ئۇتىنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى ...... ئادىلجان ئابدۇرېھىم 8
يۇلتۇزنىڭ ناخشىسى ئۇزۇندىن ئۇزۇن ...... ھەبىبۇللا رەجەپ 40
تۇرپاندىكى مىڭ ئۆيدىن چىقىپ ...... پەرھات باھايىدىن 43
تەڭرىگە تېۋىنىپ ئاقىدۇ كۆك سۇ ...... زاماندىن پاكزات 44
مەندە بىر مۇھەببەت بار ...... ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر 46
تۇن پىنھانىدا نازلىنىپ ...... مۆمىن زايىت 49
ئۈچ شېئىر ...... ئۆمەر نوھ 49
ئىزىڭدىن دەريادەك ئۆركەشلەپ ئاقسام ...... مۇھەممەت ئابدۇرېھىم 50
قاتماقتا ئىچىمدە ئاخىرقى پەرۋاز ...... ئالىمجان قاسىم 51
كېچە شېئىر يازاي تاڭدا ياتاي ...... ئەھەت مامۇت چوغدان 52
كېپىنەك پەسلى ...... ئەسقەر ئوسمان چىنزات 54
ئەسلىمە قىتىدا كۆيەر ھاياجان ...... خاسىيەتگۈل لىتىپ 54
سالامنامە ...... رېھىم نىياز 55
ئىككى شېئىر ...... ئايگۈل تالىپ 56
سەھەر يېشى ...... مۇنەۋۋەر مۇختەر57

### ئۇپۇق

سېغىنىشنىڭ سارغۇچ گۈللىرى ...... ئېلى ھېمىت 65
مۇھەببەتنىڭ ئايال كىچىسى ...... غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد 66
مەن ۋاقىتنىڭ چىقىق ئەينىكى ...... مۇتەللىپ مەنسۇر ئوۋچى 69
كۆڭۈل مەملىكىتى ...... مىرئەھمەد مامۇت 71

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئادرېسى: تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت يولى 155 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 838000 تېلېفون: 6255130 (0995) 6255220 فاكس: (0995) 6255255
ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسى: turpanli@163.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىلىرى:
«شىنجاڭ ئەنۋەر ئابدۇگۇل ئادۋوكاتلىق ئورنى»دىن ئەنۋەر ئابدۇگۇل (13909955030)
«شىنجاڭ ئابلىز ساتتار ئادۋوكاتلىق ئورنى»دىن ئابلىز ساتتار(18909951847)
«شىنجاڭ ئىرپان ئادۋوكاتلىق ئورنى»دىن ئەكرەم ئابدۇللا (13909955355)

«تۇرپان»
(پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)
باشقۇرغۇچى ۋە چىقارغۇچى: تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: تۇرپان ۋىلايەتلىك «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: تۇرپان ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقاتقۇچى: جۇڭگو خەلقئارالىق كىتابچىلىق سودا گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: QR2258
خەلقئارا ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1006-3803
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1042/I-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-40
باھاسى: 8.00 يۈەن

《吐鲁番》
(综合性文学季刊)
主管主办单位：吐鲁番地区文联
编辑出版单位：吐鲁番地区《吐鲁番》文艺杂志编辑部
印刷单位：新疆八艺印刷厂
发行单位：吐鲁番地区邮政局
订阅：全国各地邮政局
海外总发行：中国国际图书贸易集团有限公司
海外发行代号：QR2258
国际标准刊号：ISSN1006-3803
国内统一刊号：CN65-1042/I-W
地址：吐鲁番市高昌路 155 号
邮编：838000
联系电话：(0995)6255220 6255130
传真：(0995)6255255
邮发代号：58-40
价格：8.00 元

## مۇندەرىجە

### مۇھاكىمە ۋە بايان

ئۇيغۇرلاردا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئابدۇرۇسۇل راخمان ............ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 72
«باللىقتا سوئال كۆپ»نىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرى تېخىمۇ كۆپ --- بۇلبۇل ئەكرەم 78
ئادىلجان تۇنىيازنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى ............ 83

### يارقىن ئابىدىلەر

تۇرپان يېڭى مائارىپى يېتىشتۈرگەن تۇنجى ئوقۇتقۇچى، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي ـ ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ............ ئابلىز ياقۇپ 96

### ئاتەش تۇيغۇلار

نەقەدەر ئازابلىق ئۆزىنى ئىزدەش ............ ئەيساجان تۇردى ئاچچىق 85

### يېزەكلىك خاتىرىسى

غالىپ روھ (ئەدەبىي خاتىرە) ............ ساداقەت 106

### ئۈزۈمزار گېزىتى

خەۋەرلەر ............ 110
تۇرپاندا ئۈزۈم پىشتى (نەسر) ............ سىدىق ئابدۇراخمان 111
ئىككى شېئىر ............ سەلىمە يۈسۈپ 111
ئايال (شېئىر) ............ تۇردىگۈل ئېلى 111

مۇقاۋىدا: «باراڭ ئاستىدا شادلىق» (ماي بوياق رەسىم)، ياسىن مەخمۇت سىزغان

www.uyghurkitap.com



ياسىن زىلال

# مەرھابا ئەقرەبا




ئەقرەبا، قىسسەمنى ئاڭلا، بۇ پەستە،
كەچمىشلەر ھېكايە بوپ قالدى ئەستە.
ساماۋىي بىر ئۈندىن لاۋۇلداپ قالدىم،
جاڭگالدا ئۇچقان ئوت جان تاپتى خەستە.
باغرىمغا تاش بېسىپ تۇپراقنى قۇچتۇم،
ھۇدۇدى روھىمغا چۈشتى شىكەستە.
ئاشىق دەپ ئاتالدىم خالايىق ئارا،
چېھرىمگە بۇرۇت موي چىكەي دېمەستە.
جىسمىمدىن يۇلقۇنۇپ ئالەمنى كەزدىم،
يۈز ئاچتى كۆزۈمدە رەڭمۇ-رەڭ دەستە.
كىملەردۇر ھالىمدىن كۈلگەندە دېدىم:
بىچارە، بېجىرىم ھۇشلۇق ئەمەستە.
مىڭ پەرى مىڭ يەردە پەردە قايرىدى،
ئۇسسولۇق تەڭلىشىپ سۆيگۈ پەۋەستە.
مەن سامان يولدەك بىر يولغا كەتتىم،
رايىمدا پەرمايىش ئىشرەت ئەمەس-تە!
مەن كۈننى باغاشلاپ كۆيدۈرگەن چېغىم،
تاغۇ-تاش دەرياغا ئايلاندى پەستە.
شائىرلىق - ئاشىقلىق ئىمىش ئەسلىدە،
بۇ سۆيگۈ ۋەسلىدە بىر بۇسە تەس-تە!
ئاشىقلار بىلەرمىش ئاشىق قەدرىنى،
نازىملار دەم بېرەر جانغا نەپەستە.
مەن تولۇن بولماي گەر شائىرلىقمدا،
يۇلتۇزدەك تۈنەيمەن يۈز مۇخەممەستە.
مەرھابا، قەلبى مەش قەلەمكەشلىرىم،
بىز چىچەك ئۆزەيلى شۇنداق ھەۋەستە:
نەقەدەر چىرايلىق بۇ ئەل، بۇ دەملەر،
يول-يولغا تىزايلى گۈزەل گۈلدەستە!

(«ئاپتور «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتىدا)

2015.2 TURPAN LITERATURE



ئالىمجان مۇھەممەت ئەلتۇرك

# نەزمەئى شاراپ

## ئېگىك نۇر

سۆيۈش، بەلكىم، ئىرادەڭدۇر، سۆيۈلمەك نە قارارىڭدا؟
ئېگەمنىڭ ئىلكىدە ھەر ئىش، ئەمەستۇر ئىختىيارىڭدا.
نامايان بولسا پۇرسەتنىڭ زېمىندا لەھزە دەۋرانى،
ۋىساللار بولغۇسى پايمال سېنىڭ نازۇك دىيارىڭدا.
غۇرۇرنى تۇتىيا بىلسەڭ دىلىڭ يۈكسەكتە لال ئەرمىش،
ئىشقتىن ئۆزلىكىم چاقناپ يانار بەلكى باھارىڭدا،
ھەۋەسلەر قۇدرىتى ئۆرلەپ چاچار ئالەمگە يالقۇنىنى،
قەدەھلەر دادىخاھ، ئەمما، جۇلالىق ئىنتىزارىڭدا.
چېكى يوق ماگمىغا تەققاس مېنىڭ نەپسىمدە چەكسىزلىك،
ھوزۇر ئىمكانىغا چۈشكۈم يوق نازاكەت ئېتىبارىڭدا.
سىرلىق ئەسرارى ئوكيانىدۇر ساماۋىي رەڭ بىلەن تولغان،
كېزەي ئوكيانىنى شۇڭقاردەك، نىگار، ئول ئېپتىخارىڭدا.
كەيپىلىكتىن بىشارەتتۇر سۈكۈتنىڭ تاشسا پەيمانى،
جېنىمدۇر ئوت، تېنىمدۇر ئوت زۇھەلدەك دىلپىكارىڭدا.
جاۋاپ بەر ئىككى ئالەملىك، بۇنىڭ شەرتى جاسارەتتۇر،
جاۋابسىز قالسا بۇ نەزمەم ئېپسىلغاي مىسلى دارىڭدا.
تەركتۇر ئەلتۇرك جاندىن سېنىڭ ھۆسنۈ-قاراقىڭدا،
يانار جىسمى سەمەندەردەك مىسالى زۇلپىقارىڭدا.

## پەلەك ئىزھارى

مۇبارەك جامىدا لىق تۇرغىنى ئىشقى نادامەتتۇر،
شىجائەت تاپمىقىم مۇشكۇل، يۈرەك باغرىم جاراھەتتۇر.
ئىشق دەرگاھىدا يۈكسەك باھارنىڭ قىش-زىمىستانى،
زىمىستان، بەلكى، ئاشىققا سىناق-ئاگاھ، رىيازەتتۇر.
قەلەمنىڭ شانىدا پىنھان تۇرار بىر نەزمە ئوت تاشلاپ،
دىلىم مەھشەرگىچە يارغا ناۋا قىلغان زاكالەتتۇر.
پۈتۈلسە ئۇندا گەردىشتىن كۆيۈك ئەھلىنى ياندۇرماق،
سۈكۈتنىڭ كەينىدە لەھزە ئىگەمگە جان ئامانەتتۇر.
پەلەك ئىزھارىدىن روھىي دىيارىڭدا ساما سالسام،
جۇنۇنلۇق بابىدا تەڭرى ماڭا قىلغان شاپائەتتۇر.
كۆڭۈلدىن زەررىلەر ئىزدەپ شاراپلار مۆكسە پايەمگە،
ۋىسالغا تاشلىغان كۆكتىن مۇقەررەر بىر كاپالەتتۇر.
ئۈمىد ئاشسا رىۋايەتتىن ئىنايەت غارىدا پىنھان،
ساداقەت نۇرىدا بۇ ھال ئەبەد ئۆلمەس نازاكەتتۇر.
پاچاقلاپ سېھرىنى تۈنگە چېچىپ ئۆتكەندە بىر سۈبھى،
زېمىننىڭ كۆكسىدە ئۈنگەن جۇلا-نازدىن بىشارەتتۇر.
شۇڭا، بۇ ئەلتۇرك جانىنى داۋام ھىجرانغا چىللايدۇ،
نىگار، سەنسىز جىمى ئالەم ماڭا ئەسلى قىيامەتتۇر.

## شەربىتىڭنى بىر ئىچەي

سىلكىنىپ چىقتى ئىشقىنىڭ پەنجىمدىن ئىشتىياق،
دەشتۇ جان مۈلكى ئاراسى چۆلدىكى يۇلغۇن سىياق.
يەلپۈنەر ئاتەش پەلەكنىڭ چاچلىرى جەۋھەرىدىن،
كىم مۇيەسسەر رەڭلىرىگە چاقنىسا ئالتۇن راۋاق.
مەن ئۇپۇقنىڭ مەنزىلىگە سۆيگۈدىن چەكسەم نەقىش،
پۈركىگەي تاكى ئەبەدلىك ئۆركىشى ئاھۇ-پىراق.
ئوتلىرى ئوقچۇپ ۋىسالنىڭ ھالقىسا ھىجران كەبى،
يالۋۇرار ئۇندا قۇياشنىڭ كۆكسىگە كۆچكەن بۇلاق.
تۈنگە يايغان زۇلمەتنىڭ تۇپراقىنى قىلدى ناراۋا،
كۆزلىرىمگە ئاسمىنىڭدا ئاينى قىلدىم يالتىراق.
لەۋلىرىڭگە بىقارارمەن لالە شاراپىنىڭ كەيپىدە،
قاغجىراق باغرىمغا دەھشەت قۇي مېيىڭدىن بىر ئاياق.
ئىككى دۇنيا ئايلىنار ئاپتاپلىرىڭ تىلسىملىرى،
شەربىتىڭنى بىر ئىچەي بەرسەڭ، نىگارىم، بىر قاپاق.
ئېتىلىپ چىققان نەزمىمنىڭ پەللىسى ۋۇلقان ئېرۇر،
ئەۋجىدە ئاققان يېشىمدۇر، رەڭ ئەمەس ياكى بوياق.
ئەلتۇرك ئاۋازلىرىڭدا يانغۇسى چوغدان بولۇپ،
قىلغۇسى سەندىن بۆلەكنى مىلك تالاق، ئۇنىمىڭ تالاق.

(ئاپتور گوما ناھىيەسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىدا)

«ئۈزۈمزار ئەدەبىيات (شېئىرىيەت) مۇكاپاتى» غا
— تەۋسىيە قىلىنغان ئەسەرلەر —



ئابدۇغېنى هامۇدى

# غەزەللەر

1

يار ئۇچۇن، سۆيگۈ ئۇچۇن مەندەك ئازابنى كۆردى كىم؟
دەرد ـ ئەلەمدىن تۈنگىچە چالغان راۋاپنى كۆردى كىم؟
ئولتۇرۇپ تەنها ئۆزۈم كەچتىن سۈزۈك تاڭلارغىچە،
تەڭرىگە مىڭ باش ئۇرۇپ قىلغان تاۋاپنى كۆردى كىم؟
ئۆرتىگەچ تەننى پىغان ھەر بىر نەپەستۇر ئوت ـ لاۋا،
يار ئۇچۇن مەندەك گويا باغرى كاۋاپنى كۆردى كىم؟
مەست ياتارمەن تولغىنىپ مەيزاپ كەيپىنىڭ ۋەجدىن،
مەن سىياق جاناننى دەپ ئىچكەن شارابنى كۆردى كىم؟
جان دېسە جانىم پىدا، يارىمغا جان بەخشەندىدۇر،
دىلرەباغا مەن كەبى ئالىيجانابنى كۆردى كىم؟
يارنى دەپ ئاققان يېشىم بولدى بەھەيۋەت كەڭ دېڭىز،
شۇ دېڭىزدا لەڭ ئۇرۇپ يۈرگەن كاراپنى كۆردى كىم؟
كۆر، بولۇپ قالدىم مانا چۈشكەن غازاڭ كەچكۈزدىكى،
مەن سىياق يار دەردىدە قەددى تاناپنى كۆردى كىم؟
شۇندىمۇ نە ۋەجكىن ئۇشبۇ نىگاردىن يوق سادا،
ئەل ئارا مەندەك يەنە ھالى خارابنى كۆردى كىم؟

2

مەن ۋاپا بىرلە مېھردىن چەتتە قالغاننىڭ بىرى،
سىز دېمەڭ ئۇشبۇ سۆزۈمنى «يەتتە يالغان»نىڭ بىرى.
بىر قارا ھىجران تۈپەيلى مەستۇ ـ مۇستەغرەق بولۇپ،
مەن ئېرۇرمەن شۇنچە كۆپنى ئويغا سالغاننىڭ بىرى.
قانچە سىر تۇتسام ئۆزۈمنى سۆزلىشىپ ئەللەر ئارا،
مەن ئەمەسمۇ تەكتى «بويتاق» نامنى ئالغاننىڭ بىرى.
ئاھ، بەسى مۇشكۈل كۆرۈشكەن راستنى يالغان سۆزلىمەك،
مەن ئاشۇ مۇشكۈل كۆرۈشتە سۆزدە چانغاننىڭ بىرى.
مەن ئەمەسمۇ يار ئوتىدا ئۆرتىنىپ باغرى يارا،
كۈن ـ تۈنى ئاچچىق پىغاندا ناغرا چالغاننىڭ بىرى؟
يار ئۇچۇن بولدۇم جاپاكاش، ئۇ جاپالار نە ماڭا،
بىر ئۇياتقۇ ئەمدى بولسام گەپتە تانغاننىڭ بىرى.
ئەس ـ خىيالىم ئۇندا بولغاچ، ئاھ، ئۇنى ئەيلەپ نىشان،
مەن ئەمەسمۇ جىسمى ئاتەش ئوتتا يانغاننىڭ بىرى؟
بىلمىدىم تەقدىر ـ قارارنى، چەككە يەتتى ئاھلىرىم،
زادى بىر نەۋاق بولۇرمەن يارغا قانغاننىڭ بىرى؟

3

جىمى كۆزنى ئەسىر قىلغان بېھىش باغىنىڭ گۈلىدۇرسەن،
چاڭىلداپ سايرىغان تاڭنىڭ ناۋاكەش بۇلبۇلىدۇرسەن.
قۇياشنىڭ نۇر ـ زىياسىدەك جۇلالىق چاچلىرىڭ تال ـ تال،
شۇڭا ئەلنىڭ قىياسىدا باھارنىڭ سۇمبۇلىدۇرسەن.
ئۆيۈڭدىن قول سىلىپ چىقساڭ سەھەر ھۆسنۈڭگە تاڭ قالمىش،
گۈزەللىك بابىدا، چۈنكى، جىمىنىڭ دىلبىرىدۇرسەن.
سېنىڭدە بولسىمۇ شۇنداق شاھانە بارچە ئۈستۈنلۈك،
يەنە كەمتەرلىكىڭ بىرلە ئاۋامنىڭ بىر قۇلىدۇرسەن.
جاپا ـ مۇشكۈلنى خەس ئەيلەپ ئېشىپ تاغۇ ـ داۋانلاردىن،
قەددەمدە تۆھپە قالدۇرغان پىقىرنىڭ دۇلدۇلىدۇرسەن.
يېقىن تەڭتۇشلىرىڭنى، يار، دېسەم گويا چىنار شاخى،
چىنارنىڭ ياپيېشىل كۆركەم يارامىلىق بىر غولىدۇرسەن.
شۇڭا بولدۇم ساڭا شەيدا، مېنى قوينۇڭغا ئال ئەمدى،
سەۋەبى: ھامۇدىنىڭ بىر ئەجەب مەھكەم ئۇلىدۇرسەن.

4

ماڭا نەدە ئارامى چاغ سېنىڭ ھالىڭ يامان بولسا،
قىياندەك ئۇقچۇغاي ياشىم چىرايىڭ گەر سامان بولسا.
سېنىڭ بەختىڭ مېنىڭ بەختىم، ئازابىڭ ھەم ئازابىمدۇر،
پىقىرغا نەدە خۇرسەنلىك يولۇڭ مۇشكۈل داۋان بولسا.
يۈرەرمەن دىلدىكى شادلىق، ھاياجاندىن بولۇپ خۇشچاغ،
چىناردەك تىك تۇرۇپ قەددىڭ، ئەزىز باشىڭ ئامان بولسا.
كېچە، تاڭلاردا ئويغاقمەن سەھەرنىڭ بۇلبۇلى يەڭلىغ،
ماڭا نەدە پەرىشانلىق يولۇڭ داغدام، راۋان بولسا؟
جاھاندا قايسى بىر ئاشىق ناۋا ئەيلەپ، ساما سالغاي،
نىگارى گەر بولۇپ غەمناك گويا تەركى جاھان بولسا؟
يۈرەر، بەلكى، باراۋەتتە نىگارنى دىلدا ياد ئەتمەي،
غۇرۇر، ۋىجداننى خەس كۆرگەن ۋاپاسىز بىر نادان بولسا.
شۇڭا، ئۇنداق نادانلارغا نىگارنىڭ جىلۋىسى يوق ـ يوق،
قالار چەتتە بولۇپ خار ـ خار ئاڭا قانداق زامان بولسا.
مېنى ئۇنداق نادان كۆرمە، ئەزەلدىن چىن نىشانىمسەن،
سېنى يار تاپقىنىم تاپقان ماڭارغا پۇت، تاپان بولسا.

(ئاپتور غۇلجا شەھىرى مېھمان كۈتۈش يولى 5 ـ نومۇردا)



ئۆمىدجان قادىرى

# دىلستانىم ۋىسال قۇچتى

## ئەسلى

ھەۋەس ھەم مۇددىئا ھەرخىل، ئەمەس ئوخشاش ياشاش ئەسلى،
بىرى دەريا، بىرى سايغا چۈشۈپ ياتقانكى تاش ئەسلى.
تەۋەللۇت جان ئانا جىسمى، بۈيۈك ئىخلاستا ئۆسكەي تەن،
بىراق، تەقدىرى- قىسمەتتە يوچۇن يۇرتلاردا باش ئەسلى.
ھاياتلىق قوينىدا قەھ- قەھ ئۇرۇپ تاپقان خۇشال چاغىڭ
ئۇلاشماس، بەلكى، مۆچەلگە، كۈتۈپ تۇرمايدۇ ياش ئەسلى.
ئەقدە- سۆيگۈ ئىزھارىڭ ساڭا ئۆچرەت تابانىڭمۇ،
بولۇر يىللارچە بىر موماي، ئاتالماس شۇندا قاش ئەسلى.
چىناردەك قەد كېرىپ تۇرغان گىگانت بويلارمۇ مۈكچەيگەي،
كېسەل چىللايدۇ گەر لوقما ئېشىپ كەتكەندە ئاش ئەسلى.
يېقىملىق كۈيلىرى بىرلە گۈزەل باغلاردا ئۇچقان قۇش
ئۇچالماس كەلسە بىر كۈنلەر، تۇرۇۋەرمەيدۇ شاش ئەسلى.
تېڭىرقاپ بولمىغىن ھەيران، كۆرەرسەن ھەرنە قىسمەتنى،
ئۇنەر چاتقال، قىياق، چۈژگۈن تېرىلغان يەرگە ماش ئەسلى.
تۆكۈپ تاڭلاردا زەر جىلۋە ئۇپۇقتىن خۇش كۈلۈپ چىققان،
ساداقەت پەزلى ئۆزگەرمەس پەقەت بىرلا قۇياش ئەسلى.
ئۆمىدجان ئۆتمىكىڭ ھەقتۇر خۇشال پەيلىڭ- مىجەزىڭچە،
ئىزىڭدىن ياشنىتىپ گۈللەر بولۇپ ئەلگە قاياش ئەسلى.

## خۇشلۇق جاكاسى

جاۋابنامەڭ بىلەن، دىلبەر، دىلستانىم ھىلال قۇچتى،
ۋىسالىڭدىن دېرەك ئالغاچ ۋۇجۇد كەۋسەر زىلال قۇچتى.
قۇياش جىلۋە قىلىپ كۆكتە، تۇمان كۆچتى يىراقلارغا،
چاھارباغىم قۇچاقنى ئەجەپ مەيىن شامال قۇچتى.
گويا ھۆسنۈڭ ئايانىدا ئېچىلدى جەزبىدار گۈلمۇ،
غېرىب ھويلام چىمەن- گۈلزار بولۇپ نۇرلۇق جامال قوچتى.
شېرىن ھېسلار ئارا مەستخۇش قىياس قىلدىم كېلەر يىلنى،
«بالام گۈڭراپ، كۈلەر تاتلىق!» مېنى ئەزگۈ خىيال قۇچتى.
مۇھەببەتنى كۈتۈپ بىسيار بىلىم چەككەن ئۆمىدجانمەن،
ئۆتۈپ كەتسە مۇشۇ بىر كۈن، مېنى دەر ئەل: كامال قۇچتى.

## ئۆرۈك پىشقاندا...

خىيال شاخلايدۇ مىڭلارچە ئۆزۈڭ يادىمنى كەزگەندە،
پىغان ھىجرانى يالمايدۇ خۇشال- شادىمنى، كەزگەندە.
سېنى ئۇندۇردى قەلبىمگە زىلالار مەۋجى ئاق ئۆستەڭ،
سۈيۈڭگە تاشلىدىم تاشنى- كۆڭۈل قاتىمنى، كەزگەندە.
«ئېتىپ تاش نە قىلىق، ئالما ئاتالماسەن؟!» دېگەن سۆزدىن،
سىرىڭ- تۇيغۇڭنى بىلدىم- دە، توقۇپ ئاتىمنى كەزگەندە.
قاراقىم قاتتى باغلاردا، پىششىنى ئالمىنىڭ كۆزلەپ،
دىلىم بارخاندا ئۇكلەندى، قەسەمىيادىمنى كەزگەندە.
ئۆرۈك پىشقاندا توي بولدى، مېنىڭ ئالماغا تاقەتسىز،
جاۋاب ئالغاي ئۆمىدجان نە؟ باياناتىمنى كەزگەندە.

## مۇھەببەت بەھرىدە گۈلشەن

ئۈزۈك ئالتۇنكى، ياقۇت كۆز، يۇرەر جۈپ گەۋدە سەيلانە،
مۇھەببەت بەھرىدە گۈلشەن كۆرەر جۈپ گەۋدە سەيلانە.
بۇ دۇنيا جەزبىدار-رەڭدار، ئۇلارچۇن غەم- پىغان مەۋھۇم،
ھايات پەيزىنى زەپ تاتلىق سۈرەر جۈپ گەۋدە سەيلانە.
ۋىسالىنىڭ ئىلكىدە دىللار شاراپ ئىچكەن كەبى مەستخۇش،
خىيال تاتلىق، قىيام ھىسلار، ئۈزەر جۈپ گەۋدە سەيلانە.
شېرىن دەملەرنى قۇتلۇقلاپ ساباسى ئۇشبۇ سەھرانىڭ
ۋۇجۇدىدىن ئېپار- ئەنبەر تۆكەر، جۈپ گەۋدە سەيلانە.
ئۇلارنىڭ تۇرقىغا ھەيرەت قارايدۇ زوق بىلەن كۆپلەر،
چىغىر يولدىن ئەتىرگۈلدەك ئۆتەر جۈپ گەۋدە سەيلانە.
ئاداققى ئەھدىنى سەزگەن يۇرەك ئىلھامدا شاش تۇلپار،
تەۋەللۇت سۆيگۈدىن ئەشئار پۈتەر جۈپ گەۋدە سەيلانە.
بۇلاقلار باغرىدىن تامغان شېرىن ئەزگۈ ئاھاڭلاردەك،
ئۆمىدجاندىن يېقىملىق كۈي كۈتەر جۈپ گەۋدە سەيلانە.

## چىچەكلەردىن كۈلۈپ قۇرلار

تەۋەللۇت كۈي قونۇپ كىرپىك تۈنەپ چىققان خىياللاردىن،
كېزەر ئىلھام ساما بويلاپ، قىلىشماس ھېچ شامالاردىن.
ئوغۇززەڭ تۈن يۇيۇنغان ھەم خىرۇستالدەك سۈزۈكتۇر ھېس،
زېھىن- ئاڭلار يېتەكلەنگەي، چىقىپ ئىشكەل- قامالاردىن.
چىچەكلەردىن كۈلۈپ قۇرلار، باغاشلانغاي بۈيۈك ئارمان،
ئوغۇز ئەمگەچ ۋۇجۇد چوغىدىن، نېمە تەشۋىش قاۋانلاردىن؟
بولۇپ جۇل- جۇل خۇنۇكلۇقلار، زىيادىن دىل پەۋەسلەنگەي،
تىلەك قاتقان قاراقلار بار، يېمەس ۋايىم زاۋاللاردىن.
نوقۇپ غايىپ تۈشۈش- ئاق نۇر، گۈۋۈنسە ھەم خوراز چۈچۈپ،
ئېشىپ بولغاي ئۆمىدجان ھەم يېشىغا تەڭ داۋانلاردىن.

(ئاپتور گوما ناھىيەسى پىيالما يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە)

www.uyghurkitap.com





ئادىلجان ئابدۇرېھىم

# ئۈتنىڭ يېشىل يوپۇرماقلىرى

## ئازابنىڭ رەڭگى

سېنى، دىلبەر، كۆيۈم ئۆركەشلىرى ئىچرە ساتار ئەتتىم،
ساتارىم نالىسىگە ئول غېرىب قەلبىمنى تار ئەتتىم.
چۈشۈم دەريالىرى رەت-رەت پىيادە ئۆتتى ئالدىڭدىن،
ئىچىمدە چاقنىغان يوقلۇق ھىدىنى جانغا دار ئەتتىم.
ئازابنىڭ رەڭگىدە ئۆكسۈپ سۆڭەككە پاتتى سەنسىزلىك،
كۆزۈمگە سىغدىلىپ ياتقان سۇنۇق تۈننى بىدار ئەتتىم.
كۈتۈش ياپراقلىرىدىن ئوقچۇدى ھەسرەتسىمان ئاھىم،
يېشىم قەترەسىدىن چۆلنىڭ لىۋىنى لالىزار ئەتتىم.
قونۇپ يالغۇزلۇقۇمغا ئولتۇرۇر يۇلتۇزدىكى ئاسمان،
خازان بولغان يۈرەكىمگە پىراقنى ھازىدار ئەتتىم.
قاقاس دەريالىرىمغا لىق تولۇپ ئاقتى پەرىشانلىق،
سېغىنچىمنىڭ جۇلاسىغا پىغانىمنى مازار ئەتتىم.
شېخىدىن خاكسار دەردىنىڭ تۆكۈلدى كۆز كەبى ئادىل،
پېقىرغا باقمىساڭ ئەمدى ئۆلۈمنى ئىختىيار ئەتتىم.

## ئاراقۇمنى ئۇزىتىپ قويۇش

(شائىر ئابلىپىز توختىمۇھەممەت ئاراقۇمغا مەرسىيە)

سۇباتلىق قۇش ئىدىڭ ئۇچقان مۇھەببەتنىڭ ساماسىدا،
تۆكۈلدۈڭ ئەمدى كەچكۈزدەك ئۆلۈمنىڭ ئىستىلاسىدا.
سېنى كەتتى دېگەن سۆزنىڭ كۆزىدە مىڭ دېڭىز يىغلار،
نېتەي، بولدۇم غېرىب بىر تاش ئازابنىڭ كەربالاسىدا.
تېنىم ئەينەكلىرى چۇل-چۇل چېقىلدى دەردكە دار ئىزدەپ،
خازان بولدى چۈشۈم ياپراقلىرى قەلبىم ياراسىدا.
ئىچىمگە باستۇرۇپ كەلدى قارا پەيشەنبىنىڭ ساچى،
جېنىم ئۆرتەندى ھەسرەتنىڭ سۈكۈت رەڭلىك لاۋاسىدا.
يېشىمنىڭ تەپتىدىن «كونا بازار» دا چۆرگىلەر «تۈگمەن»،
يېرىلدى يەر بىلەن ئاسمان پىغان-زارىم نىداسىدا.
«چۆچەك قەلئەسى» دىن بىر-بىر ئىزىڭنى ئاختۇرۇپ چىقتىم،
يىگانە ئاي ئىدىڭ تۈندە تۈمەن يۇلتۇز ئاراسىدا.
دىلىمنى تىلدى خەنجەردەك جۇدالىق دەملىرى دەھشەت،
قۇياشقا نۇر بېرىپ كەتتىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ زىياسىدا.
بېغىڭدا «روزىلەم» تىككەن قىرىق تۆت تال گۈلۈڭ قالدى،
چىقار كۆكلەپ سۆزۈڭ روھىڭ «ئاراقۇم» نىڭ دالاسىدا.
سېنى، كىم دەيدۇ، كەتتى، دەپ؟ كۆمۈلدۈڭ سەن يۈرەكلەرگە،
تىلەر جەننەت ساڭا ئادىل سەھەر-ئاخشام دۇئاسىدا!

## تەلمۈرۈش

مەن سېنى ئايدىن سوراپ ئاسمانغا باقتىم تەلمۈرۈپ،
باغ ئارا گۈلدىن پۇراپ رەيھانغا باقتىم تەلمۈرۈپ.
غەملىرىڭنىڭ قۇشلىرى ئەگدى دىلىمنىڭ شاخىنى،
ھەر سېغىنغاندا ھامان ھىجرانغا باقتىم تەلمۈرۈپ.
يوللىرىڭغا تۆكۈلۈپ تەنھالىقىمنىڭ ياپرىقى،
ياشلىرىمدىن ئايىنغان بوستانغا باقتىم تەلمۈرۈپ.
كۆزلىرىمدە كېچىلەرنىڭ ئۇيقۇسى كەتتى كۆيۈپ،
يۈزلىرىڭدىن بالقىغان چولپانغا باقتىم تەلمۈرۈپ.
قاغجىراپ ئىسمىڭدىكى دەريادا يىغلايدۇ تېشىم،
ھەسرىتىمدىن ئوقچۇغان گۈلخانغا باقتىم تەلمۈرۈپ.
بىغۇبار جىلۋەڭ ئايان مىسرالىرىمنىڭ قاتىدا،
ياپيېشىل ئىشقىم بىلەن داستانغا باقتىم تەلمۈرۈپ.
بۇ كۈتۈش ئادىلنى يەم قىلدى ئازابنىڭ دارىغا،
ئاھ ئۇرۇپ قەشقەر، خوتەن، تۇرپانغا باقتىم تەلمۈرۈپ.

## بۈگۈن ھىجرانغا ئون سەككىز

كۆزۈمدە پارلىغان ياشمەن، ئاقار ئاھىم ئارا قولۋاق،
سۆزۈمدە چاڭقىغان تاشمەن، ياغار دائىم قارا چاقماق.
چىقىپ زىندانىدىن تەننىڭ نىگارنىڭ دەردىگە كىردىم،
ئازاب يۇلتۇزلىرى تۈننىڭ بېغىدا تاشلىدى ياپراق.
كۈتۈشنىڭ بەرگىگە قونسام يېنىمدا ئولتۇرۇر ھەسرەت،
چېچىلدىم كۈلپىتىم ئۇززە بولۇپ مەن بىر ئوچۇم تۇپراق.
قۇياشنىڭ دارىغا ئاسمان ئېسىلدى زارۇ-زار يىغلاپ،
كۆيۈك قىسمەتلىرىم ئىچرە جېنىمنى باغلىبان سىرتماق.
خىياللار بەھرىگە چۆكسەم سېغىنچىم يەلپۈنەر چوغدەك،
بېقىپ قەلبىمدىكى ئايغا چۈشۈم كۆكتە ياتار ئويغاق.
غېچىرلار ياپيېشىل دەردتەك ۋاقتىنىڭ ھارۋىسى تىنماي،
كۆيەر دەريا كەبى كۆنلەر بولۇپ يار ۋەسلىگە مۇشتاق.
نېتەي، يالغۇزلۇقۇم سولدى، بۈگۈن ھىجرانغا ئون سەككىز،
نىگارسىز ئۆتكىچە ئادىل ئۆلۈمگە ماڭغىنى خوپراق.

(ئاپتور گوما ناھىيەسىدە)

مېھرىنساي مۇسا



# چۆلدەرەپ قالغان ئۆي

(پوۋېست)



ئۆيۈمگە باللىقتىكى دوستۇم شادىيە كەلدى. ئۇ گەرچە ياشلىقىدىكى گۈزەللىكىدىن قالمىغان بولسىمۇ، روھى ھالىتىدىن، شەھلا كۆزلىرىنىڭ مىڭ يېرىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. مەن ئۇزۇن يىللىق تۇرمۇشتىن جۇغلىغان تەجرىبەمگە ئاساسەن، نىكاھتا بەختى چىقمىغان ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. ئۇنى ئېسىل تائاملىرىم بىلەن پادىشاھتەك كۈتتۈم، ئەركىنمۇ شۇنچىلىك قىزغىن بولدى. بىز كۈتكەنسېرى ئۇ شۇنچە مىسكىنلەشكەندەك قىلاتتى. بولۇپمۇ، يولدىشىم ئەركىن ئىككىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە قىلغان مېھرىلىك سۆزلىرىمىزگە، بىر-بىرىمىزگە بېقىشلىرىمىزغا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىرىدا، ئاقلىقىدىن تاتىرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان يۈزلىرىنى ئازاب تۇمانلىرى قاپلايتتى، ئاندىن نېپىز لەۋلىرىنى پۈرۈپ ئۇزۇن ئۇھسىنатتى.

ئۇ كېلىپ ئەتىسى بىز ئۇنى تۇرپاننىڭ ساياھەت ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ ئايلاندۇردۇق. ئۇ كەڭ كەتكەن سىرلىق قۇم بارخانلىرىنى، گۈزەل بۈيلۈق باغچىسىنى، سېھىرلىك كارىزنى كۆرۈپ ئېچىلىپ كۈلدى؛ قۇياش نۇرىدا ۋىللىداپ پارقىراپ، تۆگە لوكىلىرىدەك كۆرۈنىدىغان قۇم بارخانلىرىدا يۈگۈردى؛ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى. تەبىيەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئازابلىق دىللارنىڭ شىپالىق دورىسى، بۇ ھەرقانداق ئۇستا تېۋىپنىڭ دورىسىدىنمۇ چارە ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا يېگۈزۈش، ئىچكۈزۈشتىن كۆرە، گۈزەل تەبىيەتكە يۈزلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدىم. ئەزەلدىنلا رومانتىك، ھېسسىياتقا باي، نازۇك دوستۇمنىڭ قەلبىگە شۇنچىلىك خۇشلۇقنى ئېلىپ كېلەلىگىنىمدىن تولىمۇ خۇش بولدۇم. ئۇنىڭ سۇپسۇزۇك يۈز تېرىلىرى تۇرپاننىڭ ئىسسىقىدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ ھەممە غەم-قايغۇلىرىنى ئۇنتۇغان ئىدى. كەچ بولغاندا بىز كەچلىك بازارنى ئايلاندۇق، تۇرپاننىڭ چاچتەك كېسىلگەن، پۇرچاق سۇيۇقئېشىنى ئىچتۇق. ئاندىن ئۈزۈمبۇلاققا بېرىپ، كۆلگە قاراپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتۇق. شادىيە شۇ چاغدىلا ماڭا ئىچكى

«ئۈزۈمزار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا

تەۋسىيە قىلىنغان ئەسەرلەر

TURPAN LITERATURE 2015.2

سىرلىرىنى تۆكتى. باللىق چاغلىرىمىزدا «تۆت قۇلاق» ئىزدىشىپ بەختلىرىمىزنى غايىۋىي سۆزلەشكەن، كەلگۈسىمىزگە تولىمۇ زور ئۈمىدلەرنى باغلىغان ئىككى ناتىۋان ئۈزۈندىن-ئۈزۈن مۇڭدىشىپتىمىز. قىز چاغلىرىمىزدا بەختكە ئىنتىلگەن، ئەمدى قېنى شۇ بەخت؟ ئوتتۇرا ياشتا بەختكە ئېرىشكەنلىكلىرى بىلەن شادلىنىش ئەمەس، بەختسىزلىكلىرى ئۈستىدە مۇڭلىنىش ئەڭ ئازابلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مېھرلىك ئائىلىسى بولماسلىق، بولسىمۇ، ئۆيدە ئەرنىڭ ئەرلىك، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ ئادا بولماسلىقى، ئەرنىڭ ئاۋازى بولماسلىقى ــ خوتۇننىڭ كۆڭلىنى كەمسىندۈرسە، بالىلارنىڭ روھىنى يەرگە ئۇرىدۇ. مەن دائىم ئاياللارنى گۈلگە ئوخشىتىمەن. بۇ گۈل ياشلىقىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ پەرۋىشىدە غۇنچە بولىدۇ، نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئېرىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدە سۈيىگە، ئوغۇتىغا قېنىپ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىدۇ. ئەكسىچە، بولسا بۇ گۈل سولىشىدۇ، چىرايلىرى خۇنۈكلىشىپ، كۆزلىرىدىن مۇڭ تۆكۈلىدۇ. بۇ خىل سۇلغۇنلۇقنى دوستلارنىڭ يېقىنچىلىقلىرىمۇ، كۆيۈنۈشلىرىمۇ كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. بۇ مىسكىنلىك يۈرەكتىن چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى كۈچلەر ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. بۇنى پەقەت ئەرنىڭ مۇھەببىتىلا، كۆيۈنۈشى، سەممىي-ساداقىتىلا كۆتۈرۈۋېتەلەيدۇ.

* * *

شادىيە ئاق يۈزلۈك، شەھلا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بوي-بەستى ئەۋرىشىم، مىجەزىگە يارىشا خۇيىمۇ ئېسىل، ئوچۇق-يورۇق، كۆندە باھاردەك ئېچىلىپلا تۇرىدىغان قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىلىرىدە ئويناپ تۇرىدىغان بۇجغۇر قوڭۇرەڭ چاچلىرى، قارا، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى قارا مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرىدىغان ئويناق كۆزلىرى، ئاپئاق، سۈزۈك يۈزلىرى مەھەللىمىزنىڭ بۇرنى كۆپكەن يىگىتلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتەتتى. مەھەللىدە شادىيە دېسە يىگىتلەرنىڭ يۈرىكى ئويناپ كېتەتتى. ئەمما، شادىيە بۇلاردىن خەۋەرسىز. ئىككى تال ئۆرۈمە چېچىنى سويلىتىپ، ئىنچىكە تال-چىۋىقتەك بەللىرىنى تولغاپ بۇلاقتىن سۇ ئالغىلى چىققاندا كەينىگە كىرىۋالغان يىگىتلەرنىڭ چېلەكگە توپا سېلىۋېتەكەنلىكىگە، ئەپكىشىنىڭ سېپىنى تۇتۇۋېلىپ «بىردەم پاراڭلىشايلى» دېگەنلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، يامىنىغا كەلسە ئەپكەش-چېلەكلىرىنى تاشلاپ بېرىپ يېنىپ كىرەتتى. چېلەكلىرىنى ئارقىدىن ئاكىلىرى مەھەللىنىڭ باللىرىنى ئانا-مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىۋېتىپ ئەكىرىۋالاتتى. مەھەللە يىگىتلىرى ئۇنى قايىل، ئۆزىگە مايىل قىلالماي، «ئەركەك جىنى باركەن» دەپ گەپ تارقىتىشىپمۇ باقتى. ئەمما، بۇ گېپىمۇ ئاقمىدى، چۈنكى، بۇ ئوچۇق-يورۇق قىزنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقىغا ھەممە ئىشىنەتتى. كېچىكلا «ئوبيېكت» تۇتۇپ، توي قىلىۋالىدىغان بۇ مەھەللىدە شادىيە «قېرى قىز» ئاتىلىپ قالدى. شادىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا دوستلىرىدىن گەپ ئېيتىپمۇ باقتى. ئەمما، ئۇ: «ئاتا-ئانام ئالدىرىمىسۇن، مېنىڭ توي قىلىش ئويۇم يوق» دەپ گەپ بەردى. ياۋاش، باللىرىنىڭ گېپىنى يىرمايدىغان ئاتا-ئانا قىزىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، قولۇم-قوشنىلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى.

مەھەللىدە كامال ئىسىملىك بىر يىگىت شادىيەگە ئاشىق ئىدى. ئۇ يوغان كۆزلۈك، ئاق يۈزلۈك، قارا قاشلىق، ئورۇق، ئېگىز يىگىت ئىدى. ئۇ شادىيە سۇغا ماڭسىلا كەينىگە چۈشەتتى، سۇنى ئېلىپ قايتسا يەنە شۇ پەددىدە ئۆيگە ئەكېلىپ قوياتتى. بىر كۈنى ئۇ شادىيەنى كۆزى بىلەن كۆزىتىپ كېتىۋاتقاندا، شادىيەنىڭ ئالدىنى مەھەللىدىكى نۇرمۇھەممەت ئىسىملىك بىرى توردى. ئۇنى كىشىلەر «نوكا» دەپ ئاتايتتى. ئۇ مەھەللىدىكى ھاللىق ئائىلىنىڭ ئەركە بالىسى ئىدى. كۆزلىرى چوڭ-چوڭ، بويى ئېگىز كەلگەن نوكاغا قاراپ كامالنىڭ ئىچى پىژژىدە قىلىپ قالدى. ئۇ خۇددى نوكا ھازىرلا شادىيەنى ئېلىپ قاچىدىغاندەك مېڭىشىنى تېزلەتتى. شادىيە نوكاغا پەرۋامۇ قىلماي، ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما، نوكا ئەپكەشنىڭ بېغىشىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى. قارىغاندا ئۇ شادىيەگە تەلەپ قويۇۋاتقان چېغى. كامال يىراقتىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىسىمۇ، ئەمما، نوكانىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا شادىيەگە ئاشىقلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ قاراپ تۇردى. نوكا ئەگەر شادىيەگە چېقىلىدىغانلا بولسا ئۇ چۆجىگە چاڭگال سالغان ساغا ئېتىلغان شۇڭقاردەك ئېتىلماقچى، شادىيەنى قۇتقۇزماقچى ئىدى.

ــ نوكا (نۇرمۇھەممەتنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى)، ئەپكەشنى قويۇۋەت، بىكار ئاكام كۆرسە تۈيۈقىڭنى چاقىدۇ...

ــ چېقىلسىمۇ چېقىلسۇن بۇ تۈياق، سىزنىڭ ئوتىڭىزدا كۆيۈپ ئۆلەي دېدىم، ــ نوكا قىزارمايلا شۇنداق دېدى.

ــ ئۆلسەڭ نېمە چاتىقىم، مېنى قويۇۋەت...

ــ بىردەم توختاڭە...

ــ ساراڭ بوپسەن سەن، ئىشىڭ يوقمۇ...

ــ يەنە قاچان چىقىسىز، ئۇنداق قىلماڭە، بىزگىمۇ قاراپ قويۇڭ، ئىچىڭىز ئاغرىسۇن...



2015.2 TURPAN LITERATURE

- يوقالغىنە كۆزۈمدىن، قارىغۇدەك نەرىڭ بار سېنىڭ...

نوكا بىردەم ئۇنى گەپكە تۇتۇپ بېقىپ ئىشى ئاقمىغاندىن كېيىن، ئاستا كەينىگە ياندى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇرنى كۆپكەن بۇ يىگىت باشقا قىزلارغا پوخورلۇق قىلغىنى بىلەن شادىيەگە ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇ شادىيەنى ئاستا-ئاستا تەسىرلەندۈرمەكچىدەك قىلىۋاتاتتى. شادىيە ئەپكىشنى ئوڭشاپ، تېز قەدەملىرى بىلەن بۇلاققا قاراپ ماڭدى. بۇلاق مەھەللىنىڭ چېتىدىرەك بولۇپ، دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدىكى ئۇزۇن سوزۇلغان جىرالىقتا ئىدى. بۇ جىرالىق قويۇق دەرەخزارلىقتا بولۇپ، بۇلاقتىن ئېقىپ چىققان سۇلار شېغىل تاشلىقتا ئېرىق ھاسىل قىلغان ئىدى. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ تۇراتتى. بۇ بۇلاق پۈتۈن مەھەللىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. شادىيە بۇلاققا چۆمۈچ سالدى، ئۇ بۇلاق سۈيىدىكى ئەكسىگە قاراپ، بايا نوكانىڭ قىلىقلىرىنى ئويلاپ قالدى: «تووا، ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمدە سىز، بۈگۈن پۇرسەت بولدى ئىچىمدىكىنى دەۋالاي دەيدا، مەستمۇ، ساقمۇ؟ شۇنچە خورىكى بار نوكا ئەجەب شۈمشىيىپ قاپتا مېنىڭ ئالدىمدا. ئەجەب بىر مۇشۇ مەھەللىدىن كۆڭلۈمگە ياقىدىغان بىرەر يىگىت چىقمىدى. نوكاغۇ قارىماققا خېلى بولىدىغاندەك بالا ئىدى، لېكىن، ئىچىدە مۈڭگۈزى باردەكلا بىلىندۇ، بولۇپمۇ، ئاشۇ موزاينىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى ئادەمنى يەۋېتىدىغاندەكلا...»

ئۇ بۇلاق سۈيىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان بولۇق بۇجغۇر چاچلىرىغا قاراپ ئۇھسىنىپ قويۇپ چېلەككە تولدۇرۇپ سۇ ئالدى، سۈيىنى ئېلىپ مېڭىشىغا مەجنۇنتالغا قونۇۋالغان كاككۇك سايراپ قالدى. «سەنمۇ جۈپتۈڭنى ئىزدەپ كەپسەن-دە بىچارە قۇش! لېكىن، سېنىڭمۇ ۋىسالىڭغا يېتىمىكىڭ مۈشكۈلغۇ ئاخىر» دېگەنلەرنى خىيال قىلدى. ئۇ چېلەكنى تۈز يەرگە قويۇپ، ئەپكىشنى ئېلىپ ماڭدى. سۇنى كۆتۈرگەندە ئۇنىڭ نازۇك بەللىرى خۇددى ئېگىلىپ سۇنۇپ كېتىدىغاندەك تولغىناتتى. ئۇ شېغىل يولدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، ئالدىغا كامال «لوڭڭىدە» پەيدا بولدى:

- شادىيە، بىردەم توختاپ تۇرۇڭە.

- نېمە ئىشىڭ باتى؟

- بىردەم پاراڭلىشايلى دېگەن، دەم ئېلىڭە.

- ھازىر كۆتۈرسەم، دەم ئېلىڭە دەيسەنغۇ. دەۋەر گېپىڭنى... بولمىسا ئاپام تىللاپ كېتىدۇ، بۈگۈن مەلىنىڭ بالىلىرىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇۋاقلارغا سۇ كىرىپ كەتتىمۇ، پېتىراپلا قاپسىلەرغۇ؟

- نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا يۈرىسىزغۇ-تاڭ. بىلىپ باقماسىز مانداق، توختاڭە، پېتىراپ قالغانىڭ سەۋەبىنى دەپ بېرەي...

- ۋىيەي، بىلگىدەك نېمەڭلەر بار سىلەرنىڭ، - شۇنداق دېگىنى بىلەن قىزنىڭ يۈزى ئوت بولۇپ ياندى، لەۋلىرى تىترىدى. يىگىت ئىشتىنىنىڭ قىرىنى بۇزماي يۈرىدىغان، مەھەللىنىڭ «پىچەت» يىگىتلىرىدىن ئىدى. شادىيە ئۇنىڭغا چاندۇرماي گەپنى پوك-پوك قىلغىنى بىلەن، ھايال ئۆتمەيلا ھالرەڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ، بايىقى بىمالاللىقى نەلەرگىدۇر كەتتى.

- بىردەم دەم ئېلىڭە ھېرىپ قالسىز، - كامال ئۇنىڭ ئەپكىشىدىن تۇتتى.

- ۋىيەي، نېمانداق قىلسەن كامال؟ كېچىكىپ قالسام ئاپام تىللايدۇ جۇمۇ، سەن ھۆددىسىدىن چىقالمايسەن.

- نېمە دەپ چىقالمىغۇدەكمەن، سىزلا ھە دېسىڭىز، ھەرقانداق ئىشقا تەۋەككۈل قىلىۋېرىمەن.

- ئەجەب يۈرىكىڭ چوڭغۇ سېنىڭ.

- سىزنى دەپ يۈرەك مۇشۇنداق يوغىناپ كېتىپ بارىدىغۇ.

شادىيەنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى، ئۇ ۋۇجۇدىغا يامراۋاتقان تىترەكنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى.

- شادىيە بۈگۈن بىر قېتىم گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ، بىر قېتىم، - كامال يالۋۇرۇپ بىگىز قولىنى چىقاردى. ئەمما، شادىيە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا يۇمشاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالدىغا قاراپ نازۇك، ئەۋرىشىم بەللىرىنى تولغاپ مېڭىۋەردى. كامال بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ بېقىپ نوكانىڭ بايىقى قىلىقلىرى ئېسىگە كەلدى-دە، قەتئىي بىر قارارغا كەلدى. ئۇ يوغان-يوغان چامداپ، ئۇششاق دەسسەپ يورغىلاپ كېتىۋاتقان شادىيەگە يېقىنلىشىپ، قولىدىكى مەجنۇنتال نوتىسىنى ئۇنىڭ چېلىكىگە چېلىۋەتتى. بۇ مەھەللىدە مۇشۇنداق ئادەت بار ئىدى. يىگىتلەر ئاشىق قىزلىرى گېپىگە ئۇنىمىسا چېلەككە تۇپا چېچىپ ياكى قولىنى تىقىۋېتىپ، ئۇنى قايتا بۇلاق بېشىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلاتتى. ئەگەر قىزلارنىڭ كۆڭلى بولسا ئانچە ئاچچىقلانماي، چېلەكتىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپ، دومسىيىپ بۇلاقتىن سۇنى ئېلىپ قايتاتتى. بۇ جەريانغىمۇ خېلى ۋاقىت كېتىدىغان بولغاچقا، يىگىتلەر خېلى گەپلىرىنى قىلىۋالاتتى. مۇشۇنداق ئىككى-ئۈچ قېتىمدىلا قىز-يىگىت مۇھەببەتلىشىپ قالاتتى.

شادىيە كامالغا قارىدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئىتتىك ئەپقاچتى.

- نېمە قىلغىنىڭ بۇ، نېمانداق قىلسەن...

ئۇ چېلەكتىكى سۇنى تۆكتى. كامال شادىيەنى ئۆزىنى تىللايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. چۈنكى، شادىيە بىرەر يىگىتكىمۇ سىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


بەرمەي كېلىۋاتقان ئىدى. ئەمما، شادىيەنىڭ بۇ پوزىتسىيەسىنى كۆرۈپ ئازراق ئۈمىدلىنىپ ئىچىدە خۇش بولدى. ئۇلار بىللە بۇلاققا ماڭدى.

شادىيە كامالنىڭ ئەدەپلىك، ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى، قىزلار-نىڭ ئۇنىڭغا يوشۇرۇن كۆز تاشلاپ يۈرگەنلىكىنمۇ بىلەتتى. ئۆزد-مۇ بەزىدە ئۇنى خىيال قىلىپ قالاتتى. كامالنىڭ ئاتا-ئانىسمۇ يۈز-ئابرۇيلۇق، ياخشى ئادەملەر ئىدى. شادىيە سۇغا كېتىۋېتىپ «ئۇ-نمۇ، بۇنمۇ قوپاللىق قىلىپ كەتكۈزۈۋەرسەم، ئەتە-ئۆگۈن «تاللاپ-تاللاپ تازىغا ئۇچراپ» قالماي يەنە... شۇڭا، «كاۋابمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» بىر ئۇسۇل قوللىناي» دېگەن-لەرنى ئويلىدى.

— ئۆزۈڭ بولدى، شادىيە، سىزگە گەپ قىلالماي يۈرگىلى، مە-ھەللىدە نوكا «شادىيەنى مەن ئالىمەن، ھېچكىم يېقىن كەلمىسۇن» دەپ گەپ تارقاتتى. ئەمما، بۈگۈن قارىسام سىز ئۇنىڭ بىلەن يۈر-مەيسىز، ئۇ گۈي كوچا-كويدا، سورۇندا «شادىيە مېنىڭ» دەپ سىزنىڭ شەنىڭىزگە داغ تەگكۈزۈپ يۈرىدۇ.

— ئۇ بىرنىمىگە كىم قاراپتۇ؟ ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىپ يۈرۈ-ۋېتىپتۇ-دە، ئاكاملار ئاڭلاپ قالسا خامىرىنى ئېزىۋېتەر.

— ئۇنىڭدىن باغۇ قاراڭ ئىككىمىز يۈرۈپلىۋالايلى!

شادىيە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل، يېقىملىق ئاۋازى جىلغىنى بىر ئالدى. ئۇ كۈلۈپ بولۇپ، قولى بىلەن ئاغزىنى توساپ ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ ئەتراپتا كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى تىنغاند-دىن كېيىن:

— «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» كەن-دە، كامال؟ نوكانى يامان دەپ مېنى ئېچىتىپ، ئۆزۈڭگە يول ئاچماقچىما؟

— ئۇنداق ئەمەسوي، سىزگىغۇ گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدۇ. قانداق دەيسىز، ماڭا جاۋاب بېرىڭ!

— نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

— يۈرەمسىز؟

شادىيە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ يۈزىنى بۇرىۋالدى. كامال ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئەپكەشنىڭ بېغىشنى تۇتتى.

— نېمانچە ئالدىرايسەن؟

— ئالدىرىمىساق بولمايدۇ، قېرىپ كەتتۇق.

شادىيە يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى. ئاندىن:

— مېنىڭ ئالدىمدا ئاكىلىرىم با، ئۇلار مېنىڭ «ئۇيكىتا» (ئوب-يېكت دېگىنى ئىدى، يەنى، مۇھەببەتلەشكەنلەر بىر-بىرىنى شۇنداق ئاتايدۇ) تۇتقىنمنى بىلسە، پاچىقمنى چاقىدۇ جۇمۇ، شۇڭا، سىنىڭ ماڭا كۆڭلۈڭ بولسا، ئىككى يىلدىن كېيىن كەل. شۇ چاغدا يۈرەيلى، ئاڭغىچە ئاكاملارمۇ ئۆيلىنىپ بولا!

— راستما، شادىيە، ماندافچە ئېيتقاندا، ماڭا رازىلىق بەرگىنىڭىز-غۇ بۇ-ھە؟ ئەمما، ئىككى يىلغىچە ساقال مەيدىگە چۈشەر...

شادىيە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ساقلا، ساقلساڭ ئېرىشسەن.

— راستمۇ؟

كامال شادىيەنىڭ يۇملاق مۇرىلىرىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قارات-تى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى تېزلىشىپ، لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى ھايا-جاندىن پارقىراپ كەتتى. «جېنىم شادىيە» ئۇ شادىيەنى ئۆزىگە تارتىپ چىڭ قۇچاقلىدى، شادىيەنىڭ مۈرىسىدىكى ئەپكەش چۈشۈپ، سۇ تۆكۈلدى. جرا ئىچىدە ئىنسۇ-جىنمۇ يوق، پەقەت بۇلاقتىن ئېقىپ چىققان سۇنىڭ شىلدىرلاشلىرىلا ئاڭلىناتتى. كامال ئەسەبىيلىك بىلەن قىزنىڭ ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىسىدەك تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىدىن ئۆپەتتى، ئۇنىڭ لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقان نازۇك بەدىنىنى سۇندۇرۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە چىڭ قۇچاقلايتتى. شادىيە ۋۇجۇدىغا تارقىغان كۈچلۈك توك ئېقىمىدەك سېزىمدىن ھوشسىزلاندى. ئۇ ئەزەلدىن ئۇنداق سەزگۈنى ھېس قىلىپ باقمى-غان، ئەزەلدىن بىرەر ئەركەك قۇچاقلاپ باقمىغان. ئەركەك تۈكى تەگمىگەن بۇ سەبىي، پاك قىز ھوشىدىن كېتىپ كامالنىڭ قۇچىقىغا «لاسسىدە» ئۆزىنى تاشلىدى. كامال ئۇنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى يوق ئۇنى سۆيەتتى، خۇشبۇي ھىدلىق چاچلىرىنى پۇرايتتى. ئىككىسى ياشلىقنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتلىرى قاينىمىغا چۆكۈپ غەرق بولغان ئىدى.

— شادىيە، جېنىم شادىيەم، گۈزىلىم...

شادىيە ئۆزىگە كەلگەندەك بولۇپ، كامالنىڭ قۇچىقىدىن چە-قىشقا ئۇرۇندى، ئۇ ئاجىز ئىڭرايتتى:

— كامال مېنى قويۇۋەت، مەن بولالمىدىم، سادىغاڭ كېتەي...

— مەنمۇ شۇ جېنىم، مەن سىزنى سۆيىمەن، سىز ئۈچۈن جېنىم پىدا، سىزچۇ؟ گەپ قىلىڭە، ماڭا يۈرەك سۆزىڭىزنى ئېيتىڭە...

— قويۇۋەت، ئاندىن ئېيتىمەن، — ئۇ ئىڭرىدى.

— ياق، قويۇۋەتمەيمەن، سىز دەڭ... جېنىم بىر دەڭە...

— مەنمۇ سىنى ياخشى كۆرىمەن...

كامال شادىيەنى قويۇۋەتتى. شادىيە بۇلاق بېشىدىكى تاشقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ قاتتىق ئەمگەك قىلغاندەك، ئۆزىدە ھارغىن-لىق ھېس قىلماقتا ئىدى. يۈزىنى نازۇك قوللىرى بىلەن توسۇۋال-

غان ئىدى، خىجىل بولغىنىدىن كامالغا يۈز كۆتۈرۈپ قارىيالمايۋاتاتتى.

قىزنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كامالمۇ نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمىگەندەك تۇرۇپ قېلىپ، بۇلاق قېشىغا كېلىپ مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيۇپ بىرئاز سەگىدىدى، تاردەك تارتىلغان نېرۋىلىرى قويۇۋەتكەندەك بولدى. ئۇ بولۇق ئۆسكەن يىرىك چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، شادىيەگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى تاشنىڭ قېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

ئۇ قوللىرىنى ئىشقىلاپ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتاتتى.

— شادىيە، جېنىم، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن، مەن... ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، — ئۇ شادىيەنىڭ قوللىرىنى يۈزىدىن ئېلىپ، ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراتتى. ئۇ شادىيەنىڭ تېخىمۇ خۇمارلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، ئانار سۈيى يالىتىقان خىرۇستالدەك ھالرەڭ بولۇپ قالغان مەڭزىنى سىيلىدى.

شادىيە يانغا قارىۋالدى:

— كەچكىچە مېنى ئىزدەپ كەلسەڭ گېپىمدىن يېنىۋالىمەن. شەرت: ئىككى يىلدىن كېيىن، مانا مۇشۇ كۈندە، مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىمىز، ئارىلىقتا مېنى ئىزدەيدىغان بولساڭ، گېپىمدىن يېنىۋالىمەن، — شادىيە لەۋلىرىنى دومسايتىپ شۇنداق دېدى.

— بۇ، بۇ شەرتىڭىز ئېغىر بولۇپ كەتتىغۇ، ۋەدىلەشكەنلەر قانداقمۇ مۇنداق يىراقلىشۇن؟ مەن سىزگە قانداقمۇ چىدايمەن، جېنىم؟ سىزنىڭ مۇشۇ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىڭىزنى ئەمدى كۈندە بىر سۆيمىسەم چىدىمايمەن...

— كۆنمىسەڭ، چىدىمساڭ بوپتۇ، مەنمۇ، سەنمۇ ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى.

— ئاللاھ، ئاللاھ، بولدى، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، شۇنداق قىلايلى.

شادىيە كۈلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گۈل-چېچەكلەر تۆكۈلگەندەك بولدى. كامال سۆيگىنىگە تىكىلىپ مەپتۇنلۇق بىلەن قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن قىيالمىغان ھالدا بۇلاق بېشىدىن ئۇزاپ كەتتى. شادىيە كامالنىڭ چىڭ بېسىپ سۆيۈشىدىن ھېلىمۇ ۋىللىداپ ئېچىشىۋاتقان، قىزىرىپ مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن ئالۇچىدەك لەۋلىرىگە قولىنىڭ دۈمبىسىنى بېسىپ قويدى. ئۇ كامال كەتكەن تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراپ، پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى-دە، چېلەكگە سۇ ئېلىشقا باشلىدى.

* * *

مانا مۇشۇ ۋەدىنى بەرگىلىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالدى. كامال ۋەدىسىدە تۇرۇپ ئۇنى ئىزدىمىدى، ئەمما، شادىيە سۇغا چىقسىلا ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىغان بولۇپ قالدى. تۇنجى سۆيگۈدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن ئاشۇ دەقىقىلەرنى ئۇنتالمايتتى. قىز شۇ كۈنى كېچىسى قىزىپ ياتالمىدى، ئەتىسى، ھەتتا، ئورنىدىنمۇ تۇرالمىدى. ئۇ ھەر كۈنى چۈش كۆرەتتى، چۈشىدە كامالنى كۆرەتتى، كامال بىلەن بۇلاق بېشىدا ئۇچرىشىپ، يەنە ئاشۇ دەقىقىلەر قايتىلىناتتى.

شادىيەنىڭ ئاكىلىرىمۇ توي قىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ توي قىلىش نۆۋىتى كېلىپ قالدى. شادىيە كامالنى «مەن بىلەن كۆرۈشمەيسەن» دېگىنىگە ئەمدىلىكتە پۇشايمان قىلماقتا ئىدى. ئۇ كامالنىڭ سودا قىلىمەن، دەپ شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. شادىيەنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئۇنى ئالدىرىتىپ توي قىلىشقا قىستايتتى. ئۇنىڭ يەرگە قاراپ تۇرۇپ «يا ق» دېگەن بىر ئېغىز گېپى بىلەن كەلگەن ئەلچىلەرنى نائۈمىد قايتۇراتتى. بىر كۈنى ئاپىسى ئۇنىڭغا ئاخىرقى ئېغىز ئاچتى:

— ھېي قىزىم، مەيەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭە، — دەپ ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ مەشۇتەك يۇمشاق چاچلىرىنى سىيلىدى، — يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە باردى. كۆڭلىڭىزگە پۈككىنىڭىز بامۇ-يە، قىزىم؟ ئۇنداق بولسا دەڭ، ئارىدىكى پەردىنى قايرىۋېتىپ، قىرى جېنىمدا ئۆزۈم ئېغىز ئاچمىسام سىز ئېغىزلانمايدىغان ئوخشايسىز...

ئاپىسىنىڭ تۇيۇقسىز مۇنداق سوئالىنى سورىشى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى. توغرا، بار دەي دېسە، كامال بىلەن ئالاقىلاشمىغىلى ئىككى يىل بولدى، شادىيە ئۇنى ئۇنتۇمىغىنى بىلەن، كامالنى ئۆزگەرمىدى، يېنىمغا كېلىدۇ، دېيەلەمدۇ؟ «يوق» دەي دېسە، كامالغا يۈرىكى سوقىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ يەرگە قاراپ بىرنەرسە دېمەي تۇرۇۋالدى.

— بىزنىڭمۇ يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئاكىلىرىڭىزنىمۇ ئۆيلەپ بېشىنى باش قىلىپ بولدۇق. مەھەللىدىكى نۇرمۇھەممەت دېگەن يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى تولا بېشىمىزنى ئاغرىتىپ تۇڭ قىلىۋەتتىغۇ-تاڭ، ئوغلىغا مەھەللىدە قىز يوقتەك... نەچچە يىل بولدى مانا، ئەلچىلىرى بوسۇغىنى ئېشىپ قويماي دېدى، بىرنەرسە دېمىسەڭ خەقنىڭ يۈزىگىمۇ سەت... — ئانا ئاخىرقى گەپلىرىنى سەل-پەل قاتتىقراق ئېيتتى.

ئانا سىنچى نەزىرى بىلەن قارىدى. قىزىدىن قانداق ئىنكاس چىقىدىغانلىقىغا زەن سالدى. شادىيە نوكانىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى، ياراتمىغاندەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى. نوكا قىزنىڭ ئارقىسىغا خۇددى بۇدۇشقاقتەك يېپىشقاچقا ئۇ نوكادىن بىزار بولۇپ كەتكەن ئىدى. دېمىسىمۇ، نوكا ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرگىنى كىرگەن ئىدى، سۇغا چىقسا بۇلاق بېشىدا پەيدا بولاتتى، تا مەھەللىگە كىرگۈچە ئارقىسىدىن ماڭاتتى. مەھەللىدە نوكا «شادىيە بىلەن يۈرۈۋاتىمەن» گەپ تارقىتىۋەتكەچكە ھەم ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەچكە باشقا ئوغۇللار تەلەپ قويمىغان ئىدى. ئۇ ئىككىلىنىپ قالدى، كامال بىلەن كۆرۈشەي دېسە، قىزلىق ئار-نومۇسى قويمايتتى. ئۇ ئىزدەپ كەلمىگەچكە ئۇنى ئىزدەپ بېرىش قىز بالا ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش ئىدى. يەنە ساقلايدىغانغا ئاپىسى قويمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نوكانىڭ ئەلچىلىرى بوسۇغىنى تېشىۋېتەي دەۋاتاتتى. شادىيە نوكانى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، كۆزلىرى موزايىنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ، بىر قارىسا مۆڭدەك، بىر قارىسا سىرلىق تۇيغۇ بېرىدۇ. بوي-تۇرقى ئېگىز، رەتلىك كىيىنىپ يۈرىدۇ، ئۇ شادىيەگە ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس تەسىر بەرگەن يىگىت ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاپىسى ئۇنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ تۇراتتى. ئۇ شادىيەنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتمىگۈچە جېنى تىنىم تاپمايدىغاندەك ئىدى.

- جېنىم ئاپا، مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتمىغىنە.

- ۋىي، قىزىم، دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ، سىز مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋەرسىڭىز، بىزنىڭ بېشىمىز ئاغرىيدۇ، قېرىغىنىمىزدا بىزنى ئاغرىتىپ ئۆلتۈرەي دەمسىز؟ يېشىڭىز قانچىگە كىردى، 20 گە، مەنچۇ سىزدەك چاغدا 3-ئاكىڭىزغا ئېغىر ئاياغتىم، ئوقۇغان بولسىڭىزغۇ، ئەلگە ئوقۇۋاتىدۇ دېسەك، ئوقۇماي ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسىڭىز، «بوداپ يەمدىكەن نازاكەتخان قىزىنى» دەپتەك خەق. كونىلارنىڭ «قىز بالا ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە ياخشى» دېگەن گېپى بار...

- مۇشۇ خەقنىڭ ئاغزىزە، بىرنېمە تىقىپ قويسا.

- ئامال يوق، ئەرگە تەگسىڭىز بېسىقىدۇ ئاغزى.

- مەن ئويلىنىپ باقاي، ئاپا، خويمۇ دەپ كەتتىڭ، ئەرگە تەگمىسەم قوغلاپ چىقىرامسىلەر نېمە مېنى.

شادىيە يېقىن قوشنىسى ماھىرەنى ئىزدەپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كامالنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ بېقىشنى ئۆتۈندى. ماھىرە ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ ماقۇل بولدى. ئۇ ئەتىسى كامالنىڭ سىڭلىسى نەفىسەدىن كامال ھەققىدە خەۋەر ئالدى. كامال شەھەردە سودا قىلىۋېتىپتۇ، يېقىندا قازاقىستانغا چىقىپ كېتىپتۇ.

شادىيە بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىپ قالدى. «قانداق قىلارمەن، ئۇ چەت ئەللەردە يۈرۈپ ۋەدىلەشكىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ-يە؟ مەندەك سەرالىقنى ئۇنتۇپ قالغان بولماي، ئوغۇللار سۆيۈق كېلىدۇ، قازاقىستاننىڭ قىزلىرىنى تېپىۋالمىغاندۇ؟» ئۇنىڭ خىياللىرى گىچىماچىلىشىپ تۇرغاندا، «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك» ماھىرە يەنە بىر گەپ كۆتۈرۈپ كەلدى: نەفىسە ئاكامغا شەھەردە بانكىدا ئىشلەيدىغان قەمەر ئىسىملىك بىرسىگە كىچىك چايغا كىرىدىغان بولدۇق، دەپتەك. بۇ گەپنى ئاڭلاپ شادىيەنىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئەپكىشىنىڭ زەنجىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ تۇرغان تۇرقىنى، ئۇنى تۇتۇۋېلىپ باغرىغا باسقان ئاشۇ دەقىقىلەرنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، خۇددى پاكلىقىغا داغ تەگكۈزگەن، تونجى بولۇپ ئەركەك زاتى يولىمىغان لەۋلىرىگە سۆيگەن كامالنىڭ ئۆزىگە ئېغىر ئاھانەت قىلغانلىقىغا يۈرەكلىرى زەردابقا تولدى. نەچچە يىلدىن بېرى، ئۇ بەرگەن ۋەدىسى ئۈچۈن ئۇنى ساقلاپتۇ-يۇ، كامال بولسا ئۆزىنىڭ ئويۇن-تاماشىسى بىلەن يۈرۈپتۇ. «ئىسىت، مۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاچىتىغا نەچچىنى سېلىپ يولغا سالاتتىمكەن.» ئۇ ئىلگىرى مەستخۇش بولۇپ سىيلاپ قويىدىغان لەۋلىرىنى، مۇزدەك سۇدا قايتا-قايتا يۇيدى، خۇددى يۇيسا قايتىدىن پاكلىنىدىغاندەك تۇيغۇلاردا بولاتتى. يۇيۇۋاتقان مۇزدەك سۇغا كۆز ياشلىرى قېتىلىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نەق ئۈچ كۈن ئاش-تاماق يېمەي ياتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ھالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەخمەق قىلغان پەلەككە، ۋىجدانسىز كىشىلەرگە جەڭ ئېلان قىلماقچى بولغاندەك ئاپىسىغا: «نوكاغا رازىلىق بېرىڭلار» دېدى.

* * *

نوكانىڭ ئارزۇ-ئارمىنى چاراقلاپ ئېچىلغان گۈلدەك ئېچىلدى. نوكانىڭ يوغان كالا كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كەتتى، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قالدى. تويىدا 30 ئوغۇلغا ئاجايىپ كەڭرى داستىخان سالدى، ھاراق-شارابنى مەردلىك بىلەن تارتتى. ئۇنىڭ توي مەشرىپىدە يېزا ياشلىرى قانغۇچە ھاراق ئىچىپ، مەھەللىنى بېشىغا كىيدى. ئەمما، نوكا ئۆزى شۇ كۈنى ھاراق ئىچمەدى. ئۇ ھاراق ئىچمىسىمۇ بۆرتۈمشالنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە ياپراقتا چۈشكەن شەبنەم تامچىلىرىدەك ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرغان قىزغا قاراپلا مەست بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ «شادىيەنى

ئالمىسام نوكا دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن» دەپ پو ئاتقان ئىكەن. شۇڭا، مەھەللىدىكى بالىلار شادىيەگە تەلەپ قويالمىغان ئىكەن. توي مەشرىپى ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس، ئاخىرى قولداشلار تويىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلغاندىلا، ئاندىن بىردىن-ئىككىدىن بولۇشۇپ قايتىشتى. يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن شادىيەنى يەڭگىلەر ھۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى.

نوكا شادىيەنى ئالغاندىن كېيىن، مەھەللىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنى ئېلىۋالغانلىقىدىن ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ يۈردى، سورۇنلاردا گەۋدىسىنى كېرىپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا شادىيەنىڭ ئايىقى ياراشتىمۇ قانداق، توي قىلغاندىن كېيىن يېزىنىڭ مالىيە پونكىتىغا ئىشقا چۈشتى. بىرەر يىلدىن كېيىن رەسمىيلىشىپ مائاشىمۇ ئۆستى، ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. نوكالارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ئەزەلدىن ياخشى ئىدى. شادىيە گەرچە ئىقتىسادنىڭ قىيىنچىلىقىنى تارتىپ باقمىسىمۇ، ئەمما، پۈتۈن ئۆي ئۇنىڭ بىلەن چۆرگىلەيتتى. ئۇ «چېچىنى سۈپۈرگە، بىلىكىنى كۆسەي قىلىپ» تۇرمۇشنى تۇتۇپ ماڭدى. ھەش-پەش دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتتى، ئۇلار بىر ئوغۇللۇق بولدى. شادىيە ئوغلىنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىغا مەپتۇن بولۇپ، نوكانى ئۇنتۇپ دېگۈدەك ياشىدى. ئۇ خۇددى مەخانىك ئادەمدەك ئىش قىلاتتى. سەھەر تۇرۇپ تاھارەت ئالاتتى، نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، يېتىپ قالغان قېيناپىسىنىڭ قېشىغا سالامغا كىرەتتى. موماينىڭ يۈزلىرىنى يۇيۇپ، ئۇسسۇزلۇق ئىچكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، لىگەنگە كۆمۈر سېلىپ چاي قويۇپ قوياتتى. ئاندىن ئۇزۇن چىغ سۈپۈرگە بىلەن چوڭ قورۇنى سېرىپ سۈپۈرەتتى، ئاندىن ناشتىلىق تەييارلايتتى. بەزىدە بەرەڭگە بىلەن قورۇما قورۇپ، قويۇق قايماق سېلىپ، ئەتكەنچاي ئېتىپ، لازا پەمدۇر بىلەن خامسەي قىلىپ، مېغىز، مۇراببالار بىلەن ئېرىگە ناشتىلىق تەييارلاپ بېرەتتى. ئاخشىمى ئۇچارمەن ئاغىنىلىرى بىلەن بەزمەباراۋەتتە ئولتۇرغان نۇرمۇھەممەت ( باللىق بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كىشىلەر نوكا دېمەيدىغان بولغان ئىدى) ۋاققىچە ئۇخلاپ، ئۈيقۇسى قانغاندا قوپاتتى. شادىيە بولسا ئۇنى ئويغىتالمايتتى، ئويغىتىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ قوپقىچە بالىسىنى يېشىپ، ئېمىتىپ، ئويىنىتىپ، يەنە قايتا بۆلەپ قوياتتى. بالا بۆشۈكتە گۇگراپ يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. ئازراق ۋاقتى بولسىلا، باغدىكى ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كۆكتاتلىقتا كۆكتاتلىرىنى ئوتاپ، ئالمىچە ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىلا نۇرمۇھەممەت ئورنىدىن تۇرۇپ، چۆگۈندە تەييارلاپ قويۇلغان سۇدا يۈزىنى يۇياتتى، چاچلىرىنى تاراپ، داستىخان سېلىپ ئۈستى يېپىپ قويۇلغان شىرەگە كېلىپ باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، يۆتىلىپ قوياتتى. شادىيە ئۇنىڭ تۇرغانلىقىنى بەلگە-يۆتەلدىن ئاڭلاپ، ئالدىراش باغدىن چىقاتتى. ئۇ ئوت-چۆپ يۇلۇپ كۆكىرىپ كەتكەن قوللىرىدىكى ئوتنىغۇچنى باغ ئىشىكىنىڭ قېشىغا قويۇپ، كونىراپ ئۆڭۈپ كىيگۈچىلىكى قالمىغان كىيىملىرىنى قېقىپ، سىڭارىيان بولۇپ قالغان ياغلىقىنى ئوڭشاپ تېڭىپ، ئەسكى چۈخەينىڭ سوڭىنى دەسسەپ، لىڭزا بېشىدىكى ئۈستىنى كورا ئاغزى بىلەن يېپىپ قويۇلغان بىر تەخسە قورۇمىنى شىرەگە ئەكېلەتتى. چاينى قايتا ئېتىپ (نۇرمۇھەممەت كورىدىكى سوۋۇپ قالغان چاينى ئىچمەيتتى) ئەكېلەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

– بالىچۇ، – نۇرمۇھەممەت قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى شادىيەگە سوغۇق تىكتى.

– ئۇخلاۋاتىدۇ.

– بۈگۈن ئاپامنىڭ مىجەزى يوقمۇ نېمە؟

– ئەتىگەندە چاينى ئوبدان ئىچكەنغۇ...

– مىجەزىم يوق دەيدۇغۇ.

– دەپ قويغاندۇ؟ يېنىمدا ئۇزۇنراق ئولتۇرسۇن دەپ، سىزمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز، داۋۇتنىڭ بوتكىسى سىلەرگە بوپ بېرىدىغۇ!

– گەپنى ئاز قىلىپ چاينى ئەكېلە، ئالدىراشمەن، نەدىكى...

– نېمىگە ئالدىراشسىز، كېچە مەست كەلدىڭىز، تۇرۇشىڭىز مانا ئەمدى، ئۆي-ۋاقنىڭ، بالا-چاقا، ئانا ھەممىنىڭ ئىشلىرىنى مەنلا قىلىۋاتىمەن، يەنە سىز نېمىگە ئالدىراش...

– قوسۇقۇڭ ئاچ قالدىمۇ، – ئۇ شادىيەگە يوغان كالا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شادىيە ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ چاي ئەتمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ ئالايغانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى.

– ھەي، گەپنى ئاز قىلىپ ئاۋۇ يۇندىڭنى ئېلىپ كېلە، بىكار ئىچمەي چىقىپ كېتىمەن...

– ھە، مانا! – شادىيەگە بۇنچىلىك تىللار تەسىر قىلمايتتى.

– بىر چىنە چاينىمۇ كۆڭۈل تىنچ ئىچكىلى قويمايسەن-ھە؟

– سىزنىڭچۇ تالادا كۆڭلىڭىز تىنچ تۇرىدۇ، شۇڭا، سىز تالادىلا يۈرىسىز، ئۆي بولسا ئاتىسىز، ئەرسىز چۆلدەرەپ، ئۆيمۇ گورمۇ بۇ...

– مۇشۇنداق كوتۇلدىساڭ كىم كىرىدۇ بۇ گورغا...

– مەن بولمىسامۇ ئاپىڭىز بار، بالىڭىز بار، نىغمەتمۇ چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا دادا دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ ئۆگىتىۋاتىسىزغۇ-تاڭ، مېنىمۇ تەگكەنگە تويغۇزدىڭىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



– ئەمسە تەگسەڭ بوممامدۇ تويمايدىغانلىرىڭغا!

– بوسوغامنى ئېشۇەتتىڭ، مېنى ئالمسام خوتۇن ئالمايمەن دەپ مېنىڭ ئالدىمغا تاقاق سېلىپ ئېتىپ...

– باشقىلارغا تەگسەڭ بولمامدۇ، ھېلىمۇ ھەم كىچىكمەيسەن...

– ...

نۇرمۇھەممەت چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچتى، قورۇمىغا چوكمۇ سالماي، بىر بۇردا نانمۇ يېمەي چىقىپ كەتتى. شادىيە چوكمۇ سېلىنمىغان، ئاتايىن ئېرى ئۈچۈن قورۇلغان قورۇمىغا قاراپ، كۆزلىرىگە «مۆللىدە» ياش ئالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق قاقشاپ يۈرۈپ، يەنە بىر قىزلىق بولدى، ئۇنىمۇ يەنە شۇنداق تەرىقىدە ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلدى.

نۇرمۇھەممەت شۇ بىر خىلدا يۈرۈۋەردى، ئۆيگە ئايىقىنىڭ بېشى كىرسە، كەينى چىقىپ بولاتتى. ئۇلارنىڭ قىزى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئىشلىرى ئېقىپ، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى ياخشىلىنىپ كەتتى. نۇرمۇھەممەت بەزىدە خۇشى تۇتۇپ قالغانلىرىدا قىزىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، «ئايىقى ياراشقان قىزىم» دەپ كېتەتتى. ئاپاڭنىڭمۇ ئايىقى ياراشقان، دەپ شادىيەگە قاراپ قوياتتى. شادىيە بولسا ئىچىدە «ئايىقىم ياراشقاچقا نوكا دىن نۇرمۇھەممەت زەنجاڭ بولغانسەن» دەپ كوتۇلدايتتى.

نۇرمۇھەممەت مەھەللىدە ھېچكىم سالمىغاندا تەڭتۇشلىرىنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ داچا سالدى، شادىيەمۇ ئۆينى قىپقىزىل قىلىپ ياسىدى. دوست-يارەنلىرىمۇ ئۇلارغا ھەۋەسلەندى.

قېينانىسى ماڭالمىغنى بىلەن گەپنى ئاقبالداقتەك سالاتتى. ئىشتىپى ساز ئىدى. بۇ ئايىقى ياراشقان كېلىن مومايغىمۇ تازا ياخشى خىزمەتكار بولغان ئىدى. ئەرمۇ شادىيەنى ئائىلىدە ئانچە ئاياپ كەتمىگەچكە، كېلىننى يېتىپ سىزىقىغا سالاتتى. بۇ يەردە قېينانىلار كېلىنلىرىنى ئۆزبېكلەردەك باشقۇراتتى، قېينانىلارنىڭ دېگىنى بويىچە غىڭ قىلماي، بېشنى سىلىپ ئىشلىشى كېرەك. بىرەر ئىشتا «ئاق ياكى كۆك» دېيىشكىمۇ رۇخسەت يوق. پەقەت بىر-ئىككى بالىغا ئاپا بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىققاندىلا ئاندىن كېلىنلەر يېنىك نەپەس ئالالايدۇ. بولمىسا تاماقنى ئۆيدىكىلەرگە تەييار قىلىپ بېرىپ ئۆزى «مانتا ئوچاق»نىڭ تۆۋىدە ياكى شىرەنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ ئەتكەنچايغا ئاقاننى تۇگۈرۈپ ئىچىدۇ. ئەگەر كېلىن بولۇمسىزراق چىقىپ قالسىغۇ بولدى، «ئېشەك بېشى تۇتمىغان» دەپ خېلى ۋاقىتلارغىچە «تەربىيەلىنىدۇ». تا ئۇ ئۆينى پاكىز تۇتۇپ، بارنى قامالاشتۇرۇپ، يوقنى تېپىپ، ئۆينىڭ كەم-كۈتىسىنى چاندۇرماي، ئېرىنى سالپايتماي، باللىرىنى پاكىز، چېچەن تەربىيەلىگىنىدە ئاندىن بۇ كېلىننىڭ ئورنى، ئابرۇيى بولىدۇ. ئائىلىدە ئەركە چوڭ بولغان قىزلار نەزىرى ئۈستۈن، تەلەپچان قېينىئانىلارغا ئۇچراپ قالسا، كۈنى تەس، قېينانىلىرىنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز گەپنى ئۇشۇق ياكى كەم سالالمايدۇ، قېينانىسى قاتتىق گەپ قىلمىسىمۇ ئەمما گەپ-سۆزلەردە ئۇنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت چېچەن بولۇپ، ئائىلە باشقۇرۇشنى، ئۆي ئىشى قىلىشنى، ئىقتىساد باشقۇرۇشنى، ئەرنى ئەردەك تۇتۇشنى ناھايىتى تېز ئۆگىنىشى كېرەك.

شادىيە بۇ ئۆيگە كىرگەندىلا موماي ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن، تۇرالغان بولسا شادىيەنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار ئىدى. گەرچە موماي يېتىپ قالغان بولسىمۇ، باشقا يەرلىرى ساق، كاللىسى «جىرىڭ-جىرىڭ» ئىدى. ئاغزىدا ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. شادىيەنى يېتىپ تۇرۇپ خىزمىتىگە سالاتتى. ئۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى خار قىلماي، كېلىنگە ئۆزىنى پاكىز باققۇزۇپ كېتىپ باراتتى. شادىيەنىڭ بەزىدە قورسىقى كۆپەتتى، ئۇنىڭ باشقا قىز-ئوغۇللىرىمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئۆچرەت بىلەن قارىسىمۇ بولاتتى. ئەمما، موماي مۇشۇ ئۆيدىن ئايرىلمايتتى. شادىيە دائىم بوزەك بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولاتتى. نۇرمۇھەممەت ئۇنىڭغا «جاپا تارتىۋاتىسەن خوتۇن، رەھمەت ساڭا، سەن بولمىغان بولساڭ...» دەپ قويغان بولسىمۇ، تارتقان جاپالىرى كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى، يەنە داۋاملاشتۇرۇپ قىلىۋېرەتتى. بىراق، نۇرمۇھەممەت مۇشۇنچىلىك گەپنىمۇ دېمەيتتى. موماي نۇرمۇھەممەتنىڭ ئەگەر دەسسەشلىرىنى توسالمايتتى، ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمەيتتى، ھېچقانداق ئىشتا ئوغلىغا ئۇدۇل گەپ قىلمايتتى، پەردەشەپ يوقاپ كەتمىسۇن، دەيتتى. ئەھۋال سورىغىلى كىرسە، بالىسىنىڭ باش-كۆزلىرىنى سىلاپ كېتەتتى. موماي شادىيەنى بېسىش ئارقىلىق، نۇرمۇھەممەتنىڭ ئىشى بىلەن شادىيەنىڭ بۇ ئۆيدىن يۈز ئۆرۈپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. يىللار شادىيەنىڭ ياخشى كېلىنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ مومايغا ئۆز ئاپىسىدەك كۆيۈنەتتى، ئۇنىڭ بۇ كۆڭلىنى ئۆزىنىڭ ئەتىسى دەپ بىلەتتى. شۇڭا، شۇنچە يىرگەنسىمۇ چاندۇرماي مومايىنىڭ پوق-سۈيدۈكىنى توكەتتى، ئاستىنى قۇرۇتقاپ، يۇياتتى. كېيىملىرىگە خۇش ئەنبەر، ئەتىرلەرنى سېپىپ قوياتتى. ئۇ مومايىنى پۇراقچىلىقتا قويماسلىق ئۈچۈن قولى سۇدىن چىقمايتتى. توي قىلغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ كۈنلىرى مۇشۇ ئىسكەتتە ئۆتتى. شادىيە تۇرمۇشتىن خوش بولغىنىنىمۇ، خاپا بولغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. ئېرى بىلەن بىللە بولىدىغان، ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان كەچلەردىمۇ ھۇزۇرلىنىپ باقىقىنى بىلمەيتتى.

نۇرمۇھەممەتنىڭ قوپال مۇئامىلىسى توي قىلغاندىن كېيىن ( بۇرۇن-
مىغۇ ئۇنى پەقەتلا ياخشى كۆرۈپ باقمىغان) ئۇنىڭدا ھېچقانداق
مۇھەببەت ئويغىتالمىدى. نۇرمۇھەممەت خۇددى شادىيەنىڭ قىز
چاغلىرىدا ئۇنىماي ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا مازاققا قويغانلىق-
دىن ئۆچ ئېلىۋاتقاندەك، شادىيەگە مۇھەببەتنى، ئەرلىك ئىللىقلىقنى
ھېس قىلدۇرمىدى. بالىلىق بولغاندىن كېيىن بولسا، ئۆيىنىڭ يۈكى
تېخىمۇ ئېغىرلىدى، شادىيە پەقەت ئۇنىڭ بالىنىڭ دادىسى ئىكەنلى-
كىنىلا ھېس قىلالىدى-يۇ، ئۇنىڭ بالىلىرىغا دادىلىق مېھرىنى بەر-
گىنىنى بىلەلمىدى.

ھايات خۇددى ئېقىن سۇغا ئوخشايدىكەن، شادىيەنىڭ ھاياتى
ئېقىن سۇدەك ئۆتتۈۋەردى. شادىيەمۇ بىلىپ-بىلمەي مۇشۇ ئەر
بىلەن مۇشۇنداقلا ئۆتىدىغىنىغا چىن پۈتتى. شۇڭا، ئۇ ئىككى بالى-
سى ۋە مومايغا بارلىقىنى بەردى، بېشىنى كۆتۈرمەي ئىش قىلىش
ئارقىلىق ئۆزىنى نېمىدىندۇر ئېلىپ قاچاتتى. ئۆزىنىڭ روھىدىكى
كەمتۈكلۈككە بالىلىرىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ئارقىلىق مەلھەم تاپ-
ماقچى بولاتتى. ئەمما، كەم نەرسە زادى نېمە؟ مۇھەببەتمۇ؟ مۇ-
ھەببەت بولمىسا ئىككى بالا نەدىن پەيدا بولدى. مۇھەببەت بولمى-
سا ئاۋۇ زىيابەتتەك ئاجرىشىپ كەتسىلا بولىدۇغۇ، ئىككى بالا بول-
غۇچە ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوقتىغۇ. ئۇ ئېرىدىن نېمىنى كۈتۈۋاتىدى-
غاندۇ، ئۇنىڭ كۈتىدىغىنى قايناق مۇھەببەتمۇ؟ ئەمما، ئۇ ئۇنداق
ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇ خىيالنى ئېرىنىڭ بىلىپ قېلىپ،
ئۇنى ئۇرۇشىدىن، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىشىدىن قورقاتتى. ئۇ مۇ-
لايىملىقىدىن بارا-بارا ئايرىلىپ، گېپى تولا، ئەرلەرنىڭ گېپى بويى-
چە «كوت-كوت» ئايالغا، ئۆزىگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان خوتۇنغا
ئايلانماقتا ئىدى. ئىلگىرى نۇرمۇھەممەت ئۇنىڭ بىلەن ھەپتىدە
بىر قېتىم بىللە بولغان بولسا ھازىر، ئايلاپ-ئايلاپ كارى يوق
ئىدى. نۇرمۇھەممەت ئۇنىڭغا نەزەر سالمىغاندىن كېيىن، شادىيەمۇ
بولۇشىغىلا خوتۇن بولدى. ئۆيىنىڭ، بالىلارنىڭ، مومايىنىڭ ھالىدىن
خەۋەر ئېلىش ئۇنى مۇشۇنداق قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ چېچىنى
تۈرۈپ، ياغلىقنى چىڭ چېكىلەپ تېڭىپ، كەرەشنۇۋاي كۆينىكىنىڭ
ئۈستىگە قارا پىنچىكىنى كىيىپلا ھەپتە ئالماشتۇرماي يۈرۈۋېرەتتى،
قىز ۋاقتلىرىدىكى يۇمران ئاپئاق تېرىسى ئالتاي ياز مايمۇ سۈرۈل-
مىگەچكە قېلىنلاپ، قارىداپ، قورۇقلار چۈشۈشكە باشلىدى. ئالۇ-
چىدەكلا نەمخۇش، قىزىرىپ تۇرىدىغان سىلىق لەۋلىرىمۇ قۇرۇ-
شۇپ، گەز باغلاپ ئۇششاق يول-يول قورۇقلارغا يول ئاچتى. ئۇ
بۇلارنى يىللارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن سوۋغىسى، مۇشۇنداق بولىدۇ،
دەپ قارايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئىشىنى تۈگەتسە كاڭدا پۇت
-قولىنى سوزۇپ بىردەم يېتىۋالسىلا بۇ دۇنيادىكى بارلىق بەخت-
سائادىتى ئىدى. بىچارە شادىيە نىكاھلىق تۇرمۇشنى مۇشۇنداق
چۈشەنگەن، ئەرگە خوتۇن بولۇش، ئازابلىق بولسىمۇ مەجبۇرىيىتى-
نى ئادا قىلىش، ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ تا يەتتە خۇپتەنگىچە
پالاقلاپ ئۆي ئىشى قىلىش، بالا تۇغۇش، تەربىيەلەش، ئۈچ ۋاق
تاماقنى ئېتىش، كىيىم-كېچەكنى يۇيۇش، ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا
ئاپىرىش، قېينانىسىغا كىرىپ كۆتۈرۈپ قارىماي بېقىش دەپلا چۈ-
شەندى. دېمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نە ئەر-ئايالنىڭ مۇھەب-
بەتلىك مۇڭدىشىشلىرى، يۈرەكلەر بىر-بىرىگە قانمىغان ھالدا بېقى-
شىشلار يوق ئىدى. ئۇ نە زامانلاردىدۇر، كامال قۇچاقلاپ سۆيدى-
گەندە قالغان تاتلىق سېزىمنى قايتا-قايتا ئويلايتتى. نېمە ئۈچۈن-
كى، بۇ خىيال ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلايتتى، ھازىرقى جاپالىرىنى
بىرئاز بولسىمۇ ئۇنتۇلدۇرغاندەك قىلاتتى. ئەركەك تۈكى تېگىپ
باقمىغان پاك تەن شۇ چاغدا ياپراقتەك تىترىگەن ئىدى. ھازىر ئۇ-
نىڭدا ئۇنداق تاتلىق، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان ئەر يوق. ئۇ
مۇھەببەتسىز تۇرمۇشتىن خۇددى  قاغجىراپ، يېرىلىپ چاك-چاك
بولۇپ كەتكەن ئېتىزدەك ناھايىتى  ھېسسىياتسىز، گېپى جىق، بىر
گەپنى باشلىۋالسا ئۆزىنى توختىتالماي سۆزلەپ كېتىدىغان، ئەرلەر-
نىڭ مودا گېپى بويىچە « ۋاتىلداق، ھازازۇل، كوت-كوت» ئايالغا
ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئەرلەر گېپى جىق ئاياللارنى مۇشۇ بىر
ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۇجۇقتۇرالايتتى. قىلىپ-قىلىپ ياخشى بولالمى-
غان، ئەجرىگە تۇشلۇق «ۋاي»غا، ئېرىنىڭ ئامراقلىقىغا ئېرىشەلمى-
گەن، بىچارە، «ئىش ھەققى » ئەڭ تۆۋەن ئاياللارنىڭ ئەڭ ئاخى-
رىدا ئېرىشىدىغىنى ئەنە شۇ «ئۇنىۋان»لار. بۇ «ئۇنىۋان»لار
ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىكى ئازغىنە ھېسسىياتلارنى چاك-چېكىدىن ئاج-
رىتىپ، سۆكۈپ چىقىرىۋېتىدۇ. شادىيەمۇ ئۆزىنىڭ بىر نازۇك تەبى-
ئەتلىك قىزدىن قانداق بولۇپ، مۇشۇنداق جىق گەپ قىلىدىغان ئا-
يالغا، ئاخىرىدا «كوت-كوت» دېگەن «ئۇنىۋان» غا ئىگە بولۇپ
قالغىنىنى بىلەلمىدى. ئېرىنىڭ «تولا ۋاتىلدىماي ئىشىڭنى قىلە»
دەپ مەسخىرە بىلەن تىكىلىشلىرى، چوڭ بولۇپ قالغان ئوغلىنىڭ
« گېپىڭ نىيەنچى » (كېلىماكتېرىيە دەۋرى) دېيىشلىرى ئۇنىڭ
ئۈچۈن بەزىدە ئېغىر كېلەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تېخى كېلىماكتېرىيە
دەۋرىگە كىرمىدى، كىرىشكە يەنە خېلى بار. ئەمما ئېرى، بالىلىرى-
نىڭ ئۇنى چۈشەنمەسلىكى شادىيەنىڭ قەلب خانىسىدە زىددىيەتلىك
تۇيغۇلارنى پەيدا قىلدى. ئۇ ھەتتا، دوختۇرغا كۆرۈنۈپمۇ باقتى.

ـ سىزدە كېسەل يوق، ناھايىتى ساغلاممىكەنسىز، شۇ كۆپرەك
ئارام ئالسىڭىز بولغۇدەك، كۆندە يېرىم سائەتنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن

چىقىرىلىك، مۇزىكا تىڭشاش، ناخشا ئېيتىش، ئىشىكنى «گۈپ تاقاپ» پۈت-قولىڭىزنى سوزۇپ يېتىۋېلىش. تۈگىمەس ئۆي ئىشىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىق، ئۆي ئىشىنى تەقسىمات قىلىۋېتىش. ھەممىنى ئۆزدىڭىز قىلسىڭىز مانا مۇشۇنداق باشقىلارنىڭ ئالدىدا قەدىرلىنىشتىن كۆرە كۆزگە ئېلىنماي قالىدىغان ئىشلار چىقىدۇ. يولدىشىڭىز بىلەن كۆپرەك بىللە بولۇش، ساياھەتلەرگە چىقىشلار، ئوتتۇرىدىكى چۈشىنىش، مېھرى-مۇھەببەت چىڭىيدۇ، - دېدى ئوتتۇرا مەكتەپنى بىللە ئوقۇپ، تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزۈپ كېلىپ، يېزىلىق دوختۇرخاندا ئىشلەيدىغان دوستى ئۇنىڭغا.

شادىيە بۇ دوستىغا قارىدى، ئۇ تېخى ياش ھەم چىرايلىق تۇراتتى، كۆزىنىڭ ئەتراپىغا قورۇقمۇ چۈشمەپتۇ، يۈزلىرى ھالرەڭ ئالمىدەك، لەۋلىرى شۇنداق جەلىپكار... ئۇ دوستىدىن تۇرمۇش دەرسى ئالغاندەك بولدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن بۇ توغرىلىق ئويلىنىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ نۇرمۇھەممەت بىلەن مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت توي قىلىش ئېھتىياجى يۈزىسىدىنلا توي قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ تويدىن كېيىنلا باشقا بىر ئەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقى، تويدىن بۇرۇنقىدەك ئۇنى ۋاي دېمەسلىكى، شادىيەنىڭ كۆڭلىنى قالدۇردى. شۇڭا، تويدىن كېيىن ئۇنى ياخشى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، روھى نۇرمۇھەممەتتىن بارغانسېرى يىراقلاشتى، نۇرمۇھەممەتمۇ شادىيەدە مۇھەببەت ئويغىتالمىدى. « سوغۇق، نازكەرەشمىسى يوق، سوۋۇپ قالغان چايدەك» تۇيۇلىدىغان بۇ خوتۇنىنىڭ نېمىدىن خۇش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئېرىشىپلا، رايى ياندى. شادىيەنىڭ قەلبىدە بىر بوشلۇق قالدى، بۇ بوشلۇق مۇھەببەت ئېھتىياجى ئىدى. ئۇ ئېھتىياجلىق نەرسىنى ئېرىدىن تاپالمىدى، ئۇ شۇ ئۆي ئىشىغا ئۆزىنى ئۇرۇش ئارقىلىق يوقاتماقچى بولدى. ئەمما، ئېڭىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى بۇ ئېھتىياج ئۇنىڭدا بىر خىل روھى ئاچلىقنى پەيدا قىلاتتى، روھىنى سۇندۇراتتى.

ھازىر گەرچە ئۆيلەرگە تۇرۇبىلار چۈشۈرۈلۈپ بۇلاققا سۇغا چىقىش «ئەمەلدىن قالغان» بولسىمۇ، شادىيە بەزى كۈنلىرى «بۇلاق سۈيىنى ئىچكۈم كەلدى» دەپ بۇلاق بېشىغا چىقاتتى. سۇغا چىققاندا كامال قۇچاقلىۋالغان شۇ دەقىقىلەرنى غىل-پال ئويلاپ قالاتتى-يۇ، ئۆزىدىن ئۆزى ئىزا تارتىپ كېتەتتى. بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان مەرۋايىت تامچىلىرىنى كۆرگەندە كامال يۈزىنى يۇيغاندا چاچرىغان سۇ تامچىلىرىنى ئەسلەيتتى. يۈزلىرىنى قوللىرى بىلەن «شارتتىدە» سۈرتىۋېتىپ، قوللىرى بىلەن چاچلىرىنى تاراپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كۈلۈپ قاراپ تۇرغانلىرى كۆز ئالدىدىن بىرلەپ ئۆتەتتى. ئۇ بەزىدە ئۆزى ئولتۇرغان تاشتا ئۇزاقتىن ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ يەنە قورقۇمسىراپ كەينىگە قاراپ قوياتتى، خۇددى ئېرى «مەندىن سوراقسىز باشقا ئەرنى ئويلىدىڭ» دەپ كەينىدىن كېلىپ قالىدىغاندەك. ئۇ «كامالغا نېمىشقىمۇ ئىككى يىل ساقلا!» دېگەن گەپنى قىلغاندىمەن، دېگەنلەرنى ئويلىغاندا پۇچۇلىنىپ، ئۆرتىنىپ كېتەتتى. تۇرۇپلا « ئاللاھىم ئۆز پاناھىدا ساقلا، بىر چىرايلىق ئىككى بالام بار، بۇنداق شەيتاننىڭ خىيالىنى قىلماي» دەپ پۇشايمانمۇ قىلاتتى. ئۇ توي قىلىپ بولۇپ كامالنى ئۇچرىتىپ باقمىدى. نۇرمۇھەممەتلەرنىڭ «تايىپى » بىلەن كامالنىڭ ئايرىم ئىدى. بۇ يەردە بىر يۈرۈش بولۇپ بىللە ئوينايدىغانلار «تايىپ » دېيىلەتتى. شۇڭىمكىن ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولمىدى، ئۇ بەزىدە كامالنى سورۇنلاردا ئۇچراپ قالسىكەن دەپمۇ قالاتتى. غۇۋا، ئەمما ھاياتىدا تولىمۇ تارتىملىق ھېس-تۇيغۇلارغا چۆمدۈرگەن يىگىتنىڭ پەقەت ۋە پەقەت كاماللا ئىكەنلىكىنى، ئەمما، ئۇنى مەڭگۈگە يوقاتقانلىقىنى ئاخىرى ھېس قىلىپ، تەقدىرىگە چىنپۈتۈپ، يولدىشىدىن بۇ بوشلۇقنى تولدۇرماقچى بولۇپ، كۆچەپمۇ باقتى. ئەمما، كەرەشنىۋاي كۆينەكنى كىيىپ ئانىسىدەكلا بولۇۋالغان شادىيە نۇرمۇھەممەتتەك گۈزەل ئاياللارغا، راھەتلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان ئەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. شادىيە ئۆزى ئۈچۈن ئوت-كاۋاپ بولۇپ كۆيۈپ-پىشىپ ئالغان ئېرىنى مەڭگۈ يېنىمدا شۇنداق يۈرۈيدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى، بىراق، يولدىشى ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، سالقىن قارىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى ھەسرەتكە تولۇپ، بۇلاققا سۇغا چىقاتتى.

- مەن ئېتىزغا چىقىپ، قىرغا تەرگەن كۆكتاتلارنى يىغماقچى ئىدىم، سىزمۇ بىللە چىقسىڭىز بولاتتى، - شادىيە ئېرىگە چاي قۇيغاچ شۇنداق دېدى.

- شۇنچىلىك ئىشقىمۇ مېنى بىللە ئېلىپ چىقمىساڭمۇ قىلىۋەرمەمسەن؟ - نۇرمۇھەممەتنىڭ كالىنىڭكىدەك يوغان كۆزلىرى شادىيەگە سوغۇق تىكىلدى.

- چىقتىم، ئېتىز يىراق، چىقىپ بولغۇچە چۈش بولغان، چۈشتە ئاپامغا تاماق قىلمىسام يەنە، كەينىمگە يانىمەن...

نۇرمۇھەممەت گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا شادىيەنىڭ گېپى خۇشياقمىغان ئىدى. ئۇ ئۈن-تىنسىز چاي ئىچتى، ئاندىن قوپۇپ يەنە تالاغا ماڭدى.

- يەنە ماڭدىڭىزغۇ؟

- قانداق قىلىمەن ئەمىسە...

ـ ئېتىزغا...

ـ ماگەۋە....

ـ ئەمسە، ئاپامغا قاراڭ، مەن ئېتىزغا چىقاي...

ـ هەي، سەن نېمە دېمەكچى، ئاپامنى چىشلەپ چىقاردىڭغۇ
ئەمدى، سەن دېگەن كېلىن... سەن قارىماي مەن قارامدىم...

يولسىز، كۆيۈمسىز بۇ ئەرگە شادىيە قاراپلا قالدى، يۈيۈپ،
دەزمال سېلىپ قويغان كىيىملەرنى كىيىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئەرگە
قاراپ «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدى. «ئادەممۇ مۇشۇنداق
سەت ئۆزگىرەمدىغاندۇ؟ بۇ مېنىڭ ئېرىممۇ؟ مەن ئۇنىڭ خوتۇنى
مۇ ياكى بۇ ئۆينىڭ مالىيمۇ، بالا باقىۇچىسىمۇ؟ ئەسكى لاتىنىڭ
پارچىسىچىلىك قەدرىم يوقتە بۇ ئۆيدە مېنىڭ، قارا ئاۋۇنىڭغا، مەن
يۇيۇپ دەزمال سېلىپ قويغان كىيىملەرنى قاتۇرۇپ كىيىپ، خوشمۇ
دېمەي چىقىپ كېتىپ بارغىنىنى ...» دېگەنلەر ئويلىدى. نۇرمۇھەم-
مەت مۇشۇ چىقىپ كەتكىنى بىلەن نەچچە كۈن يوقىلاتتى. ئۇ ئېغىر
خۇرسىنىپ قويۇپ، چېلەكنى ئېلىپ بۇلاققا سۇغا چىقتى.

سۇغا چىققاندا باشلانغان خىيالدىن ئۆينىڭ ياسداق دەرۋازد-
سىغا كەلگەندىلا باش كۆتۈردى. ئۇ بىر قولدا ئەپكەشنى تۇتۇپ،
بىر قولدا دەرۋازىنى ئېچىپ هويلىغا كىردى. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇل
تەرىپىدە كونا پاسوندا سېلىنغان قەدىمكى پېشايۋانلىق هويلا، يان
تەرىپىدە ئورۇسچە سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئۆيى بار ئىدى. ئۇ
سۇنى قويۇپ، ئالدىراپ موماينىڭ قېشىغا كىردى. موماينىڭ بىر
تاتلىق ئۇخلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ يېنىپ چىقتى. باشقا قىزلىرىمۇ
بار بۇ موماي، شادىيەنىڭ ئۆزىنى كۈتۈشىنى خالايتتى. قىزلىرىنىڭ-
كىگە بارمايتتى، شادىيە «بىرەر ھەپتە قىزلىرىڭىزكىدە تۇرۇپ
كەلسە، مەنمۇ بىر تىنىقمنى ئېلىۋالسام» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.
ئەمما، بۇنى نۇرمۇھەممەتمۇ ئويلىمايتتى. شادىيە بۇ ئۆيگە نەقلا
چۈشكەن «خىزمەتكار» ئىدى. ئاتا-ئانىنىڭ بېشى ياستۇققا يەتكەن-
دە بارلىق باللارنىڭ بېقىش ۋەزىپىسى بار، بىرلا ئادەمگە ئىتتى-
رىپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ غېمىدە يۈرۈش ۋاپاسىزلىق، سورىقى بار
گۇناھ ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بەزى ۋاپاسىز باللار «ئاتا-ئا-
نىمىز ئۆزىنىڭ تۇتقان ئۆيىدە، پۈت-قولنى سوزۇپ ياتقۇسى كېلى-
دىكەن، بىز ئۆيگە ئاپىرىپ باقايلى دېسەك پەقەت ئۇنىمايدۇ، كۆي-
ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا...» دەپ باھانە كۆرسىتىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئا-
مالسىز تۇرۇشلىرىغا قاراپ، قېيىنانىسىنى بېقىش خۇددى شادىيەنىڭلا
مەسئۇلىيىتىدەك بولۇپ قالغان ئىدى. كىچىكىدىن ئاتا-ئانىسىنىڭ
تەربىيەسىدە چوڭلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پەرزەنتلەرنىڭ
باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، دېگەننى ئۇدۇم، پەرزەنتنىڭ

قەرزى دەپ بىلىدىغان شادىيە بۇ ۋەزىپىنى بەجاندىل ئادا قىلىپ
كېلىۋاتاتتى. سېمىز قېيىنانىسىنى كۆتۈرۈپ يۇيۇندۇرۇپ، كۈندە
نەچچە قېتىم ئاستىنى ئېرىغداپ، كىچىك بالىغا تاماق يېگۈزگەندەك
يېگۈزۈش ئۈچۈن ئۇ بەزىدە ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇ
پاتلا قېرىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى.

شادىيەنىڭ بەجاندىل خىزمەت قىلىشى بىلەن ئاپىسىدىن خاتىر-
جەم بولۇپ كەتكەن نۇرمۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئىنى-سىڭىللىرى بە-
خىرامان ئارامىنى ئېلىپ، ئۇيقۇسىنى ۋاقتىدا ئۇخلاپ، خاتىرجەم يا-
شاۋاتاتتى. شادىيە بولسا ھالسىراپ، ئۇنىسىز ياشاۋاتاتتى. ئاپىسىنىڭ
باغرىنى قاتتىق چىشلىگەن بۇ بىچارە ناتىۋان «ۋاتىلداق» بولماي
كىم بولسۇن؟ تۇرمۇشتا جاپادىن باشقىنى كۆرمىگەن شادىيە قىرد-
ماي كىم قېرىسۇن؟ بۇ بەدەللىرىنىڭ جاۋابى ئۈچۈن ئۇ، ھەتتا، ئې-
تىراپقىمۇ ئېرىشەلمەيۋاتسا، ئۇ ساراڭ بولماي، كىم ساراڭ بولسۇن؟
ئۇ سېپى ئۆزىدىن قەدىر-قىممەتسىز بىر مالاي بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى-
نى، ئۆزىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغان نۇرمۇھەممەتنىڭ نېمە
ئۈچۈن بۇنچە تېز يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلمەيتتى.

نۇرمۇھەممەت شادىيەگە ئېچىلىپقىنا مۇئامىلە قىلمايتتى. ئۆيگە
كىرسە قاپاق تۈرۈك، سۇرلۇك ھالەتتە ئولتۇرۇۋالاتتى. ئەمما،
سىرتتا كۆڭلى خۇش بولغان يەرلەردە بەھۇزۇر ئوينايتتى. باشقىلار-
نىڭ ئالدىدا ئوچۇق-يورۇق، قىزىقچى، مەرد، سېخىي ئىدى.
شۇڭا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەتەڭلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار ياش ھەم كې-
لىشكەن نۇرمۇھەممەتكە قارىغاندا ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلغا
بەكرەك قىزىقاتتى. ئۇلارنىڭ ناز-كەرەشمىسىگە مەست بولۇپ،
كۈنلەپ-كۈنلەپ ئۆيگە قايتمايتتى. شادىيە بولسا ئۇنى پونكىتىنىڭ
ئىشلىرى ياكى سودا ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش دەپ بىلەتتى،
ئەمما، ساددا شادىيە ئادەملەرنىڭ ھەرقانچە ئالدىراش ئىشى بولسى-
مۇ، كەچ بولغاندا زۆرۈتۈك بولسىمۇ ئۆيگە قايتىدىغانلىقىنى بىلمەي-
دىغان چېغى، ئۇ سىرتتا قونۇپ قالسىمۇ گۇمانلانمايتتى. نۇرمۇھەم-
مەت بولسا شادىيەنىڭ بىمەزگىل قورۇق باسقان، يېرىك قۇرغاق-
لاشقان يۈزلىرىنى، قوپال، يېرىلغان، قاتماللاشقان قوللىرىنى قۇچى-
قىدىكى سەتەڭلەرنىڭ ئاپپاق ماموقتەك بەدەنلىرى بىلەن سېلىشتۇ-
رۇپ، ئۆزىگە باھانە ئىزدەيتتى. تالاغا قاراپ قالغانلىقىغا خوتۇنىنى
سەۋەبچى دەپ قارايتتى. ئەرلەر شۇنداق ئۇنتۇغاقكى، يېنىدا پەرۋا-
نە بولۇۋاتقان خوتۇنىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئاشۇ گۈزەللەردىنمۇ گۈزەللى-
كىنى، بۇ گۈزەللىكلەردىن ھايات، تۇرمۇش ئۈچۈن ئايرىلغانلىقىنى
بىلمەيدۇ ياكى قەستەن ئۇنتۇتقان بولۇۋالىدۇ. نۇرمۇھەممەت ئاخى-
رى بېرىپ ھاۋام ئىسمىلىك بىر ئايال بىلەن يوشۇرۇن ئۆيمۇ تۇتۇ-

ۋالدى. ئۆي تۇتۇۋالغان بۇ چوكاننىڭ قىلىقى تاتلىق، پاكىز، ئۆزگىچە، ئۆيىگىمۇ، ئەرگىمۇ قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىدىغان، چېچەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن نۇرمۇھەممەت شەھەردىكى بىر ئولتۇرۇشتا تونۇشۇپ قالغان. ئۇنىڭ جاننى ئالىدىغان ناز-كەرەشمىلىرىگە مەست بولغان دېھقان بالىسى نۇرمۇھەممەت دائىم شەھەرگە كىرسە «مانتىغا دۈم چۈشكەن قەلەندەر، دۈم چۈشتى قاسقانغا» دېگەندەك، شەھەردىن چىقالماي قالاتتى. ھاۋامنى رېستورانلاردا، ئېسىل تاماقخانىلاردا مېھمان قىلىپ يۈردى، كېيىن ھاۋام ئىسمىلىك بۇ چوكان ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدىمۇ ياكى پۇلىنى كۆزلىدىمۇ ئۇنى ياسىداق ئۆيىگە باشلىدى. ئۇنى ھەر كۈنى ئوخشىتىپ ئەتكەن تاماقلىرى بىلەن مېھمان قىلدى، نۇرمۇھەممەت ئۇنىڭغا پۈتۈن-پۈتۈن قوي گۆشى، قېزا، قىمىز، سارماي، ۋە يەل-يېمىشلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى. خەجلەشكە تۇتام-تۇتام پۇل بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھاۋام ئۇنىڭ پېشىغا مەھكەم ئېسىلدى، ئۆيدە نەچچە كۈن تۇرغۇزىۋالدىغان، ھەتتا، كەتكۈزمەيدىغان بولۇۋالدى.

شادىيە بولسا ئەسكى چۈشەينىڭ سوغىنى دەسسەپ، بىرەر جۈپ چىرايلىق ساپما كەش ئېلىشقىمۇ كۆزى قىيماي، ئۆيىنى-ئۆي قىلىپ تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۆيگە كىرسە ئېرىم كەپتۇ، دەيتتى، كەلمىسە ئىشى چىقىپ قاپتۇ، دەپ قېينانىسىنىڭ قېشىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغىنى بولغان ئىدى.

* * *

ئۇ سۈنى ئاشخانا ئۆيدىكى ئىدىشقا لىقلاپ قويۇپ، كونا پېشايۋانلىق ئۆيگە كىردى.

-شادىيە، نېمانداقمۇ ئۇزۇندا كېلىسىزبي، ئۆيدە ئاپام يالغۇز قالغان... چاپسانىراق باراي دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمايسىز-دەھە، - دېدى قېينئانىسى ئۇنى كۆرۈپ دوق قىلغاندەك.

- ئاپا، يېرىم سائەتمۇ بولمىدىغۇ، سىلىگە ئۇزۇن بىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ...

- بىزمۇ ئەكەلگەن ئۇنداق سۇلارنى، قېينئانىمىز بىردەم كېچىكىپ قالساق دېگەن، - قېينانىسى قاردىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يىمىرىپ، ئېڭىكىنى ئىككى يانغا ئۇيان-بۇيان قىلدى ۋە، - قېينانام دېگەن ئانا-مانامنى كۆزۈمگە كۆرسىتىۋېتەتتى... مەنغۇ كېسەل سىزگە ھېچقانداق قېينانىلىق قىلمىدىم.

«كېسەل بولمىغان بولسىڭىز ئاپا، قانچىلىك قىلاتتىڭىزكىن؟ ھېلىمۇ خىزمىتىڭىزنى قىلىپ بىر قەۋەت تېرەملا قالدى، كېسەل بولمىغان بولسىڭىز تېرەمنى شىلىۋالاتتىڭىزمىكىن» دېگەنلەرنى ئويلىدى شادىيە.

- يائاللا، ئاپا، ھە نېمە ئىشتى، دېسىلە، قىلىپ بېرەي.

- ھېچنېمە، دەيمىنا، كەلمىگەندىكىن دەپ باقتىم، يالغۇزلۇق، پاراڭ سېلىشقۇم كېلىپ، مايدەلەرمۇ كەلمىدى-يە! - مايدە ئۇنىڭ قىزى ئىدى.

شادىيە ئاغزىنى ئۆمەللەپ بىرنەرسە دېمەكچى بولدى يەنە مومايىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ئەسلى «باشقا باللىرىڭىزمۇ بار، قىزلىرىڭىز كېلىپ بىردەم-يېرىمدەم سىز بىلەن مۇڭداشسا ياكى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ ئاپلاندۇرۇپ كەلسىمۇ بولىدۇ، مەنمۇ بىرەر كۈن ئۇھ دەپ ئارام ئېلىپ باقسام، ئوغلىڭىزمۇ كەلمىگىلى ئىككى كۈن بولدى، مەن ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ياكى مالىيىمۇ» دېمەكچى ئىدى، دېيەلمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئورنىغا:

-ئۇسسىدىلىمۇ؟ تەرەت قىلىلا ھەقچان؟

- قوسۇقۇم ئاچمىدى، ھاجەتكە چىققۇم كەلدى.

ئۇ ئاپىسىغا تەرەت قاچىسىنى ئەكېلىپ ھاجەت قىلىشىغا ياردەملەشتى، ئاندىن:

- ئەمىسە مەن چىقىپ باغدىكى كۆكتاتلارنىڭ چۆپلىرىنى ئاداشۋېتەي، سىلى يېتىپ تۇرسىلا، - دەپ چىقىپ كەتتى.

- بىردەم پاراڭ سېلىپ ئولتۇرامدىكىن دېسەم، - كوتۇلدىدى موماي.

شادىيە يۈزلىرى سەكسەن قورۇق باسقان مومايغا قاراپ قويدى. مومايىنىڭغۇ جان قايغۇسىدىن باشقا غېمى يوق. ئەمما، شادىيەنىڭ ئىشى بېشىدىكى چېچىدىن تولا. ماۋۇ موماي ئۇلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ.

چۈشكە ئازلا ۋاقىت قاپتۇ، چۈشلۈك چايغا تەييارلىق قىلىشى كېرەك. شادىيە ئوچاققا كۆمۈر سالغاچ، سۇغا چىققاندا قىلغان خىيالىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. «ئۇ ئۆيلەنگەنمىدۇ، ئۆيلەنگەن بولسا مەھەللىدە توي قىلا بولغىيدى، ئەجەب سۇغا چۈشكەن تاشتەك يوقلىپ كەتتى دېسە، سورۇشتۇرۇپ باقايمۇ-يە؟ قانداق سورۇشتۇرىمەن، نېمە دەپ سورۇشتۇرىمەن؟ خەق قوڭىدا كۆلەر!»

ئۇ گەرچە باشقىلارنىڭ نەزەرىدە توققۇزى تەل، تويتۆكۈن، مەشرەپلەردە گۈلدەك ياسىنىپ بېرىپ قاتتىق قېتىپ ئولتۇرىدىغان بولسىمۇ، مانا مۇشۇنداق ئوتاق ئوتاۋاتقان ياكى خالىيراق قالغانلىرىدا ئۆزىنى بەكمۇ غېرىب ھېس قىلاتتى. يۈرىكى خۇددى تۇز سەپكەندەك ئېچىشاتتى. خىيال كەپتىرى ياشلىق مەزگىلىدىكى ئاشۇ قانمىغان شېرىن مۇھەببىتىگە قايتاتتى. ئۇ كامالنىڭ ئەپكىشى-





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ زەنجىرنى تۇتۇۋېلىپ چېلەكتىكى سۈيىگە چوكانتالنىڭ يوپۇرمىقىنى چىلىۋەتكەندىكى كۆلۈمسىرەپ تۇرغان تۇرقى، ئاندىن ئۇنى باغرىغا باسقانلىقىنى پەقەتلا ئۇنتالمايتتى. ئۇ چاي قاينىغىچە باغدىكى ئازراق ئوتى قالغان كۆكمۇچنى ئوتتىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن باغقا چىقتى. ئەمما، بۈگۈن نېمىلا قىلسا ھارغىنلىق ھېس قىلاتتى. خىيال بىلەن بولۇپ، سۇدىنمۇ شۇنداق ۋاقىچە كەلگەن ئىدى، ئەمدى ئوتاق ئوتاشمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ ئازراقلا ئوتاپ قويۇپ « ئۇھ» دەپ قىرغا چىقىپ ئولتۇردى.

«ئاپا!» دېگەن ئاۋاز بىلەن ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتى، بالىلىرى مەكتەپتىن يېنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ چاشكىغا چاي سېلىپ، كىچىك بىر كورا قايماقلىق چاي ئەتتى، يوغان كاكچا ناننى ئەكېلىپ بالىلىرىغا چاي بەردى. ئۆزى ئىچمەي مومايغا بىر چىنىگە نان سېلىپ ئەكىرىپ يېگۈزدى.

-شادىيە، - دېدى قېينانىسى ئۇنىڭغا، - نۇرمۇھەممەت بالام چۈشلۈك چايغىمۇ كەلمەيدىغۇ؟

- ۋاي تاڭ، نېمە بولدىكىن، چۈشتە كەلمىسىمىغۇ مەيلى، كەنتلەرگە چۈشسە كېلەلمەيدۇ، كەچتە ياتىدىغان ئورنىنىمۇ تاپالمايۋاتىدۇ ئۇ ھازىر.

- ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، يۇمشاق گەپ قىلىڭ، ئەر دېگەن يۇمشاق گەپكە، خوتۇن خەقنىڭ قىلىقىغا ئامراق... سىزمۇ شۇ قانداق خوتۇن بولۇشنى بىلمەيدىكەنسىز، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا قېيناتىڭىز دېگەن بىزنىڭ ئالقىنىمىزدا ئىدى.

شادىيە موماينىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى. قېينانىسى ئەزەلدىن ئۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باقمىغان ئىدى. بۇ پومىشچىكنىڭ چوڭ خوتۇنى بولغان ئايال ئىدى، خەقتىن ئاڭلاشقا قارىغاندا قېيناتىسىنىڭ نەچچە توقلى بولغان بولۇپ، نەچچە يەردىن ئۆي تۇتۇپ بەرگەن ئىكەن. ئۇ ئېرىنى توقاللىرىنىڭكىگە پەقەت ھەپتىدە بىر كۈندىن تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىغان. يولدىشى ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەنتۇق. ھازىر نەچچە توقاللىق بولىدىغان جاھان ئەمەس، ئۇ ئوغلىنىڭ بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ ئۆيگە نەچچە كۈنلەپ كەلمەس بولۇپ قالغانلىقىنى، سىرتتا «توقال» ئالغانلىقىدىن كۆردى. ئۆيدىن، خوتۇندىن مېھرىنى ئۈزۈپ، سىرتتا كېچە-كېچىلەپ يۈرگەن ئەرلەرنىڭ سىرتتا توقلى بولماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئاخىرلاشمايدىغان ئولتۇرۇش يوق. سائەت 12 دىن كېيىن ھەرقانداق ئولتۇرۇش تارايدۇ. پەقەت كۆڭلى تالادا ئەرلەرلا ئۆيگە قايتمايدۇ.

شادىيەنىڭ ئىچىگە جىن كىرىۋالغاندەك، بىر كۈن كەچ بولغۇچە دېلىغۇل بولۇپ يۈردى. ئۇ ئۆزىنى تۈنجى قېتىم يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلدى. نۇرمۇھەممەتنى ئەزەلدىن باشقا بىرىنى تېپىۋالار دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان، تۇرۇپلا ئۇ تۇتقان مۇشۇ ئېسىل جاھانلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغاندەك، بالىلىرى «تىرىك يېتىم» بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. چۈنكى، ئايال كىشى ئۈچۈن ئۆزىگە تەۋە بولغان كىشىلەردىن ۋە شۇ دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىقى بولمىسا كېرەك.

بىر كۈنى ئۇ بېلىنى باغلاپ تالاغا چىقتى، ئۇ ئەمدى تىنچ ياتسا، تولا ئويلاپ ئېلىشىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، يېقىن دوستى گۈلبەكنىڭ (ئەسلى ئىسمى گۈلبەھرەم) قېشىغا باردى. ئەسلىدىغۇ ئۇ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتقۇسى يوق ئىدى. ئەمما، بىرسى بىلەن مۇڭدىشىش ئېھتىياجى ئۇنى ئۆيدىن چىقىشقا مەجبۇرلىماقتا ئىدى.

گۈلبەك ئۇلارنىڭ تايپىدا ئەمەس ئىدى. تايپىتكىلەر ئادەتتە يېقىنلىرىنىڭ بىرقىسىم ئىشلىرىنى ئۇقمايدۇ، ئەمما، باشقا تايپىتكىلەر بىلىدۇ. ئۇ گۈلبەكنىڭ پېشايۋانلىق كەڭرى ھويلىلىق قورۇسىغا كىرگەندە، گۈلبەك پېشايۋاننىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان گۈللىرىگە سۇ پۈركۈپ، گۈللەرنى يۇيۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ ئورۇق، چىرايىدىن قارىلىق يېغىپ تۇرىدىغان، ھازىرلا بىرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىغاندەك كۆرۈنىدىغاندەك سۇرۇن چىراي ئايال ئىدى. ئۇ شادىيەنى كۆرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، ئۇ كۈلسە چىرايلىق بولۇپ قالىدىكەن، دائىم قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرگەچكىمۇ ئەنە شۇنداق سۇرۇن چىراي بولۇپ قالغان. ئەمدى 30 نەچچىلەرگە كىرگەن بولسىمۇ ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسى، پېشانىسىغا چوڭقۇر قورۇق چۈشكەن ئىدى. ئۇ پېشايۋاننىڭ پەلەمپەيلىرىنى ئىككى تاقلاپلا چۈشتى.

- قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى بۇ كونا دوستەكنى، ھە قانداق ئەھۋالىڭ؟ قېنى ئۆيگە كىر، - ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. گۈلبەك شادىيەنى دالانغا باشلىدى.

قوش قاناتلىق ئىشىكلەرگە دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان. سۇپىغا گۈللۈك كىگىز سېلىنغان بولۇپ، گۈلبەك يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يېكەنداز سالدى. ئاندىن ئۇنى كۆرپىگە باشلىدى.

- ياخشى تۇردۇڭمۇ، ئۆيدىكىلىرىڭ تىنچلىق، شەمشچۇ، تىنچلىقتۇ؟

- تىنچلىق ھەممىسى، ئۆزۈڭمۇ ياخشى كەپسەن. ئولتۇر، ئولتۇر...

گۈلبەك پەگاغا كېلىپ ئولتۇردى:

- ئەجەب ئۇزۇن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، قەنئاپاڭغا كىم قاراپ

www.uyghurkitap.com



قالدى بۇگۈن، بوسوق ئاتلاپ چىقالاپسەن...

— شۇنى دېگىنە ئاداش، قالدى يالغۇز، بىردەم يېتىپ تۇرا.

— نوكانىڭ سىڭىللىرى كېلىپمۇ قاراشمايدۇ-دە، سەنغۇ بىر چىقىنىڭ كېلىنلەرگە ئۈلگە بولۇپ، 100نىڭ ئىچىدىن بىرسى يا چىقە-دۇ يا چىقمايدۇ، توۋا، خەق ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قارىمايۋاتسا، سەن ياتباش ئادەم مۇنداقچە ئېيتقاندا، غىڭ قىلماي باقتىڭ جۇمۇ، ئەلە-مەلىنىڭ ھەممىسى سېنى ماختايدۇ...

— ماختىغان بىلەن نېمىگە پايدىسى دېگىنە، ئىرىمنىڭمۇ ئىنتىراپە-غا، كۆيۈنۈشىگە ئېرىشەلمىسەم...

— ۋېي ئاداش، سېنى گەپكە تۇتۇپ، چاي بەرمەي يولغا سالماي يەنە...

— بولدى، بولدى، ئاۋارە بولمىغىنە، مۇڭدىشايلى...

— ياقىي بۇ توگمەن ئەمەس...

گۈلبەك يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقىپ كەتتى.

ئۇ سۇرۇنچراي بولغىنى بىلەن مېھماندوست ئىدى، كۆڭلىگە ياققان كىشىلەرگە شۇنچىلىك قىزغىن ئىدى.

ئۇ دەرھال كورىغا چاي سېلىپ، قايماق، سۈتلىرىنى تەييار قىلىپ قويۇق ئەتكەنچاي ئېتىپ ئەكىردى. شىرەنى قويۇپ داستە-خان سېلىپ، شىرەنى سارماي، قېتىق، گۈلە-قاق، مۇراببالار بىلەن توشقۇزدى. يۇمشاقناننى ئەكىلىپ جانان چىنىگە چاي قۇيۇپ پەت-نۇسقا سېلىپ ئۇنىڭغا تۇتتى.

— ئاۋارە بوپ كەتتىڭ ئاداش...

— نېمە دېگىنىڭ ئۇ، قارا سېنىڭ تەكەللۇپلىرىڭغا...

ئۇلار چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشۇپ مۇڭداشتى.

— شەمشىنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟

— نېمىسىنى دەيسەن، ياخشى... شۇ بالا بولمىغاندىن كېيىن، سىڭىنغۇ ئىككى بالاڭ بار، ئەر نەگىلا كەتسە ئايلىنىپ يېنىپ كىردۇ. بالا بولمىغاندىكىن، ئەرنى باغلاپ قويساڭمۇ تۇرمايدىكەن، ئۆيدە ھۇقۇشتەك ئولتۇرىمەن دەرۋازىغا قاراپ، مۇشۇ چوڭ قورو-لاردا، ئويلاپ باقە، ئەرسىز ئۆي، بوران ھۇۋلاپ تۇرغان ئەسكى تاملىقتىن نېمە پەرقى... — گۈلبەك مىچچىدە يىغلىدى، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش يىرىك، قارا يۈز تېرىلىرىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. شادىيە ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى.

— نېمىسىنى دەيسەن، باللار چوڭ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن، دادىمۇ شۇ ئوخشاش تالادا، ئېسىگە كەلگەندە ئۆيگە كىردۇ، ھەممىسى ئوخشاشمۇ بۇ ئەرلەرنىڭ...

— بۇ ئەرلەر نېمىنى ئويلايدىكىن تاڭ، شەمشىنىڭ گېپىنى ئاڭ-لىدىڭمۇ؟

— ياق، نېمە گەپنى...

— مەھەللىگە پۇر كەتتىغۇ، سەنلا بىلمىدىڭ-دە، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپقۇ؟ شەمشى توقال ئېلىۋالدى. مېنىڭ مۇنداق ئورۇقلاپ، شۇمەكتەك بولۇپ قېلىشىم بىكار ئەمەس قېرىنداش. ماۋۇ باشقا كەلگەن دەردلەر جىق دېسە...

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، 2-خوتۇن ئېلىۋالدى؟ نەدىن، كىمنى ئالدى.

— كىمنى ئالاتتى، شەنىڭ جالاپلىرى، خوتۇنى بولسىمۇ تېگىۋې-رىدىغان چېغى، ئالدى بىر پاسكىنىنى... تۈغۈپمۇ بېرىپتۇ...

شادىيە ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. كالالسىغا «بۇ دۇنيا نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەنلەر كېلىۋالدى.

— شۇنىڭ دەردى، ئاداش، بۇ چوڭ قورۇدا ئۆزۈم جىندەك تۇرىمەن، مېنىڭ ئەمدى ئۇنىڭ ئاشۇ ئالۋاستىدىن زېرىكىپ يېنىپ يېنىپ كېلىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئامالىم يوق.

— ئاداش ئاجرىشىپلا كەتسەڭ بولمامدۇ؟

— سەن دەپ باقە، ئاجراشسام نەدە تۇرىمەن، كېلىنلەرنىڭ ئال-دىدىما؟ شەمشى بۇ ئۆينى ماڭا بېرەمدا، بىرەر بالىمۇ تۇغۇپ بې-رەلمىگەن خېچىرغا؟ بۇ ئۇنىڭ ئاتا مىراس ئۆيى تۇرسا، ئىسست، ئىسست تۇتۇپ كەتكەن جاھانلىرىم، مۇشۇ جاھانلارنى مۇشۇنچىلىك قىلغۇچە چىرايلىرىم 80 قورۇق بوپ كەتكەنغۇ... ھۇ، ھۇ...

گۈلبەك ھۇ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. يىغلىغاندا ئۇنىڭ بويندىكى سە-ڭىرلار تارتىشىپ، كېكىردەكلىرى ئۇڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ كۆرۈ-نۈپ كەتتى. بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ ھېلىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان-دەك قىلاتتى.

— يىغلىما ئاداش، سەۋرە قىلغىنە، مەنمۇ شۇ كۈندىغۇ مانا... مەنمۇ سەۋر قىلىپ كېتىپ بارىمەن.

— مەھەللە بويىچە ئىككى خوتۇنلۇق بولغانلار 20 گە يېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم... — دېدى گۈلبەك.

— شۇلارنىڭ ئىچىدە نوكا بامدۇ؟

— ۋاي نېم بىلەي، يوقتۇ...

گۈلبەك گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، شادىيەنىڭ ئۇنىڭدىن گەپ ئالماقچى بولغانلىقى بىكار بولدى. چۈنكى، ھېچكىم ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدا گەپ تېپىپ، بېشىغا پىت سېلىۋېلىشنى خالىمايدۇ-دە.

ئۇلار 2-خوتۇن ئېلىۋالغانلارنىڭ ھال-كۈنى ياخشىراق بولۇپ قالغانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ نامرات كۈنلەردە مۇرىنى-مۇرىنى تىرەپ، كەتمەن چېپىپ ئىشلەپ، ھاللىق بولۇپ، ھالا بۇگۈنكى

كۆڭگە كەلگەندە ئۆزلىرىدىن چانغانلىقنى پۈتۈنلەي ئەر خەقلەرنىڭ سۆيۈق، ئۆجمە كۆڭۈللۈككە چىقاردى. ئۆزىمىزدە بىرەر مەسلە بارمۇ-يوق دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ باقمىدى. ئەرلەرنىڭ ھېسسىياتى-نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقى، ئۆزلىرىنى شۇ ياش، جەلبكار قىزلاردەك ھېس قىلىپ بارلىق گۇ-ناھنى ئەرلەرگىلا ئارتتى.

ئىبرى تالاغا قارىغان ئۆيدە يالغۇز قالغان ئايالىلاردا غېرىبسى-نىش، يالغۇزسىراشتەك پىسخىكىلىق تۇسالغۇلار پەيدا بولىدۇ. ئىبرى ئۆيگە كىرگەندە بۇنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا تېخىمۇ قاتتىق، يىرىك مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا مۇناسىۋەت تېخى-مۇ يىرىكلىشىدۇ. ئايال كىشى ئىبرىنى كۆتۈلگەندە ئەك سەت بولۇپ قالارمىش. بۇ چاغدا ئەرلەر ئايالىدىن قورقۇش ئۇياتتا تۇرسۇن ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ، تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنداق يىرىك مۇناسىۋەتتە، بەلكىم، ئەرنى مەڭگۈ ئۆيگە قايتۇرۇپ ئەكىر-گىلى بولماسلىقى مۇمكىن...

— ئاداش، موللىغا ئوقۇتۇپ باقايلىمۇ يا؟ نىلقىدا بىر قازاق موللىسى با دەيدۇ، نەچچىسى ئېلىشىپ قالغان ئالىلىرنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتۇپ ياخشى قىلىپ كەلدى، بېرىپ باقامدۇق؟ — دېدى گۈلبەك ياخشى ئامالدىن بىرنى تاپقاندەك. ئۇ كۈلگەندە ئې-گىكنىڭ ئىككى ئەتراپىغا چۈشكەن قورۇقلار «مىژژىدە» يىغىل-دى، سارغايغان چىشلىرى تۆۋىدىكى تۈرۈپ قالغان شاما يۇقۇندى-لىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ قالدى.

— ئۆتەمۇ بۇ ئەرلەرگە، ھاراقكەشلەرگە، ئوقۇشمۇ دىلى يۇم-شاقراق ئادەملەرگە ئۆتىدۇ، بۇ خەقنىڭ دىلى قارىداپ كەتكەن تۇرسا، — دېدى شادىيە دېلغۇل بولۇپ، «نىلقا دېگەن يەرگە قانداق بارغىلى بولىدۇ» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ.

— شەگە كىرسەڭچۇ، نىلقىنىڭ ئاپتوبۇسلىرى بار، چۈشسەك ئۇدۇل ئاپىرىدۇ، — گۈلبەك ئەتكەنچايدىن غورتتىدە بىر ئوتلاپ شۇنداق دېدى.

شادىيە ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويدى، « ئىبرىمىز تالاغا قاراپ قالدى، ئۆيگە ئەكىرىپ بېرىڭ» دەپ موللىغا بېرىشمۇ بىر قىيىن ئىشتە، ئۆزىمىز ئەكىرەلمىگەن بۇ ئەرلەرنى نىلقىدا تۇرۇپ ئۇ موللا قانداق ئەكىرە...»

— ئىككىلەنمە ئاداش، ئەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇ جىن-ئالۋاستى-لاردىن سوۋۇتۇپ ئۆيگە ئەكىرىۋالساق، قانچە خەجلىسەك ئەرزىي-دۇ.

— پۇلچۇ، قانداق قىلىمىز؟ — شادىيە شۇندىلا ئۆينىڭ ئىقتىسا-دىنى ئۆزىنىڭ تۇتۇپ باقمىغانلىقىنى، يېنىدا 100 يۈەنگە يېتىپ پۇل تۇرمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ساڭمۇ پۇل تۇتقۇزمامدۇ؟

— مائاشىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، شۇ ئۆيدىن ئۇن، ماي، گۈرۈچ گۆشنى ئۆزى ئەپ بېرىدۇ، ھېيت-ئايەملەردە باللارغا كىيىم ئال دەپ بەر-گىنى بولمىسا، مەنمۇ ئادەتتە تولا بازارغا چىقمايمەن، پۇلمۇ سورى-مايمەن.

— بىزنىڭ ئۆيمۇ شۇ، تاپقان-تەرگىنىنى چۆنتەكگە سېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

— تاپقان پۇللىرىنى شۇ ئالۋاستىلارغا خەجلەپ بېرىدۇ-دە.

— ئەركىلەپ، ناينىقالاپ ئالدىدىغاندۇ ئۇ جالاپلار، بىز ئۇنى قى-لالمىساق-يە.

— خىزمىتىنى قىلغىنىمىزمۇ يېتەر، ئەركىلەشكە نەدە ۋاقىت؟

ئىككى ناتىۋان دەردلىرىنى تۆكۈشكەنسېرى قايمۇقۇپ قېلىۋا-تاتتى، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، ئاخىرى موللىغا بېرىپ بېقىش ھەققىدە بىرلىككە كېلىپ ئايرىلىشتى.

شادىيە دوستىنىڭ قېشىدىن چىقىپ، گۈلبەكنىڭ ئۆيىنىڭ قېشى-دىكى نۇرمۇھەممەتنىڭ سىڭلىسىنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆيگە قەتئىي قايتقۇسى يوق، قولى ھەرگىزمۇ ئىشقا بارمايت-تى. ئۇنىڭ كاللىسىغا نۇرمۇھەممەت 20 نەپەر 2-خوتۇنى بار نام-زاتنىڭ ئىچىدە بارمۇ يوق، دېگەن ئوي كىرىۋالغان ئىدى. بۇنى ئېنىقلىماي قايتمايدىغاندەك قىلاتتى.

دەرۋازىنى نۇرانىيە ئاچتى.

— ۋۆي ھەدە كېلىپ قاپسىزغۇ؟ قېنى ئۆيگە كىرىڭ، — نۇرانىيە 30 ياشلارغا كىرگەن، يارىشىملىق كىيىنگەن چوكان بولۇپ، چاچلى-رىنى ئېگىز تۈرمەكلەپ، ئۈستىگە قارا تەڭگىلىك ھېلىلە ياغلىقنى يېنىك تېڭىۋالغان ئىدى. سۇس گىرىم قىلىۋالغان بولغاچقا، ئۇزاي-دىن بىرخىل جەلبكارلىق چىقىپ تۇراتتى.

ئەسلى شادىيەنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگۈسى يوق ئىدى، تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ بىر كۆرۈپ باققۇسى كەلدى.

ئۇ چىرايلىق بېزەلگەن باراڭلىق ھويلىدىن ئۆتۈپ، كۆتۈرۈپ سېلىنغان ۋاسا جوپ پېشايۋانغا چىقتى. نۇرانىيە ئۇنى مېھمانخانىغا باشلىدى.

— تاشچۇ بامۇ؟

— ھە، با، تاش، شادىيەدەم كەپتۇ...

ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن تاش چىقىپ شادىيەدىن ئەھۋال سورىدى.

www.uyghurkitap.com



- ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شادىيەدە ياخشىمۇسىز.

- ياخشى ئۇكام...

-قېنى يۇقىرىغا ئۆتۈڭ...

- مەن چاي دەملەپ كىرەي، - دېدى نۇرانىيە.

- سىز ھەدەم بىلەن پاراڭ سېلىشىپ تۇرۇڭ، مەن چايغا سۇ قويۇپ قوياي، - دېدى تاش.

- ھە مەيلى ئەمسە، - نۇرانىيە ئېرىغا قاراپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

شادىيە ئۇلارغا قاراپ قالدى، مەستلىكى كەلدى. گەرچە ئۇ ئېرىنى ياخشى كۆرۈپ، كۆيۈپ كەتمىسىمۇ، ئىككى بالىغا ئانا بولغۇچە مېھرىمۇ چۈشۈپ قالغان، ئۇمۇ ئېرىنىڭ كۆيۈنۈشىگە موھتاج ئىدى. نۇرمۇھەممەتنىڭ ئەرلىك كىبرى بەكمۇ كۈچلۈك بولۇپ، قازان بېشىغا قاراپمۇ قويماتتى، قازان بېشىغا ئائىت بارلىق ئىشلار ئايال كىشىنىڭ ئىشى دەپ قارايتتى. نۇرانىيەگە ئۇنىڭ مەستلىكى كەلدى. «ئېرى سىرتتا ئىشى بولمىسا ئايالىنىڭ قېشىدا، بىر-بىرىگە كۈلۈمسىرىشىپ، بېقىشىپ ئۆتۈشىدىكەن -دە بۇلار. شۇڭا، نۇرانىيەنىڭ يۈزلىرىنىڭ تېگى-تېگىدىن نۇر تېمىپ تۇرۇپتۇ.»

- ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىز، نۇرانىيە.

- مەن ياخشى، ھەدە، راست ئاپام قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ...

شادىيە ھەيران قالدى، «تېخى ئاپىسنى ئۇنتۇپ قاپتۇ-دە بەختىنىڭ قۇچاقلىرىدا ئەللەيلىنىپ، مەن بولسام ئاپاڭنىڭ پوق-سۈيدۈكى ئىچىدە، ئەتىر ئەمەس پوق پۇراپ يۈرىمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئاغزىدا بولسا:

- ئاپامۇ ياخشى، قېرىغاندا ئادەمسىراپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، مېنى يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، پاراڭ سېلىشايلى دەپ كېتىدۇ، مېنىڭ ئۆيدە ئىشىمنىڭ كۆپلۈكى، ئۆينىڭ ئىشىنى تۈگەتسەم، باغنىڭ، قوتاندىكى مال-ۋارانمۇ ماڭا قاراشلىق، ئاپامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپقىنە مۇڭدىشىدىغانغىمۇ ۋاقت يوق.

- باغنىڭ ئىشلىرىغا، مال-ۋارانلارغا ئاكام قاراشىسمۇ بولىدۇغۇ؟ ئەرلەرنىڭ ئىشى ئۇ، سىزمۇچۇ ھەدە، ھەممىنى ئۆزىڭىزگە تارتىۋالسىز...

«ئاناڭلارنىمۇ مەن ئۆزۈمگە تارتىۋالدىممۇ، ئايدا بىر بېرىپ مۇڭدىشىشنى بىلمەيسىلەر، تاشلىۋەتسەڭلار مەن قانداق قىلىمەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-يۇ، نۇرانىيەگە ئاپتاپتەك ئېچىلىپ قاراپ مۇنداق دېدى:

- شۇنى دەڭە، مۇشۇنداق يۈرۈپ كېسەل بوپتىمەن، شەھەرگە كىرىپ داۋالىنىپ باقاي دېگەن، ئاپامغا قالغان باللار نۆۋەتلىشىپ قاراپ تۇرساڭلار، ۋاقتىڭلار بارمىكىن دەپ كېلىشىم...

نۇرغۇن ئويلىنىشلار ئارقىلىق شادىيە ئاخىرى ئۆزىنى بىر ئاز ئوڭشاش، ئازراق ئارام ئېلىپ روھىي ھالىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇۋېلىش ئويىغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئەگەر ئۆينىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالمىسا، ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيتتى. بۈگۈنكى ھالدا ئۇ قېينانىسىغا تاماقمۇ ئېتىپ بېرەلمەيتتى، بالىلىرىنى ئاپىسىنىڭ ئۆيگە بېرىشنى ئېيتىپ قويغان ئىدى.

- ھە مۇنداق دەڭ، - نۇرانىيە خىيالغا چۆكۈپ تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن يەنە ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، - ھە بولىدۇ، بولىدۇ، ئاپامنى مەن ئەكېلىپ قاراي، ھەدەم كىچىك ئاكاملارمۇ باغۇ، ئۇلار ئاپامنى يوقلاپمۇ قويمىدىمۇ؟

«سەن يوقلىدىڭمۇ» دېمەكچى ئىدى، ئەمما، كۈلۈپ تۇرۇپ:

- ياق، ئىشى كۆپ ئوخشايدۇ، - دېدى ياخشىچاق بولغىدەك. كېلىن دېگەن ئىچىدىكىنى ئېرىنىڭ قېرىنداشلىرىغا ھەرگىز ئېيتمايدۇ، ئېيتسىلا قارشىلىققا ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ھەرقانچە توغرا بولسىمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئانچە قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ، شۇڭا، مۇشۇ خەقنىڭ رايى بويىچە چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ، ھېجىيىپ تۇرماقتىن باشقا ئامال يوق.

تاشنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

- نۇرانىيە، چاي قايناپ كەتتى!

- ھە، مانا! - دەپ چىقىپ كەتتى نۇرانىيە. ئۇنىڭ ھويلىدا «ۋىيي خۇدايىم، تاش ئەجەب چاققان-دە سىز!» دېگەن ماختىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تاشنىڭ «سەن شۇ ماختاشلىرىڭ بىلەن مېنى ئالداپ-ھە!» دېگەن ئاۋازى، نۇرانىيەنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

شادىيە بۇلارنى ئاڭلاپ بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇمۇ خوتۇن، بىرەر قېتىم ئېرى بىلەن چاقچاقلىشىپ باققىنىنى ئەسلا بىلمەيدۇ. نۇرانىيەنىڭ كۈنلىرى مانا مۇشۇنداق راھەت-پاراغەتتە ئۆتىدىكەن. ئېرى ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن.

نۇرانىيە چاي دەملەپ ئەكىردى، تاش باغدىن قىپقىزىل ئالما، ئالگىراتلارنى ئۈزۈپ يۇيۇپ ئەكىردى.

- مېۋە يەڭ ھەدە. ئاپام، ئاكام ياخشىدۇ؟

- ياخشى ئۇكام، خۇداغا شۈكرى.

ئۇ پاراڭلىشىپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن نۇرانىيەگە:

- ئەمسە شۇنداق بولسۇن، سىز قاچانلىققا بارىسىز؟ - دەپ سورىدى. تاش ھەيرانلىق بىلەن نۇرانىيەگە قارىدى:

ـ نەگە بارىسىز ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ھەدەمنىڭ ئىشى باكەن، ئاپامغا قاراپ تۇرۇڭلار دەيدۇ.

ـ ھە، ـ دېدى تاش، ئۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ـ مەن چۈشتە باللارغا چاي بېرىۋېتىپ باراي.

ـ مەن ھازىر ئانامالارنىڭكىگە بارماقچىدىم، ئۇ ئۆيگە بارمىغىلىمۇ ئۇزۇن بولدى، ئاپامنىڭ مىجەزى يوقكەن، بىر مەزگىل سىلەر قېرىنداشلار مەسلىھەتلىشىپ ئاپامغا قاراپ تۇرۇڭلار.

شادىيە قوپۇپ ماڭدى. نۇرانىيە ئېرى بىر پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەچكە جىملا تۇردى.

شادىيەمۇ سۇسلا ئۇزىتىلدى. شادىيەنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. نۇرانىيەنىڭ ئاپىسىغا قاراش ئىشى چىققاندا، 180 گرادۇس ئۆزگىرىشى، سوغۇق مۇئامىلىسى ئۇنىڭدا قەدىرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. ئۇ نۇرانىيەنىڭ قاچان بارىدىغانلىقى ياكى ئاپىسىنى ئۆيگە ئەكېلىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەنە ئۇدۇل ئۆيگە ياندى. چۈنكى، مومايىنىڭ يالغۇز قالغىنىغا 2 سائەتتەك بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ تەرەت قىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى، ۋاقتىدا قاچا تۇتمىسا، كۆرپىلەرنى بۇلغىۋېتەتتى. شادىيە بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ ئىتتىك ئۆيگە يۈگۈردى.

ئۇ ئۆيگە كەلگىنىدە موماي ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭ يۈرىكى «پىژ» قىلىپ قالدى، « ئىھە، خۇدايىم ئاسان ئاغرىق، ئاسان ئۆلۈم بەرگەيسەن، مېڭىپ تۇرۇپ ئۆلۈشكە نېسىپ قىلغايسەن، باللىرى ۋاپاسىز چىقىپ قالسا مانا مۇشۇنداق ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ئىش-تە.»

ـ ئاپا، مەن كەلدىم...

ـ يائاللا، يائاللا نەگە كەتتىڭىز ؟ ـ مومايىنىڭ ئاۋازى ئۆيگە بىر كەلدى.

ـ نۇرانىيەنىڭ ئۆيگە بېرىپ كەلدىم.

ـ كېلەمدىكەن ئۇ.

ـ كېلىمەن، ئاپامنى باقىمەن، دەيدۇ.

ـ ۋاي جېنىم بالام، ۋاپادارلىقنى... ـ ئانىنىڭ يۈزىدە مەمنۇنلۇق ئالامىتى كۆرۈندى.

ـ تەرەت قىلامىلا.

ـ ماقۇل، سىزمۇ «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ» دېگەندەك يوقاپلا كېتىسىز بىر يەرگە چىقسىڭىز.

ـ ئاپا مېنىڭمۇ ئىشلىرىم بار، ئاپام، دادامالار بار، ئاپام ئاغرىپ قاپتۇ، بارالمايۋاتىمەن، مۇشۇ ئۆيىنى دەپ. قانداق قىلىپ بېرىمەن؟ بىلىم قورسىقىم ئاغرىپ مۇشۇ كۈنلەردە، ئۆرە بولالمايۋاتىمەن... ـ ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاستىغا سۈيدۈك قاچىسىنى تەستە قىستۇردى. موماي شارىلدىتىپ سىيىپ بولغاندىن كېيىن، سۈيدۈكنى ئېلىپ چىقىپ تۆكۈۋېتىپ، مومايغا شورپا سېلىپ بېرىش ئۈچۈن كورىغا ئۇستىخانلىق گۆش سالدى.

شورپا تەييار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىچكۈزۈۋاتقاندا نۇرانىيە كەلدى. ئۇ نۇرانىيەگىمۇ بىر چىنە شورپا قويدى، باللىرىغىمۇ بىر چىنىدىن ئۇسۇپ، گۆشنى تاۋاققا ئېلىپ بېرىپ، سالغان شورپىسىدىن كىچىك كورىغا قاچىلاپ، ئاپىسىنى يوقلاش ئۈچۈن دەرۋازىدىن چىقتى.

*　　　*　　　*

گۈلبەك شادىيە كەتكەندىن كېيىن، نىلقىدىكى موللىنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى چوڭ ئاپىسىدىن سوراپ بىلىۋالدى، ئاندىن شادىيەنى ئىزدەپ باردى.

ـ شادىيە، تەييارلىقلىق پۈتتىمۇ؟ مەن ئادرېسلاردىن تارتىپ بىلىۋالدىم، ئىزدەشمۇ كەتمەيدۇ، يۈر، ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن چىقايلى، بىر كۈندە كېلىپ بولالمايمىز.

شادىيە دېلىغۇل بولۇپ تۇراتتى. ئۇ:

ـ گۈلبەك پايدىسى بولامۇ، ئوقۇتقانغا چۈشلۈق ئۇ بىرنېمىلەر ئۆيگە يېنىپ كىرەمۇ؟

ـ ھەي دوستەك، ئۆي تۇتقۇڭ بامۇ-ھە؟ بولسا ئىتتى-مىتتى قىلمايلا ماڭ، بىكاردىن بىكار خەققە تارتقۇزۇپ قويۇپ قاراپ ئولتۇرمايلى ئېرىمىزنى...

ـ بولىدۇ ئەمسە.

ئۇلار يولغا چىقىشتى. شادىيەنىڭ باللىرى ئۆز ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرىدىغان، نۇرانىيە ئاپىسىنى ئەكېتىدىغان بولدى. بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولغان شادىيە نىلقا ناھىيەسىدىكى قازاق موللىغا بارلىق ئۈمىدىنى باغلاپ يولغا چىقتى.

نەچچە سائەت يول يۈرۈپ نىلقا ناھىيەسىگە يېتىپ كەلگەن ئىككى ئايالنىڭ تاغلىق كەنتكە بېرىش ئۈچۈن يەنە ئىككى سائەت يول يۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئۇلار تاغلىق كەنتكە قاتنايدىغان ئەبجەق ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا ئىككى سائەتلىك يولنى نەق ئۈچ سائەتتە بېسىپ موللامنىڭ مەھەللىسىگە كەلدى. كېسەك تاملىق، يامغۇرنىڭ تولا يېغىشى بىلەن يالىنىپ كەتكەن تام سىياقلىرى تېخىمۇ كۆرۈمسىز كۆرسىتىپ ئادەمنى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ئىسمىلا قىلىپ قويىدىغان بۇ مەھەللىگە قاراپ شادىيە بىلەن گۈلبەك بىر-بىرىگە شۈبھىلىك قارىشىپ قويدى. شادىيەنىڭ ئۈمىدسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۈلبەك ئۇنىڭ روھىنى كۆتۈرمەكچى بولغاندەك ئېغىزلاندى.

— موللا، پىرىخۇنلارچۇ قارا مۇشۇنداق جايلارنى ماكان تۇتىدىكەن، نەدىمۇ چوڭ شەھەرلەردە داڭلىق موللىلار بار دەپ ئاڭلىدۇق؟ ھەممىسلا مۇشۇنداق سىرلىق جايلاردا بولىدىكەن، چۈنكى، پىرلىرى ئۇلارنى ئادەم كۆپ جايدا تۇرغۇزمايدىكەن.

— نەدىن ئاڭلايدىغانسەن بۇنداق گەپلەرنى...

— راست دەۋاتىمەن.

— موللىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟

— ئەيسا موللا!

— ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى قويۇۋاپتۇ-دە.

— شۇڭا داڭقى چىققان-دە.

يولدا ئۇلار ئات يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتتىن ئەيسا موللامنىڭ ئۆيىنى سورىدى. يىگىت تۇرۇپ كېتىپ، يولنىڭ چېتىدە ئېرىقتا سامان يۇيۇۋاتقان بىر قېرى ئادەمگە ۋارقىرىدى:

—ماناپپاي بوۋا، ئەيسا موللىنىڭ ئۆيى نەدە؟

— ئۇدۇل ماڭغۇبىرىڭلار، مەھەللىنىڭ چېتىدە ئىشىك ئالدىدا تۇغ-ئەلەملەر باغلاپ قويۇلغان بىر كەپە بار، شۇ ئەيسا موللامنىڭ ئۆيى...

ئۇلار بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە مەھەللىنىڭ چېتىگە چىقىپ، ئۇيان-بۇيان قاراپ، ئىشىك ئالدىدا تۇغ-ئەلەم باغلاقلىق ھويلىنى تاپتى. دەرۋازا ئالدىدا بىر تۈپ قارىغاي دەرىخى بار ئىكەن، قارىغاي شاخلىرى موللامغا ئوقۇتقىلى كەلگەنلەر باغلاپ قويغان لېنتىلار بىلەن گۈللۈك دەرەختەكلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ھويلىنىڭ ئىچىدە نەرسە-كېرەكلەر قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان، كۆتەك ھارۋىنىڭ چاقى، پۇچۇق قازان، خام كېسەكلەر دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. كەپىدەكلا سېلىنغان ئۆينىڭ يېنىدا خام كېسەكتە سېلىنغان، ئەتراپىنى ئىس يالاپ كەتكەن ئوچاقنىڭ ئۈستىدە ئىستا قارىداپ كەتكەن مەينەت ئاليۇمىن كورا تۇراتتى. گۈلبەك «ئادەم بامۇ» دېگەندەك «ئۆھۆ» قىلىپ يۆتىلىپ قويدى.

ئىچكىرىدىن بىر ئەرنىڭ « كىم» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

—ئەيسا موللامنى ئىزدەپ كەلگەن ئىدۇق!

— قېنى ئۆيگە كىرىڭلار.

ئۇلار تورۇستىن قومۇشلار ساڭگىلاپ تۇرغان كەپىگە كىرىشتى. كەپىنىڭ پەنجىرى بولمىغاچقا ئۆي پەقەت ئىشىكتىن كىرگەن يورۇقلۇق بىلەنلا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — ئىككىسى سالام بېرىشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا جاۋاب بەردى تۆر تەرەپتىن بىرسى.

ئۇلار كۆزلىرىنى قىسىپ بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، لايدىن ئېتىلگەن سۇپىنىڭ تۆرىدە ئەيسا موللامنىڭ ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— كېلىڭغۇي، ئولتۇر.

ئۇلار موللام كۆرسەتكەن جايدا ئولتۇردى. موللام ئۇلارغا «گەپ قىلىڭلار» دېگەندەك قاراپ قويدى.

— بۇ ئىككىمىزنىڭ يولداشلىرى تالاغا قاراپ ... شۇڭا بىر ئامال بولامۇ دەپ...

— ئاپاسى كىم، ئات-جۆننى ئېيت!

ئۇلار ئېيتىپ بەردى. موللام تەسۋىنى سىرىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. « ھە، ھىم» دەپ قوياتتى ئارىلىقلاردا.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ شادىيەگە، — ئېرىڭ ھازىر سىرتتا بىر نىكاھلىق خوتۇنى باركەن. ئۇنىڭغا بەك ئامراقكەن، ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا نىكاھ يوق، ئۇ ساڭا قاراشنىمۇ خالىمايدىكەن.

— سەن، — دېدى موللا گۈلبەككە قاراپ، — سەنمۇ شۇ، ئېرىڭنىڭ ساڭا كۆڭلى يوقكەن، ئۇنىڭمۇ سىرتتا خوتۇنى باكەن.

— قانداق قىلىمىز ئەمدى، شۇ دەردلەر بىلەن كەلدۇققۇ بۇ يەرگە جاپا تارتىپ، — گۈلبەكنىڭ تۇرۇپلا زەردىسى تۇتتى. ئۇنىڭ يارىسىغا تۇز سېپىلگەندەك بولۇپ.

— ئامالى بار، ئامالى بار.

— قانداق ئامالى بار؟

—ئېرىڭنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلىمىز، سېنى ئىللىق كۆرستىش ئۈچۈن چوڭ خەتمىگە سالىمىز.

— يېنىپ كىرەمۇ؟

— كىرىدۇ.

— رەھمەت موللام، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانا...— گۈلبەك توختىماي سۆزلەيتتى، — شۇ ئېرىم بىر يېنىپ كىرگەن بولسا، ئۆيۈمنى ئىسسىق تۇتۇپ ئولتۇرغان بولسام قانچىلىك خۇش بولاتتىم...

شادىيە يەرگە قاراپ تۇراتتى.

— بۇنىڭغا بىر قوي قان قىلىسەن، ئېرىڭنىڭ ھەر بىر يېشى ئۈچۈن 40 سومدىن پۇل تۆلەيسەن.

— 40 سومدىن 40 ياشقا كىرگەن بولسا، قانچە بوپ كەتتى،

تۆت تۆت ئون ئالتە ، ۋاي خۇدايىم 1600 سوماما، بىر قوي با تېخى...

— شۇنىڭغا چىدىساڭ ئوقۇيمەن، بولمىسا ئىختىيارىڭ قايتىپ كەت.

— بۇنى سىلىگە دېمىدىم مولام، ئۆزۈمگە دەۋاتىمەن... — گۈلبەك مولامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن قورققاندەك شۇنداق دېدى. ئەمەلىيەتتە، ئىچىدە ئۇ «مولا ئوقۇپ يەيدۇ، توخۇ چوقۇپ يەيدۇ» دېگەن گەپ مۇشۇ ئوخشايدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— بىز تەييارلىقسىز چىقىپ قاپتۇق، تەييارلىق قىلىپ كەلسەك بولغۇدەك... — دېدى شادىيە مولامغا.

— ھە... ھىم... — دېدى مولا كۈلۈمسىرىگىنىچە كۆزنى يېرىم يۇمۇپ.

— نەدىن كەلدىڭلار؟

— بىز شەدىن چىققان.

ئۇلار راستىنى ئېيتىشنى خالىمىدى.

— ھە... مۇندىق بولسۇن، مەن بۇگۈن كېچە ئوقۇپ باقاي، ئىككىڭلار بىر كۈن قونۇڭلار، ئەتە كەلسەڭلار مەن سىلەرگە قالغان ئىشلانى تاپلايمەن، ئامال بولۇپ قالار...

— رەھمەت مولام، رەھمەت.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار مولامنىڭ قېشىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇلار ھويلىدىن ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا كەينىدىن مولامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھوي توختاي تۇرۇڭغۇي...

شادىيە بىلەن گۈلبەك «نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ ئويلاپ ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قارىدى.

— ھە نەدە قونسىلەر؟

— ناھىيە بازىرىدا تۇغقانلار بار ئىدى. شۇ قايتايلىمىكىن دەپ تۇرۇۋاتىمىز، ئەتە كەلسەك بولامكى...

— بېرىپ-كېلىپ يۈرەمسىلەر، ئاۋۇ 3-ئۆيگە كىرىڭلار، مولام ئەۋەتتى، دېسەڭ بارغوي سىڭدىبىرگە جاتاتىن جاي راسلاپ بېرەدۇ.

— رەھمەت، مولام!

ئۇلار قايتايلىمۇ ياكى مولام دېگەن ئۆيدە قونىمىزمۇ دېگەندەك بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، قوناقچى بولۇشتى. دەرۋازىسىمۇ يوق ھويلىغا كىرىپ، بىر قېرى كەمپىرنى كۆردى:

— بىزنى مولام كىرگۈزدى، — دېدى گۈلبەك.

— كېلىڭىزدىر، — دېدى كەمپىر ئۇلارنى بىر ئۆيگە باشلاپ.

ئۇلار بىر كىچىك ئۆيگە باشلاندى، شىرداق سېلىنغان، ئىككى ئۈچ يوتقان-كۆرپە، تولۇق ياستۇقلار تىزىپ قويۇلغاندىن باشقا ھېچقانداق بېزەلمىگەن ئۆيگە كىردى.

— مۇشۇ يەردە يېتىڭلار... بىرىڭلاردىن بەش يۈەن ئالىمەن.

— بوپتۇ، بېرەيلى!

— ئۇلار كەمپىرگە 10 يۈەن بەردى. كەمپىر چىقىپ كەتتى.

مولامنىڭ سايىسىدە ياتاق ئېچىۋاپتۇ-دە بۇ قازاق، قازاقلارمۇ بوش كەلمەيدىغان بولدى دېسە سودىغا...

— تاغدىن چۈشسە ئىش چاتاق جۇمۇ بۇلار...

ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— قوسۇقۇمىزغا بىرنەرسە يەيلى، ئەتىگەننىڭكىگىلا گىياھ سالمىدۇق، بۇ ئەرلەرنىڭ دەردىدە...

— شۇنى دېگىنە.

— بىردەم ئارام ئېلىۋالايلى، ئاندىن كەمپىرنى شىلاپ يۈرۈپ، ئەتكەنچاي ئىچىمىز، — دېدى گۈلبەك. شادىيە:

— سەن قىلسەڭ ئۇنى، سەن بولساڭ ئاچ قالمايمەنغۇ... — دېدى.

ئۇلار تاپىسدا ئولتۇرۇپ ئاياغلىرىنى يېشىپ، ئۆزلىرىنى شىرداققا تاشلاشتى.

* * *

ئەتىسى ئۇلار سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتى. تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇشتى. نامازدىن كېيىن گۈلبەك كۆرپىگە ئېغىناغاچ:

— شادىيە، مولام ئوقۇپ بولغاندىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— كىم بىلىدۇ دەيسەن، ئالدىرىماي ئوقۇشۇن، بولمىسا ئۆتمەيدۇ ئۇلارغا.

گۈلبەك پىخىلداپ كۈلدى، شادىيە:

— چاقچاق قىلما، شەك كەلتۈرگەن بولسەن، مەن تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ كىرەي.

— ياتە بولدى، نېمىسنى كۆرسەن.

— سەن ياتۋەر...

شادىيە چىقىپ كەتتى. شادىيە بىلەن گۈلبەك ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم ئىككى خىلدىكى ئاياللاردىن. شادىيە ئىچكى ھېسلىرى كۈچلۈك، نۇرغۇن ئىشلارنى ئىچىدە ئويلاپ پىشۇرىدىغان، روماتىك ئايال ئىدى. گۈلبەك بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر ئويلىيالمايتتى، ئەمەلىيەتچىل، رېئاللىققا بويسۇناتتى. ئاغزىدا سۆزلەشنىلا بىلەتتى، ئانچە ئىچىگە ئالمايتتى.

شادىيە ئىشىكتىن چىقىپلا يۈزىگە ئۇرۇلغان سالقىن تاغ شامالىدىن تېخىمۇ سەگىپ، نېرۋىلىرى جانلاندى، تەنلىرى ھوزۇرلاندى. ھاۋا ساپ، ئاسمان سۈزۈك ئىدى، يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتكەن تاغ شامىلىدىن ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ پۇرىقى، قىغلارنىڭ، تاغ تۇپرىقىنىڭ مەززىلىك ھىدلىرى كېلەتتى. شادىيە روھلىنىپ، ۋۇجۇدىدىن ئېغىر بىر نەرسە چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى، ئۇ يېنىك قەدەملەر بىلەن يولدىن ئۆتۈپ تاغ تامان يۈرۈشكە باشلىدى. يىراقتىن كۆرۈنگەن تۆپىلىككە چىقىپ قۇياشنىڭ قىزىرىپ چىققاندىكى ھالىتىنى كۆرمەكچى بولدى. ئۇ يۇمشاق تاغ ئوتلىرىنى دەسسەپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك تۆپىلىككە چىقتى، شەرق ئۇپۇقى قىزىرىپ، قىپقىزىل ئوتقاش تاۋاقتا ئوخشاپ قالغان قۇياش ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ زېمىنغا نۇر زىيالىرىنى چېچىشقا باشلىدى. شادىيە تۆپىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى يېرىگە چىقىپ، دېمىنى ئېلىش ئۈچۈن چىمدا ئولتۇردى. ئۇ ھاسىرىغان ھالدا چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى. يىراقتىن قاتار-قاتار قارىغايلار خۇددى پاراتتىن ئۆتۈشكە تەييارلانغان ئەسكەرلەردەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۆي-ئۆيلەرنىڭ قورۇسىدىن توپ-توپ ھەيدىلىپ چىقۋاتقان قوي، كالىلار تۆپىلىككە، ئوت-چۆپ بولۇقراق ئۆسكەن ئورۇنلارغا قاراپ ھەيدەلمەكتە ئىدى. بۇ تاغلىق كەنتتە خۇددى ۋاقىت توختاپ قالغاندەك، ئادەملەرنىڭ چېھرىدە بىر خىل خاتىرجەملىك بالقىيتتى. ئۇلار ماللىرىنى ياخشى تويغۇزسا، ماللىرى سەمىرسە شەھەردىن ئالدىغا مال ئالغىلى كەلگەنلەرگە ساتسا، لازىملىق نەرسە-كېرەكلەرنى شەھەردىن چىققان «چاربازارچى»دىن ئېلىۋالسىلا كۆڭلىرى ئۆتۈۋېرىدۇ. ئاياللىرىدا كىيىم-كېچەكتە بەسلىشىش، ئالتۇن جابدۇق ئېلىش، يېڭىلاش دېگەن كويلار يوق، يازدا بىر-ئىككى قۇر كۆينەك، قىشتا پاختىلىق چاپىنى بولسىلا بولدى، ئەرلىرى تالاغىمۇ قارىمايدۇ. ئاياللىرى ئەرلىرىنىڭ يەنە بىر خوتۇن ئېلىۋېلىشىدىن ئەنسىرىمەيدۇ...

شادىيە كۈننىڭ ئالتۇن تالالىرىدا كۆزىنى قىسىپ، تېخىمۇ يېشىل كۆرۈنگەن تاغ باغرىغا، ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق زەڭگەر ئاسمانغا مەپتۇن بولغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

ئۇ ئۆيگە كىرگىنىدە، گۈلبەك ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىشقا تەييارلىق قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىدى.

— موللامنىڭ قېشىغا كىرىمىزمۇ-يا، چاقىرامدۇ؟

— مەن موللامنىڭ شاگىرتى ئەمەس.

گۈلبەك پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— قىزىقتە سەن، دوستەك.

— كەمپىردىن سوراپ باقامدۇق، بۇ قازاق بىزگە ناشتىلىق بېرىپ قويسا بولمامدۇ، جىمغۇ ھازىرغىچە...

— ۋىي، ئۇخلاۋاتىدۇ دېگىنە سېسىق ئوسۇرۇپ، ناماز ئوقۇشنىمۇ بىلمەس، بىرەر ۋاق قوڭنى يۇيۇپ ئۇ كەمپىر...

— چىقىپ باقايلى يۈر، موللامنىڭ قېشىغا...

ئۇلار ھويلىدىن چىقىپ، موللامنىڭ قېشىغا چىقتى.

ئىشىك يەنىلا شۇنداق قىيا ئوچۇق ئىدى.

— ئەيسا موللام، ئەيسا موللام!

— ھە...

—كىرەيلىمۇ؟

— كىرىڭلا...

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ موللامنىڭ تېخىچىلا تۈنۈگۈن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— موللام كېچىچە ئۇخلىمىدىمۇ نېمە؟ — پىچىرلىدى گۈلبەك.

— تېچ تۇرغىن.

— مانا ماۋۇ تۇز، ھەر كۈنى ئېرىڭلارنىڭ تامىقىغا سېلىپ بېرىدىسلەر، بۇ دېمىدە، ئەتىگەندە ناشتا قىلماستا ئىچكۈزىۋېتىسلە، مۇنۇنى ئاپىرىپ ئېرىڭلارنىڭ ئايىقىنىڭ پېتىكى ئىچىگە چېچىپ قويۇڭلار...

— ۋىي پېتەك ساماي كىيەتتى بىزنىڭكى... — دېدى گۈلبەك.

— پېتەك سالمىسا سەن پېتەك سېلىپ كىيگۈز، — دېدى موللام گۈلبەككە كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قاراپ، —ھەر ئىككىڭلارغا ئايرىم-ئايرىم دەم سېلىپ ئوقۇپ قويدۇم، — دېدى دېمىقىنى قىقىپ، ئىككىسىگە ئىككى تۈگۈنچەكنى تەڭلىدى.

— موللام بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن...

— ئاتىغىنىڭنى بەر.

ئۇلار يېنىدىن 50 يۈەن چىقىرىپ موللامغا قاراپ، «ئاز بولۇپ قالامدۇ» دېگەندەك قاراپ تۇرۇشتى.

— مۇشۇنى قىلىپ بېقىڭلار ئۆتمىسە كېيىن كېلەسلەر.

— ئاز بولسىمۇ.... — ئۇلار پۇلنى قويۇشتى.

— ئامىن، — دەپ پۇلنى كۆرۈپلا قولىنى كۆتۈردى موللام. بىرمۇنچە ئايەت، ياخشى تىلەكلەرنى تىلىگەندىن كېيىن، يۈزىنى سىيپىدى، ئاندىن يەنە بىر قېتىم شۇ ھەرىكەتنى قايتىلاپ ئىككىسىگە دۇئا ياندۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، گۈلبەك بىلەن شادىيە ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— رەھمەت موللام، ئەمىسە بىز ماڭايلى.

ـ ھە!

* * *

ئۇلار شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ چىقتى. شادىيە
ئازراق سوغۇق چاي ئىچىۋېلىپ، ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بالىلىرىنى ئالغـ
لى باردى.

ـ نەگە باردىڭىز قىزىم، شەگە كىرىمەنمۇ دەپ قويىماي.

ـ سودىلىق قىلىپ چىقتىم.

ـ قېيىنانىڭىز ياخشىدۇ ؟

ـ ياخشى.

ـ سىز شەگە كىرىپ كەتكەندە كىم قارىدى ئاپىڭىزغا؟

ـنۇرانىيە ئۆيگە ئېلىپ كەتكەن.

ـ ئۇلار بىر مەزگىل قارايدىغاندۇ ھەقچان، ئىنساپقا كېپقاپتۇ-
دە، ئانىنىڭ بالىلاردا ھەققى بار. باشقا بالىلىرىچۇ يوقلامدۇ...

ـ يوقلايدۇ، كۆزى بىلەن.

ـ ئاپا، ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكىچۇ، ساڭا قارىيالمىدىم.

ـ مەنمۇ كېتىپ بارىمەن بىر كۈن ساق، بىر كۈن بىر قانداق
بولۇپ، قېرىلىققۇ ئاخىر. ئاكاڭلار بىرسى قويسا بىرى ئۆيگە ئاپىـ
رىۋېلىپ دېگىنە.

ـ ئاپا، مەنمۇ ئاپىرىپ باقاي سېنى.

ـ ۋىي قوي، بولدى قېيىناڭنى باق بالام...

ـ سەنمۇ ئاپام تۇرساڭ.

ـ سەن نەچچە كۈن « ئۇھ» دەپ ئارامىڭنى ئېلىۋال، قارا
چىرايىڭنى قورۇلۇپلا قاپسەنغۇ قىزىم، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يوقتۇـ
ھە؟

ـ يا... ياق، ئاپا، خاتىرجەم بوله، ئاپا...

ـ نۇرمۇھەممەت كەلمەپتىغۇ ؟

شادىيە «ئۆزى ئۆيدە يوق تۇرسا، قېيىنانىسى ئېسىگە كېلەمدۇ،
سەن زورلاپ بەرگەن ئارزۇلۇق كۈيئوغلۇڭ ئۇ... » دېگەنلەرنى
خىيالىدىن ئۆتكۈزگەچ ئاپىسىغا:

ـ ۋاي با ئاپا، نەگە كېتەتتى، ئىشلەۋاتىدۇ، ـ دەپ قويدى.
خىيالىدا ئېرى تېزراق ئۆيگە كىرسە، ئەيسا موللام قىلىپ بەرگەن
سەۋەبنى قىلىپ باققۇسى كەلدى. ئۇ ئەر ئۆيگە يېنىپ كەلسە
كەلدى دېمىسە، ئۇنى ھېچيەردىن تاپقىلى بولمايتتى.

ـ ھەي قىزىم قارا، مەن ھەلىمەنىڭ ئۆيىگە بارغان ئىدىم،
ئۇنىڭ كامال ئىسىملىك بالىسى باتىغۇ، شۇ ھازىر شەھەردە باي
بولۇپ كېتىپتۇ.

ـ سەن ھەلىمەدەم بىلەن ئارىلاشمايتتىڭغۇ، قانداق قىلىپ
ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدىڭ...

ـ ۋاي بالام، قۇدامنىڭ قۇدىسىكەن، قۇدام ئۆيگە چاقىرغاندا
بىر داستىخان بولۇپ قالدۇق، شۇ يەردە دەپ بەردى.

ـ ھە بوپتۇغۇ، مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى ئۇ گەپلەرنىڭ.

ـ ھەي نېمىسىنى دەيسەن قىزىم، ھەلىمخان كونا ھېكايىلەرنى
سۆزلەپ كېلىپ، بۇندىن 20 يىل ئىلگىرى كامالنىڭ شەھەردىن
چىقىپ سېنى سورىغانلىقنى، ئەلچىلىككە بېرىشنى ئېيتقانلىقنى،
ئەمدى ئەلچى ماڭدۇرىدىغان كۈنى سېنىڭ تويۇڭ بولغانلىقنى
ئېيتىپ بەردى. ھەلىمخان « ئەسلىدە بالىلار پۈتۈشۈپتىكەنتۇق»
دەيدۇغۇ، سەن بۇسىنىمۇ چىقارمىدىڭ بىزگە، ياخشى خەقلەرتى،
كامالنىڭ دادىسىمۇ ئېسىل ئادەم، ئادەمنىڭ قەدرىنى قىلىدىغان...
ياخشى ئۆتۈۋاتىدىغانسىلەر، نۇرمۇھەممەتمۇ ياخشىغۇ بالام، كامالـ
دىن ھېچ يېرى قېلىشمايدۇ، ـ ئاپىسى نۇرسىزلىنىپ كەتكەن كۆزلەـ
رىنى قىسىپ قىزىغا ئۈمىد بىلەن قارىدى. ئانا دېگەن تۇيغۇن كېلەـ
دۇ، پەرزەنتىنىڭ چىرايىدىكى نۇرسىزلىقتىن ئەردىن كۆڭلى سۇ ئىچـ
مەيۋاتقانلىقنى بىلىدۇ، ئايال كىشىنىڭ ئەرنىڭ مېھرىدە پەرۋىشلىنـ
دىغانلىقنى، مېھر-مۇھەببەت سۈيىدە ياشىرىپ، ئېچىلغان گۈلدەك
تولىدىغانلىقنى بىلىدۇ.

ـ ياخشى، ئاپا، ئەنسىرىمە.

ـ ھەي قىزىم، نېمانچىلا روھسىز بولۇپ قالدىڭ، ئۇستىۋاشلىـ
رىڭنى ئوڭشاپ-تۈزەپ يۈر، بۇنچىلا ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتكۈدەك
نېمە بولدى ساڭا؟ ئايال كىشى ئۆزىنى تاشلىۋەتسە، ئەرمۇ تاشلايـ
دۇ جۇمۇ...

* * *

شادىيە بالىلىرىنى ئېلىپ گاراڭ ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەلدى.
ئاپىسىنىڭ « ئەلچى ماڭدۇرىدىغان كۈنى سىزنىڭ تويىڭىز بولىدـ
غانلىقنى ئاڭلاپتۇ» دېگەنلىرى قۇلىقىدىن ھېلىدىن-ھېلىغا ئۆتەتتى.
« ئۇ ئەسلىدە ۋەدىسىدە تۇرغان ئىكەن-دە، ۋەدىسىدە تۇرمىغىنى
مەن بولۇپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ. ئۇ قانداق بولۇپ كەتكەندۇ،
كېيىن مېنى ئىزدىگەنمىدۇ؟ مەن نېمىلەرنى قىلىپ قويغاندىمەن؟ ئۇ
‹ئۈچ يىلدىن كېيىن كۆرۈشىمىز› دېسەم قوشۇلمىغانلىقى كۆڭلىنىڭ
تۇيغانلىقى ئىكەن-دە.»

شادىيە ئۆيگە يېنىپ كېلىپ بالىلىرىنى تاپشۇرۇق ئىشلەشكە

بۇيرۇپ، ئۆزى ئادەتتە مېھمان كەلمىسە كىرىپمۇ قويمايدىغان يا-
سىداق مېھمانخانىسىغا كىردى. ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان، تورۇسلى-
رى نەقىش قىلىنغان ئۆي ئۇردىلاردەك چىرايلىق ياسالغان، ئىشىك-
كە قىلىن دۇخاۋا پەردە تارتىلغان، قاپقاقلىق دېرىزىلەرنىڭ ئىچىگە
چىكەن، تېشىغا دۇخاۋا پەردىلەر تارتىلغان بولۇپ، لېنتىلار بىلەن
قايرىپ قويۇلغان، پولغا قىپقىزىل ئۈجمە ياغىچى تاختىسى يېپىتىلغان
بولۇپ، ئۈستىگە خوتەننىڭ يۇڭ گىلەملىرى سېلىنغان ئىدى.
ئۆينىڭ يۇقىرىقى تېمىغا قاچا-قۇچا جاھازىلىرى قويۇلغان بولۇپ،
ئىچىگە ئاجايىپ ئېسىل نەپىس بۇيۇملار تىزىۋېتىلگەن ئىدى. بۇ
نەرسىلەرنى نۇرمۇھەممەتنىڭ بىر يېقىن ئاغىنىسى قازاقىستانغا چىق-
قاندا ئەكەلگەن، قالغانلىرىنى شادىيە ئۆزى تاللاپ، چېكىپ تۇرۇپ
ئالغان ئىدى. شادىيە ئۆيگە مەستلىكى كېلىپ قارىدى، ئىشىككە
ئۇدۇل تامغا ئېسىپ قويۇلغان نەقىشلىك ئەينەككە قارىدى، ئەينەك-
تە بىر قېرى خوتۇن ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ
چۆچۈپ يۈزلىرىنى سىيلاپ باقتى، «بۇ يۈز مېنىڭمۇ ئەمەسمۇ،
يۈز تېرىلىرىم ئاپپاقتەك قىلىۋاتاتتىغۇ، تۇۋا قاپاقلىرىم ئەتراپىنى كۆ-
رەيمۇ، نەدىن پەيدا بولغان قورۇقلار بۇ». ئۆيدە، ئېتىزدا تولا كې-
يىلگەنلىكتىن ئۆڭۈپ كەتكەن كۆينىكى، شۇنىڭغا يارىشا تېڭىۋالغان
قارا گاز ياغلىقى ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان ماشۈلاي چاچلىرىدا ئاندا-
مۇندا ئاقارغان چاچلار ئۇنى تېخىمۇ مىسكىن، غېرىبانە كۆرسىتەت-
تى. ئۇ دەرھال ئەينەكتىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. تام تەرەپتىكى
پېچەت خۇرۇم چامادانلارنى ئاچتى، ھەر ھېيت، بايرامدا تىكتۈر-
گەن شىپىلىك دۇخاۋا كۆينەكلىرى، سارجا كوپتا-يوپكىلىرى بىرە-
بىر كيگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، شۇ پېتى قاتلاقلىق تۇراتتى. بۇ
كۆينەكلەرنى ئۆيدە ئىش-كۆشلەرنى تۈگەتكەندە كىيسە بولاتتى،
ئەمما، ئۇ ئاياپ كىيىپ باقمىغان ئىدى. «بۇ زەڭگەر گۈللۈك
شىپىلىك دۇخاۋىنى كورىيە پاسونىدا تىكتۈرگەن ئىدىم، بىر قېتىم ئۇ-
چامغا ئارتىپتىمەن، ئاخىرەتلىكمگە ئاتاپ قويمىغاندىن كېيىن بۇ
كۆينەكلەرنى كىيسەم بولمامتى؟» شۇنداق قىلىپ شادىيە كۆينەكلە-
رنى چامادانلىدىن ئېلىپ كىيىم جاھازىلىرىغا ئېلىپ ئىشكاپقا ئېسىپ
قويدى. ئۇ ئېلىگرى كىيىم توپا بولۇپ كېتىدۇ دەپ ئىشكاپقا سال-
مايتتى. ئۇ سۇ ئىسسىتىپ تازا بىر يۇيۇنۇپ، بۇ زەڭگەر شىپىلىك دۇ-
خاۋا كۆينىكنى كىيمەكچى بولدى. قايناقسۇنى قاينىتىپ باغدىكى
گۈل بەرگىلىرىنى چىلاپ قويدى. ئاندىن ئىككى چېلەكتەك سۇنى
ئۆيگە ئەكىرىپ، يوغان داسنى قويۇپ يۇيۇنۇشقا باشلىدى. بۇ
چوڭ ئايۋان-سارايلار سېلىنغاندا نۇرمۇھەممەتكە «مۇنچا سېلىپ
بېرىلىك» دەپ قۇلىقىغا قۇيۇۋەتكەن بولسىمۇ، نۇرمۇھەممەت «

ھە» دەپ قويۇپ سالمىدى، بىر سېلىنمىغان پېتى قالدى، ھەممە
نەرسىسى تولۇق بۇ قورۇدا مۇنچا يوق ئىدى. شادىيە ھەر قېتىم
يۇيۇنۇپ بولۇپ يۇندىنى تۆكىدىغان چاغدا نۇرمۇھەممەتنى مىڭنى
تىللايتتى: «بېشىڭنى يەيدىغان جاھىل، مۇنچا سالغان بولساڭ بىر
يېرىڭ چۈشۈپ قالاتتىمۇ، پاكىزرەك ئولتۇرا بولغىيتىڭ ئۆزۈڭمۇ،
قىشنىڭ سوغۇقلىرىدا يۇيۇنۇپ بولۇپ يۇندىنى تۆكۈشنىڭ تەسلى-
كى، ھەپتىدە بىر يۇيۇنمىسا ئادەم سېسىق پۇراپ تۇرغان...» دەپ
غودۇڭشىيتتى. شادىيە يۇيۇنۇۋېتىپ ئېرى بىلەن بىللە بولمىغلى
بىرەر ئايلار بولغىنىنى، ئۆزىنىڭمۇ مۇنداق كۆڭۈل قويۇپ يۇيۇ-
نۇپ باقمىغلى ئۇزۇن بولغانلىقىنى ئويلاپ، ئېغىر ۋە ئۇزۇندىن
ئۇزۇن ئۇھسىندى. بىرخىل فىزىيولوگىيەلىك تەشنالىق ئۇنىڭ كاللى-
سىنى قوچۇپ-قوچۇپ تۇراتتى، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېرىگە غەزىپى
كېلەتتى.

ئايال كىشى دېگەن بەرىبىر ئايال كىشى-دە، ئۇ ئەرنىڭ بىر
نەزىرى بىلەن ياشىرىدۇ، نەزەردىن ساقىت قىلىشى بىلەن سولۇپ
قالىدىغان گۈلگە ئوخشايدۇ. گۈل باغۋەننىڭ ئۆزىگە دائىم سۇ
قۇيۇپ، سۇ قۇيۇش جەريانىدا يوپۇرماقلىرىنى سىيلاپ قويۇشنى،
مېھرى بىلەن قاراپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بىر-
بىرى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغانلارمۇ يىللار ئۆتكەنسېرى
بىر-بىرىگە بولغان ئوتتەك ھېسلىرى پەسكويغا چۈشىدۇ، ئۇنى
پەرۋىش قىلىشقا، كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. پەرۋىش قىلىنمىغان
نىكاھ كۆڭۈللۈك بولمايدۇ. شادىيەدىغۇ نۇرمۇھەممەتكە نىسبەتەن
قىلچىلىك مۇھەببەت يوق، ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەنلا توي
قىلغان بولسىمۇ، كونىلارنىڭ «نىكاھ ئىسسىقچىلىق سالىدۇ» دې-
گىنى بويىچە ئىسسىق ئۆتۈپ، ھازىرغىچە ئۆتۈپ كەلدى. ئۇ نۇر-
مۇھەممەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە مۇھەببەت تەلەپ قىلمى-
دى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئاتا قىلالمىدى. نۇرمۇھەممەتمۇ
ئىسسىقمۇ يوق، سوغۇقمۇ يوق نىكاھ تۇرمۇشتىن زېرىكتى. ئىلگى-
رى شادىيەنىڭ رايى بولسۇن-بولمىسۇن ئۆز قىزغىنلىقىغا تايىنىپلا
ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاۋۇندۇرۇپ كەلگەن بولسا، ھازىر تېشىدىن «
كۆڭۈل خۇشى» ئىزدەپ شادىيەنىڭ كۆڭۈل تۈيۈشلىرىغا نەزىرىنى-
مۇ سالمايدىغان بولدى. شادىيە ئىلگىرى قىلچە قىزغىنلىقى بولمىسى-
مۇ، يولدىشىنىڭ ئۆزىگە «ۋاي» دېيىشلىرىگە كۆنۈپ قالغان ئىدى.
ئەمما، ھازىر ئىشلار ئۆڭتەي-توڭتەي بولۇپ كەتتى. ئۆي ئەرسىز
قېلىپ چۆلدەرەپ قالدى، ئەرسىز ئۆينىڭ كەيپىياتى، زورلاپ
كۈلگەن ئادەمنىڭ چىرايىدەك كۆڭۈلسىز بولىدىكەن، قانداقتۇر بىر
يېرى بوش، باشقا ھەرقانداق نەرسە بىلەن تولدۇرسىمۇ تولدۇرغى-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لى بولمىغىدەك دەرىجىدىكى مۇدھىش بوشلۇق...

ئۇ يۈزلىرىنى لۆڭگە بىلەن بېسىپ ئۇۋۇلاپ، بىر قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يۇدى. تاپانلىرىدىكى قېتىپ كەتكەن توڭرىلارنى قىردى، بىچارە ھازىرغىچە ياخشىراق ئاياغلىرىنى ئاياپ كىيمەي، ئېرىنىڭ كونىراپ كەتكەن يوغان چۇخىيىنىڭ سوڭنى دەسسەپ شاپىلدىتىپ مېڭىپ ئىشلەش جەريانلىرىدا تاپانلارنىڭ يېرىلىپ كەتكەنلىرىگە دىققەت قىلمىغان ئىدى. چاك-چاك يېرىلىپ، كىچىك بالىنىڭ چىمەلتەك قولى پاتقۇدەك بولۇپ قالغان يېرىقلار، قومۇرۇلۇپ كەتكەن تېرىلەر ئۆزىنىڭ پاچاقلىرىغا تېگىپ كەتسىمۇ، شاخار تەگكەندەك بولۇپ چۆچۈپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ پۇتلىرىنىڭ ئېرىنىڭ پۇتلىرىغا تېگىپ كەتسە قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمىغان ئىدى. ئۇ پۇتىنى ئىسسىق سۇدا ئىۋىتىپ، قىرىپ يۇيۇپ ھەر ھالدا بۇرۇنقىدىن ياخشى ھالەتكە كەلتۈردى. ئەمدى بۇ پۇتقا ماي سۈركەپ سولياۋ خالتىغا يۆگەپ بىر كۈن تۇرغۇزسا يۇمشاپ كېتىدۇ، «ئەمدى ھەرگىز پايپاقسىز يۈرمەسمىنا» دېگەنلەرنى ئويلىدى شادىيە. ئۇ يۇيۇنۇپ چىقىپ، بەدەنلىرىنى سۈرتتى، قولتۇقلىرىنىڭ تۈكلىرىنى تازىلاپ ئۇپىلىدى. قاچانلاردىدۇر ھاجى ئانىسى ھەرەمدىن ئالغاچ كەلگەن ئەترىنى رۇباشكا ۋە زەڭگەر كۆينىكىگە چاچتى. ئاندىن كىيىنىۋېلىپ چاچلىرىنى تاراپ قۇرۇتۇپ، بىر تال قىلىپ ئۆرۈپ، ئېگىز قىلىپ تۈرمەكلىدى. ئۇ زەڭگەر كۆينىكى بىلەن پار قىلىپ، تاقىدىغان زەڭگەر ياغلىقىنى تاقىدى. ئاندىن مېھمانخانىدىكى ئەينەكتە ئۆز ئەكسىگە قاراپ قېتىپلا قالدى: ئەينەكتە كۆزلىرىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان، ياغلىقلىرىنىڭ ئاستىدىن تەبىئىي بۇدرە چاچلىرى چىقىپ تۇرغان زەڭگەر كۆينەكلىك بىر چوكان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. « ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى» دەپ راست ئېيتىپتىكەن كونىلار. مانا شادىيەنىڭ مەرمەردەك پارقىراپ، قىزىرىپ كەتكەن مەڭىزلىرىدىن قىزلىق چاغلىرىنىڭ لاتاپىتى، ئۈزلۈقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. لەۋلىرىدە قېتىپ قالغان نازۇك كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭغا سېھىر بېغىشلىغان، بۇ كۈلۈمسىرىشى بىلەن مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ مەيلىنى لال قىلغان بۇ گۈزەل ئەينى ۋاقىتتىكى شادىيە ئىدى. شادىيە قىز چاغلىرىنى ئەسلەۋېتىپ كامالنى ئويلىدى. كامالنىڭ تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان قوڭۇر كۆزلىرى ھېلىمۇ تىكىلىپ تۇرغاندەك يۈزلىرىنى، لەۋلىرىنى سىيلاپ باقتى، خىجىل بولۇپ ئۆزىنى ئەينەكتىن نېرىغا تارتتى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، ئۇنىڭغا ئۆزىگە مۇشۇنداق ۋاقىت ئاجرىتىش پۇرسىتى بولمىدىمۇ ياكى ئۆزى ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ شادىيە ئۆزى ئۈچۈن ياشاپ باقمىغان ئىدى. ئەمما، خان ئوردىلىرىدەك ياسالغان بۇ قورۇغا قارانچۇق بولۇپ قالغاندىن بېرى، ئۆيدە بىر ئەر بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. توغرا، ئايال كىشى پەقەت تاشلىنىش گىردابىغا بېرىپ قالغاندا ئاندىن ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىغا، گەپ-سۆزلىرىگە سەپ سالىدۇ، پەقەت ئەقىللىق ئاياللارلا ئۆزىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئەكسىچە، بەدەل تۆلەشنى بىلىپ، ئۆزىنى سۆيەلمىگەن ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئاياللار ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ باقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ھاياتى تاشلىنىش ئىچىدە ئۆتىدۇ.

شادىيە ھويلىغا چىقتى. ھويلا جىمجىت، باللىرى سىرتقا چىقىپ كەتكەن، چاقىرىپ تۇرىدىغان مومايمۇ يوق، شادىيەنىڭ بۇلاق بېشىغا چىققۇسى كەلدى. ئۇ چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ بۇلاققا قاراپ ماڭدى.

-ھۇيت شادىيە، سۇغا ماڭدىڭىزما؟ - ئەمدىلا يولغا چىقىشىغا قوشنىسى گۈلەم دەرۋازىدىن چىقىپ كەلدى.

- ھە سۇغا، بىزنىڭ قۇدۇقتىن سۇ چىقمىدى. بۇلاقنىڭ سۈزۈك سۈيىدىن ئىچكۈم كېلىپ.

- مۇھەببەتلەشكەن چاغلارنى ئەسلەپ دەڭە.

- سىزمۇ چىقىڭە، تەڭ ئەسلىشەيلى.

- بولدى سىزلا چىقىڭ، مەن ئۇ چاغلارنى ئەسلەپ يۈرسەم ئەمچەكتىكى بالام قانداق قىلىدۇ، - چوكان قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. قىزىقچى، قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈرىدىغان بۇ چوكانغا شادىيە ھەۋەس قىلاتتى. بەك چېچەن بۇ چوكان ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆرۈۋالىدىغاندەكلا بىلىنەتتى.

شادىيە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ بۇلاق بېشىغا چىقتى. بۇلاق بېشى ئەتراپى يېڭىدىن تىكىلگەن دەرەخلەر بىلەن بۈككىدە ئورمانلىققا ئايلانغان ئىدى. ھازىر سۇغا چىقىدىغانلار ئازلاپ كەتكەنلىكتىن يول تارىيىپ پەقەت ئات-ئۇلاغلارنى سۇغىرىدىغان تار يوللا قالغان، تار يولنىڭ بويىدا چىغىرتماق، چۆچۈكبۇيا، سۆتلىگەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. كامال ئۇنى تارتىپ باغرىغا باسقان يەرگە كەلگەندە شادىيە تۇرۇپ قالدى، پۈتۈن بەدىنى خۇددى شۇ چاغدىكى سەزگۈنى قايتا سەزگەندەك جۇغۇلدىدى. ئۇ ئىتتىك مېڭىپ بۇلاق بويىغا چۈشتى، كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ تەلىيىگە بۇلاق بېشىدا ئادەم يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئازادە خىيال قىلىۋېلىشقا، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىۋېلىشىغىمۇ قولايلىق ئىدى. سۈپسۈزۈك بۇلاق سۇ ئالىدىغانلار چىقمىغاچقا سۈيى كۆپىيىپ نېرىراقتا بىر كىچىك كۆل بولۇپ شەكىللەنگەن، قۇشقاچ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تورغايلار ئەركىن، ئازادە چۈشۈپ سۇ ئىچىشىۋاتاتتى. بۇلاق سۈيى ئەينى ۋاقىتتىكىدەكلا بۇلدۇقلاپ چىقاتتى، سۇنىڭ بەزىدە بۇلدۇقلىغان، ئۈنچىلەرنىڭ چاچراپ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئولتۇرغان تاش ھېلىمۇ شۇ يەردە بار ئىدى. ئۇ ئانارىدەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى ئىككى قولىدا ئېتىپ بۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان، ئىچ-ئىچىدىن چىققان خۇشاللىقنى يوشۇرالمىغان كامال ئۇنىڭ ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ۋەدە بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا شادىيەنىڭ ئەخمىقانىلارچە چىقارغان قارارىغا قوشۇلمىغان بولسا قانداق بولغىيدى؟ شادىيە ھازىرقىدىن بەختلىك ياشىماسمىدى؟ مانا ئەمدى ئاشۇ ياخشى كۆرمىگەن ئەرگە بارلىقىنى بېغىشلاپ، ياشلىقىدىن خوشلاشتى، ئەمما، ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى...

ئۇ يۈزلىرىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئالدى، بارماقلىرى ئارىسىدىن كۆز ياشلىرى سىرغىپ، تاراملاپ يەرگە تۆكۈلەتتى. ئۇ ئاخىرى ئىچىدىكى بارلىق دەردلىرىنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈندەك ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى، يىغا يىغىنى تاپار دېگەندەك شادىيە دەسلەپ كامالنى ئەسلەپ، پۇشايماندا يىغلىسا، كېيىن نۇرمۇھەممەتنىڭ ئۆزىنى داغدا قويغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ شور پېشانىلىكىدىن يىغلىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمىدى، بىر چاغدا قۇلاق تۈۋىدە بىراۋنىڭ:

- شادىيە، نېمە بولدىڭىز؟ - دېگەنلىكىنى ئاڭقىرغاندەك قىلدى. ئۇ بىر قەۋەت ياش پەردىسى توسۇۋالغان كۆزلىرىنى چۆچۈپ يوغان ئاچتى.

- ئاخىرى كەلدىڭىز-دە، شادىيە...

قۇلاقلىرىغا، كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن شادىيە كۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۇۋۇلىدى. يېنىدا كامال ھېلىقى پەتىدە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. شادىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ چۈش ياكى خىيالىي تۇيغۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تەمبەل، قىرانلىق يېشىغا يەتكەن، يۈز-كۆز ئەتراپلىرىغا قورۇقلار چۈشكەن، تۇرمۇشقا پىشقان بىر ئەر تۇراتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كەينىگە دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. كامال ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى، شادىيە شۇندىلا بۇنىڭ چۈش ئەمەس، ئالدىدىكى ئادەمنىڭ كامال ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندى. ئۇ گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما لەۋلىرى مىدىرلىغىنى بىلەن ئاغزىدىن تاۋۇش چىقىرالمىدى. كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق، ئىنتىزارلىق، نەپرەت ۋە ئاللىقانداقتۇر بىر ئالامەتلەر تۆكۈلەتتى.

- سىز، سىز كامالمۇ؟

- مەن شۇغۇ، شادىيە...

- سىز بامۇ بۇ ئالەمدە...

- مەن بار، شادىيە... سىزنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭىز ئۈچۈن، مەن مەڭگۈ مۇشۇ قورامتاشنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىغان، سىزنى مەڭگۈ ساقلايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم.

- نېمە دەيسىز، سىزنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەنغۇ؟ - شادىيەگە ئۇنىڭ گەپلىرى چۆچەكلەردىكى، كىنولاردىكى گەپلەردەك بىلىندى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق شېرىن گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى. خۇددى سۇسىز قېلىپ قۇرۇپ قالاي دېگەن گۈل سۇغا تەشنا بولغاندەك، ئۇنىڭمۇ قەلب دۇنياسى ئەرنىڭ شۇنداق گەپلىرىگە تەشنا ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتەك ھېسسىيات قايتا باش كۆتۈردى. يۈزلىرى قىزىرىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، يەرگە قارىدى. ئۇ چۆلدەرەپ قالغان ئۆيىنى، نامدا بار، ئەمەلىيەتتە قىزىقى قالمىغان (ئەزەلدىن ئېرىدەك ھېس قىلىپ باقمىغان) ئېرىنى، باللىرىنى ئۇنتۇغان، ئەينى ۋاقىتتىكى قىزلىقىغا قايتقان ئىدى.

- مەن بىر كۈنمۇ ئۇنتۇمىدىم، جېنىم، قانداقمۇ ئۇنتۇي، سىزنىڭ ئوتتىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمنى كۆل قىلدى، جېنىم شادىيەم، يۈرۈڭ بۇ يەردە تۇرمايلى، ئېتىنى سۇغىرىدىغانلار چىقىپ قالدۇ، - ئۇ شادىيەنىڭ قولىدىن تارتىپ ئورمانلىققا تارتىپ دېگۈدەك ماڭدى.

- كامال، نەگە ئاپىرىسىز مېنى...

- بۇرۇن ئاپىرالمىغان يەرگە.

- كامال، بۇ يەرگە بۈگۈن نېمىگە چىققانتىڭىز...

- سىزنى ئېلىپ قاچقىلى...

- جېنىم كامال، مېنى تارتماڭ، چېلىكىم...

- ئەكېلىڭ بۇنى، جايلىۋېتەي.

كامال چېلەك، ئەپكەشنى بىر يەرگە تىقىپ قويدى.

- مېڭىڭ، جېنىم...

كامال شادىيەنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنى تارتىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار جىرا بويلاپ مېڭىپ، قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كامال خۇددى بۇ يەرلەر تونۇشتەك ئۇدۇل كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، بىر باغنىڭ ئىچىگە كىردى، باغدا ئاپرۇت، مەنپەزە، بەششۇئار ئالمىلار بار بولۇپ، شېخىدا قىزىرىپ تۇراتتى. كامال چاخسىنىڭ ئىلغۇچىنى ئېچىپ باغقا كىردى. باغنىڭ بوش يەرلىرىدە ھەرخىل سەبدىگۈل، ئورۇس گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن، يىراقراق بىر يەردە راۋاقلىق شىپاڭ، نېرىدا ئۈچ

ئېغىزلىق ئۆي بار ئىدى.

— بۇ كىمنىڭ بېغى، كامال، كىرىۋەردۇققۇ؟

شادىيە بەئەينى كىچىك قىز بالا، قارشىلىق يوق، كامالنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغىنى ماڭغان ئىدى. ئۇ ساددىلىق بىلەن سوئال سورايتتى، ئۇنىڭ سوزۇلۇپ قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە قىزلىق قىزىللىقى يۈگۈرگەن، ھەرىكەتلىرىمۇ چاققان بولۇپ، خۇددى قىزلىق جۇشقۇنلۇقىغا، 18 ياشلىق ھاياتىغا قايتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭدا نە ئەندىشە، نە قورقۇش يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ يۈرىكىدىكى ئادەمنىڭ يېنىدا ئىدى، ئاران بىر يەتكەن بۇ بەختنىڭ سەزگۈسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقاتتى، كامالنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتقان قوللىرىنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق قېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

— بۇ سىزنىڭ چارباغىڭىز جېنىم، سىز ئۈچۈن مەن بىنا قىلغان چارباغ... — دېدى كامال.

— راست دەۋاتامسىز؟

— يۈرۈڭ، ئۆيىنى كۆرۈپ بېقىڭ...

ئۇلار تاش يېتىلغان يولنى بويلاپ مېڭىپ، چىرايلىق سېلىنغان ئۆيگە كىردى. ئۆي پۈتۈنلەي تاختايدىن سېلىنغان بولۇپ، كارىدورلۇق، يوغان دەھلىزلىك ئىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىمۇ تەشتەكلەردە ئېسىل گۈللەر بېقىلغان. كامال شادىيەنى تارتىپ بىر ئۆيگە ئەكىردى، بۇ ئۆي ياشلارنىڭ ھۇجرىسىدەك ياسالغان. باغقا قارىغان دېرىزىگە قىزىل دۇخاۋا پەردە تارتىلغان، نەقىشلىك چوڭ كارىۋات قويۇلغان، كارىۋات ئۈستىگە ئېسىل كارىۋات ياپقۇچ، يوغان-يوغان بىرنەچچە كارىۋات ياپقۇچى رەڭگىدىكى ياستۇقلار تاشلانغان، كارىۋات ئاستىغا يۇمشاق گىلەم سېلىنغان ئىدى.

— بىلەمسىز جېنىم، بۇ بىزنىڭ ھۇجرىمىز ئىدى، ھازىرغىچە ھېچكىم يېتىپ باقمىدى، مەن پۈتۈن تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ سىز بىلەن توي قىلغىلى كەلگەندە، سىز مېنى ساقلىمىدىڭىز، — ئۇ شادىيەنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ ئۇچقۇنلار چاچرايتتى، بۇ ئۇچقۇنلاردا شادىيە ئۆزىنى كۆيۈپ كۈل بولىدىغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

— مەن سىزنى ساقلىدىم، سىز، سىز يوقاپ كەتتىڭىز، مەن شۇ گەپنى دېگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم، 20 يىلدىن بۇيان شۇ پۇشايماندا ياشىدىم، كامال! مېنى ئەيىبلىمەڭ، مەندە ئەيىبلىشىڭىزنى كۆتۈرگۈدەك جاسارەت يوق.

— مېنىڭ جېنىم... — كامال شادىيەنى ئۆزىگە تارتىپ مەھكەم قۇچاقلىدى، شادىيە ئۇنىڭ قۇچاقلىشىدىن بەدىنىدىكى ئۇستىخانلار غاراسلاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بۇ دۇنيانى ئۇنتۇدى. ئۇ شۇ چاغدا ئىككى مۇھەببەتلىك قەلبلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ھاياتنىڭ ھەقىقىي قۇۋناق، تاتلىق، مەنىلىك ھايات بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى، ئۆتكەن مەنىسىز تۇرمۇشقا ئېچىنىۋاتاتتى، بۇنداق قىزغىن، بۇنداق ھارارەتلىك قۇچاقلىنىپ باقمىغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئىدى.

كامالنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى ئۈچۈن ھازىرلىغان بۇ ھۇجرىسى بۈگۈن بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق ئۈچۈن ۋىسال بۆشۈكى بولدى، يۇمشاق كارىۋات تۇنجى قېتىم ئۇلارغا تۆشەك بولدى. شادىيە ھاياتىدا تېخى تېتىپ باقمىغان لەزىز بىر تەمدىن لەززەتلەندى، ئۇ خىيالىدا ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك، چارباغدا كېپىنەكلەردەك ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ھېس قىلدى. كامالنىڭ قوينىدا يېتىپ تۇرۇپ، دېرىزىدىن تۇنجى سۆيگىنى ئۆزى ئۈچۈن قۇرغان چارباغدىكى مېۋىلەرگە، گۈللەرگە زوقمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق، بەخت ئۇچقۇنلىرى بالقىيتتى، كامال ئۇنىڭ چۇۋۇلغان يۇمشاق چاچلىرىنى سىلايتتى، سۆيەتتى.

— نەگە قاراۋاتىسىز؟ — كامال پىچىرلىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدە غالىبلىق ئەلەڭگىيتتى.

— بېغىمغا، بۇ راست مەن ئۈچۈنمۇ، سىز راستىنلا مېنى ھازىرغىچە ئۇنتۇمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق جېنىم، سىزنى ئۇنتۇغىلى بولاتتىمۇ؟ مۇشۇ كۆزلىرىڭىزچۇ مېنى بۇ ئۆمرۈمدە ساراڭ قىلدى...

— ئەمىسە مېنى نېمە دەپ ئىزدىمەيسىز؟ — ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىنىڭ تولىمۇ ئەخمىقانە سوئاللىقىنى بىلەتتى. كامال ياستۇققا ئۆزىنى تاشلىدى، ھەر ئىككىلىسى تورۇستىكى قارىغاي لىمىلىرىغا قاراپ ئويغا چۆمدى. شۇ چاغدىلا شادىيە ئۆيىنى، ئېرىنى، باللىرىنى ئويلىدى، كۆڭۈلسىز رېئاللىق، كۆڭۈلسىز ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەت ئۇنىڭ كاللىسىغا قايتا يامراپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى:

— مەن... مەن... كېتىمەن...

— نېمە بولدى سىزگە...

كامال ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن قۇچاقلىدى:

— ئۆزىڭىزنى نېمىگە قىينايسىز، شادىيە جېنىم، سىز مېنى، مەن سىزنى ياخشى كۆرىشىمىزغۇ؟ نېمە بولدىڭىز؟ ئادەمنى بىر قىسما قىلماڭە، گۈزەل دەملىرىمىزنىڭ ئۇزۇنراق داۋاملىشىشىنى خالىماسىز؟

— ئاخىرلاشمايدىغان ئويۇن يوق، كامال، بىز بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرالمايمىز، بەربىر يەنە قايتىمىزغۇ؟ ئۆي، باللىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى.

– بولدى قىلغە...

كامال ياستۇققا يەنە ئۆزىنى تاشلىدى، ئۇنىڭمۇ كەيپى ئۇچقان ئىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن كامال تۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە يانداش سېلىنغان مۇنچىغا چىقىپ يۇيۇنۇشقا باشلىدى. شادىيە قورۇنغىنىچە ئۇنىڭ يۇيۇنۇپ بولۇشىنى كۈتتى. كامال يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ ھويلىغا چىقىپ باراڭ ئاستىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، شادىيەنى ساقلىدى. شادىيەمۇ يۇيۇنۇپ چىقتى، كامال شادىيەگە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

– شادىيە، يەنە قاچان كېلىسىز؟ مەن سىزنى بۇيەردە ھەر دائىم ساقلايمەن جۇمۇ...

– سىز بۇ يەردە تەركىيدۇنيا بولۇپ تۇرماقچىمۇ؟ ئايالىڭىز، بالىلىرىڭىز بادۇ... – شادىيەنىڭ بۇلارنى ئېغىزىغا ئالغۇسى بولمىسىمۇ، يەنىلا ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى.

– بار، بار بولسا نېمە بوپتۇ، ئۇ گەپلەرنى قىلماڭە جېنىم، سىزگە قارىسام ... – ئۇ شادىيەنى ئۆزىگە تارتتى.

– ساراڭ! – شادىيە ئۇنىڭغا ئەركىلەپ دومسىيىپ قويىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تاتلىق ئەركىلىمىگىنىگە 20 يىل بولغاندۇ-ھە؟ ئۇ ئېرىگە ئەزەلدىن ئەركىلىمەيتتى، ئەر-خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىنمۇ رازى بولۇپ باقمىغان ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان تاشلار چۈشۈپ كەتكەندەك، يۈرىكى مۇھەببەت شادلىقىدىن ھەقىقىي سوققاندەك بولدى.

كامال باغقا چىقىپ قىزىرىپ پىشقان ئالمىدىن بىر لېگەن ئۈزۈپ كىردى.

– شادىيە، ئالما ئاقلاپ بېرەيمۇ؟

– ماقۇل، – شادىيە بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى تاراشلىغاچ شۇنداق دېدى.

– شادىيە، مۇشۇنداق بىللە ياشىغان بولساق قانداق بەختلىك بولاتتۇق-ھە، سىز ماڭا بالا تۇغۇپ بېرەتتىڭىز، ئۆزىڭىزگە ئوخشاش چىرايلىق بالىلاردىن.

– سىزگە ئوخشاش، – شادىيە خۇددى ياش قىزلاردەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

– ئوغۇل بولسا كۆزى سىزگە، قېشى ماڭا ئوخشىسۇن، قىز بولسا پۈتۈنلەي سىزگە ئوخشىسۇن، – دېدى كامال.

شادىيە كامالنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، كامال ئاقلاپ بەرگەن ئالمىنى يېيىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئايرىلىدىغان مىنۇتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرەكلىرى تۇيماقتا ئىدى. كامالنىڭ سوئالىغا شادىيە تېخى جاۋاب بەرمىگەن ئىدى.

– جېنىم، قاچان كېلىسىز، ئۇزۇنراق تۇرۇشقا كېلىڭە، سىزگە قېنىۋالاي...

– قېلىن...

– دېمىسىڭىز كەتكۈزمەيمەن، قوندۇرۇۋالىمەن.

كامال ئۇنى يەنە ئۆزىگە تارتتى.

– ماقۇل، ماقۇل ئۆگۈنلۈككە كېلەي...

– راست-ھە؟

– راست.

شادىيە چاچلىرىنى ئۆرۈۋالدى، ئاندىن كەلگەن يولى بىلەن مەھەللىگە قايتتى. كامال بولسا ئۇنى خېلى يەرلەرگىچە كۆزى بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. شادىيە كېلىۋېتىپ گۇناھكارلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلدى. «مەن نېمە قىلىپ قويدۇم؟ دوزاختا كۆيىمەن ئەمدى، ئېرىم باللىرىم مېنى شۇنچىلىك پاك، سەممىي ساداقەتمەن، دەپ قارايدۇ. ئەمدى مەن نېمە بولدۇم؟ ئاھ خۇدا، گۇناھكار بەندەڭنى كەچۈر!»

* * *

شۇ كۈندىن باشلاپ شادىيە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان، ھويلىدىن ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكە ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى. تېخى بەزى كۈنلىرى موماينغا «ئالتۇنجان» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بېرەتتى. موماي كېلىنىنىڭ خۇشخۇيلىشىپ قالغىنىدىن ھەيران ئىدى. نۇرمۇھەممەت بىر كۈنى قولىدا قوينىڭ بىر پۇتىنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۇ موماينغا ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئىتتىك كىرىپ شادىيەگە قاراپلا قالدى. شادىيە ئاپپاق كوپتا، چاققان قارا يوپكا كىيگەن، بۇجغۇر چاچلىرى ھاۋارەڭ ياغلىقى ئاستىدىن چىقىپ تۇراتتى.

– نېمە بولۇپ كەتتىڭلارۋى...

– ۋىيەي، كەلدىڭىزما؟ – شادىيە ئېرىنى كۆرۈپ خىجىللىقتىن ئاق يۈزلىرى قىزىل ئاپرۇت ئالمىدەك قىزىرىپ كەتتى، – ئاپام ناخشا ئېيتىپ بېرىڭ دەپ... ئەكېلىڭ قولىڭىزدىكىنى...

– بولدى، سەن ئېيتىۋەر، مەن ئەكىرىۋېتىمەن.

شادىيە نۇرمۇھەممەتكە قاراپلا قالدى، ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق يول قويۇپ باقمايتتى.

– قوسىقىڭىز ئاچقاندۇ، نېمە تاماق قىلىپ بېرەي؟

– ھازىر ئاچمىدى، كەچتە گۆش سالىمىسەن، ئوڭايراق...

شادىيە تاپ بېسىپ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى. ئۇ ئېرىنىڭ





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەچچە كۈنلەردىن بېرى نەلەردە يۈرگەنلىكىنى سورىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ يەنە تۇرۇپ قالدى.

ئۇلار ئۆيگە ياندىشىپ دېگۈدەك كىردى. نۇرمۇھەممەت قولىدىكى گۆشنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قويۇپ، ھۇجرا ئۆيگە كىردى.

— شادىيە، مەيەرگە كىرە...

— كۆينەك ئالماشتۇرامسىز؟

— مەيەگە كەل، گېپىم بار...

— نېمە گەپ؟

— كىلە مەيەرگە، يېنىمدا ئولتۇرۇپ باقە، ئاپامغا ئېيتقان مۇڭلىرىڭنى ماڭىمۇ چىقىرىپ بېرە...

ئۇ ئايالىنى تارتىپ ئەكىلىپ ئاستىغا بېسىۋالدى، ئۇنى ئاچكۆزلەرچە سۆيۈشكە، كىيىملىرىنى تارتىپ سالدۇرۇشقا باشلىدى.

— ھې سەت تۇرىدۇ، باللار كىرىپ قالىدۇ.

— باللار ئويناپ چىقىپ كەتتى، كىرمەيدۇ، — نۇرمۇھەممەت ھاسىرايتتى.

— ئا... ئاپام ئاڭلاپ قالىدۇ، — شادىيە قارشىلىق قىلىپ تېپىرلىسىمۇ، بەستلىك ئېرىگە ھەرگىزمۇ كۈچى يەتمەيتتى. ئېرىنىڭ موللىنىڭ ئىسسىتقۇلىرىنى يىگەنلىكىدىنمۇ ياكى ئۆزىنىڭ خۇش پېئىل، ئۆزىنى ياساپ يۈرىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۆزىگە باشقىچىلا ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ھەر قانداق بىر ئەر سولغۇن، چۈشكۈن، قاپىقى يامان، قوپال ئايالنى ئەمەس، خۇشپېئىل، نەگىلا بارسا خۇشاللىق، ئۈمىد ئېلىپ كېلەلەيدىغان ئايالغا ئامراق كېلىدىكەن.

مۇشۇ كۈنلەردە نۇرمۇھەممەت ئۆيگە يېنىپ كېلىدىغان، ھەپتە - ھەپتىلەپ يوقاپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيگە كەلسە قاپىقىنى ئۈچۈرۈپ ئولتۇرمايدىغان، ھويلا ئارامىنى، باغ، ئېغىللارنى ئارىلاپ بۇزۇلغان يەرلەرنى ئوڭشايدىغان، ئوغلىنى ئارقىسىغا سېلىۋېلىپ، كۆكتاتلىقلارنىڭ سۇ ئېلىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن چۆنەكلىرىنى تۈزەپ بېرىدىغان بولدى. شادىيەمۇ ساندۇققا سېلىپ، بىرەر قېتىممۇ ئۇچىسىغا ئارتىپ باقمىغان چىرايلىق كىيىملىرىنى كۈندە بىر ياڭزا ئالماشتۇرۇپ، كىيىۋالىدىغان بولدى. ئۇ ئىلگىرى ئۆمسەرەپ قارايدىغان ئېرىگە كۈلۈمسىرەپ قارايتتى، نۇرمۇھەممەتمۇ خوتۇنىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ھەم ھەيران ھەم خۇش بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ خۇشپېئىل، ناز - كەرەشمىلىك خوتۇنىغا يەر ئاستىدىن قاراپ قوياتتى.

شادىيە موللامدىن ھېلىقى ئىسسىتقۇنى ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۆيگە بىر قۇر ئىسرىق سالدى، ئېرى ئىچىدىغان سۇغا تۇزدىن ئازراق تاشلىدى، يىگەن تامىقىغىمۇ قوشۇپ قويدى. ئايەت يېزىلغان باغاقچىنى ئېرى ئۇخلاۋاتقاندا ئېرىنىڭ بېشىدىن ئۆرىدى. تېرىق ۋە قەبرىستانلىقنىڭ توپىسىنى ئېرى ئارىلىشىدىغان ئايالنىڭ بوسۇغىسىغا چېچىۋېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىدى، شۇ ئىش قالدى. ئەمما، ئېرى بىردىنلا ياخشى بولۇپ كەتتى. موللامنىڭ ئوقۇشىغا قارىغاندا كامالنىڭ پەيدا بولۇشى شادىيەدە چوڭ ئۆزگىرىش ياسىدى، ئۇ ئىلگىرى قاپىقى يامان، كۈلكىنىڭ نېمىلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان، ئەينەككىمۇ قاراپ باقمايدىغان سەپرا مىجەزلىك ئايال بولۇپ قالغان ئىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا باللىرىدىن باشقا كۆڭلى تويۇنغۇدەك خۇشاللىق بېرەلەيدىغان ئادەملەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشقا، ھاياتقا بولغان ئارزۇ - ئۈمىدلىرى يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا دۆۋىلىنىپ بېسىلىپ، ئۇنى يوغانراق تىنالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. كامال ئۇنىڭ ھاياتىدا پەيدا بولۇۋىدى ئۇنىڭ ئاشۇ يوشۇرۇن ئارزۇ - ئىستەكلىرى باش كۆتۈردى، قورقۇش، يەنە ئىنتىلىش، ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېس قىلىش، يەنە كامالنى كۆرگەندە ھەممىنى ئۇنتۇش... تەك داۋاملىشىۋاتقان تۇرمۇش شادىيەنى ئۆزگەرتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ گۇناھكارلىق تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئېرىگە ئالاھىدە قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. كامال ئۇنىڭغا ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلىۋاتقانلىقتىن ئۇنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

— تاماق پىشتى!

— بولدى بالام، ئاپاڭنىڭ تامىقى پىشىپتۇ. يۈر، قولمىزنى يۇيايلى، چۆگۈننى ئەكەل.

— ماقۇل، دادا.

شادىيە داستىخاننى موماينىڭ ئۆيىگە سالدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ، ئولتۇرۇپ كۆڭۈللۈك بىر ۋاق تاماق يېدى. نۇرمۇھەممەت چاچتەك سوزۇلغان لەڭمەننى ھۇزۇر بىلەن يېدى، بىر پىيالە مەنتاڭنى ئىچىپ بولۇپ، پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ شادىيەگە:

— رەھمەت، بەك ئوخشاپتۇ بۇ ئېشىڭ، — دېدى مەنىلىك قاراپ.

— بۈرۈندىنلا مۇشۇنداققۇ...

— يا... ياق، ئالاھىدە تاتلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ قولۇڭ... شۇنداقمۇ بالام...

— ئاپام تاماققا ئۇستىغۇ، بۈرۈندىنلا مۇشۇنداق، بۈرۈن ساڭا تېتىمىغانمىتى دادا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويىدى. شادىيە «قانداق» دېگەندەك كۆزلىرى بىلەن ئىشارە قىلىپ قويىدى.

- مەن بىلمەيتىمەن، بالام، ئەمدى كۆندە ياخشىراق تېتىپ باقاي جۇمۇ، ئاپا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بېرە.

ئۇ دۇئا قىلىپ بولۇپ، باغقا چىقىپ، قالغان ئىشنى قىلىشقا باشلىدى. ئىلگىرى شادىيە ئۇنىڭ تاماق يەپ بولۇپلا سىرتقا ماڭىدىغان ئادىتىگە كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ دەرۋازا تېشىغا ئەمەس، باغ تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىغا قاراپ قويۇپ، قاچا-قۇچىلىرنى غۇچۇرلىتىپ يۇيۇشقا باشلىدى. ئۇ نۇرمۇھەممەتنىڭ ئۆزگىرىپ تۇيۇقسىزلا ئۆيگە، ئۆزىگە كۆيۈمچان ئەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقنى كۆرۈپ، ئەمدى كامال بىلەن كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كېلەتتى، ئەمما، قايتا قوزغالغان تۇنجى سۆيگۈسىنىڭ دەردى پۇچىلاپ كۆيدۈرەتتى، كامالنى سېغىناتتى، ئۇنىسىز ياش تۆكەتتى، ۋىجدان بىلەن ئېتقاد، ساداقەتمەنلىك بىلەن ۋاپاسىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئۇنى قىينايتتى. ئىلگىرى نۇرمۇھەممەتنىڭ قىلغانلىرىنى باھانە قىلىۋالغان بولسا ئەمدىلىكتە، ئۇنىڭ ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشى، ئۇنىڭغا كۆرسەتكۈدەك باھانە قويمىغان ئىدى.

بۈگۈنمۇ كامال بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدى. ئۇ دىلغۇل بولۇپ تۇراتتى، ئوتتەك چىقىپ كامال بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويلايتتى-يۇ، يەنە ئېرى، باللىرى كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

* * *

- خوتۇن، مەن شەگە كىرىپ چىقاي.

- قاچان چىقىسىز؟ - سارايدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقتى شادىيە.

- ئامال بار يېنىپ چىقىمەن، بولمىسا ئەتە چىقىمەن، ئىش بار بېجىرىدىغان...

- ھە...

- ھە، گېپىڭ بامدى، تۇرۇپ قالدىڭغۇ؟ مېنى سېغىنىپ كېتەمسەن-يە؟ - نۇرمۇھەممەت ئاپىسى ياتقان ئۆيگە قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى ھجىيىپ.

- ساراڭ...

- شۇنداق بولسۇن خوتۇن، مەيەگە كېلە.

- ئو... نېمە ئىش يەنە، - ئۇ ئېرىنىڭ «مەيەگە كېلە» دېگىنىنىڭ مەنىسىنى بىلىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى.

نۇرمۇھەممەت خوتۇننى قۇچاقلاپ، سۆيۈۋالغاندىن كېيىن، كۆلگىنىچە چىقىپ كەتتى، نۇرمۇھەممەت مۇشۇنداق ھېسسىياتلىق، مۇھەببەتلىك ئەر بولۇپ كېتىپ باراتتى.

ئۇ دەرھال سۇ ئىسسىتتى. داسنى ئەكىرىپ پۇراقلىق بەدەن سوپۇنىدا بەدىنىنى پاكىزە يۇيدى، بەدەنلىرىگە ئەنبەر سۈركىدى. چاچلىرىنى قۇرۇتۇپ، يېڭى ئىچ كىيىملەرنى، تۈركىيەنىڭ بىر يۈرۈش كىيىمىنى كىيدى.

ئۇ چاي قايىنىتىپ چايدانلارغا ئېلىپ قويىدى. قوشنىسى مەرەمنىسانىڭ قېشىغا كىرىپ، چۆشتە باللىرى ۋە قېيىنانىسىغا چاي ئېتىپ بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، بەدىنىدىن خۇشبۇي ھىدلارنى تارىتىپ، چارباغقا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئېرىنىڭ، مەھەللە-كوينىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەتراپىغا قورقۇمسىراپ باقاتتى، بىرەرى «نەگە ماڭدىڭىز» دەپ سوراپ قالسا، قورقىنىدىن راستىنى ئېيتىۋېتىدىغاندەكلا...

ئۇ چارباغقا بارغاندا، كامال باغدا بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ كامالنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، ئۇلار كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ئىدى.

كامال كەينىگە ئۆرۈلۈپ، شادىيەنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار باغدىلا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇشقان ھالدا شۇ ھالدا چىرمىشىپ تۇرۇشتى.

- سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى ساقلاپ كۆزلىرىم تۆت بولدى، جېنىم...

- مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىمىزمۇ كامال؟ مەن بەك ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن، نۇرمۇھەممەت بۇ كۈنلەردە ئىلگىرىكى بارلىق ئەسكىلىكلىرىدىن قول ئۈزگەندەك، ماڭا قىلغانلىرىنى تولدۇرماقچى بولغاندەك تىرىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى مەن گۇناھلىق تۇيغۇلاردا بولۇپ ... گۇناھلىرىمىز ئېغىر، دوزاختا كۆيىمىز كامال...

- بولدىلا، ئۇنداق گەپلەرنى قىلمايلى...

كامال ئۇنى ئۆيگە سۆرەپ ماڭدى.

ھۇجرا يەنە شۇنداق خۇشپۇراق، رومانتىك ئىدى، دېرىزىدىن كىرگەن قۇياش نۇرلىرىدا تالا-تالا بولۇپ قىپقىزىل كارنۋات ياپقۇچىدىكى زەرلەرنى يالت-يۇلت قىلىپ پارقىرىتاتتى.

بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشىك تىرىقلىغاندەك قىلىپ قالدى، ئىككىسى يوتقاندىن باشلىرىنى چىقىرىپ بىر-بىرىگە قاردى. نېمىشلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، ئىشىك ئېچىلىپ بىرسى كىرىپ كەلدى.

- ئايزۆھرە، سەن...

ئايزۆھرە كامالنىڭ ئايالى ئىدى، ئۇ 40 ياشلاردىكى يېشىغا قا-
رىغاندا بەش ياش كىچىك كۆرۈنىدىغان، بۇدرە چاچلىرى بويىندا
ھالقا-ھالقا ئويناپ تۇرغان، كۆزلىرى زەڭگەرمۇ، قوڭۇرمۇ بىلگىلى
بولمايدىغان، قەددى-قامىتىمۇ كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇنىڭ ئا-
دەتتىكى ئۇسالىقنى، رەسۋالىقنى دۇنيادىكى ھەرقانداق تىل بىلەن
تەسۋىرلىسىمۇ ئۆز ئەينى تەسۋىرلىگىلى بولمايتتى. شادىيە مۇشۇ
چاغقىچە ئۆزىنى ھەقلىق، مۇھەببىتىدىن مۇشۇنداق بەھرلىنىشكە
ھەققى بار دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. قويىنىدىكى بۇ ئەرنىڭ باشقا
بىر ئاجىز ئايالنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ
ھەققىي ھەقدار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
شەخسىيەتچىلىكىدىن، نومۇسسىزلىقىدىن تۇنجى قېتىم ئىزا تارتتى،
نومۇستىن يېرىلدى.

- ئوھوي، پەيزىڭلار بارغۇ
ئويناپ بولدىڭىزمۇ ئېرىم؟

- ئايزۆھرە، چىقىپ تۇرغىن
بولامدۇ، - چىرايى تاتىرىپ كەتكەن
كامال شۇنداق دېيەلىدى.

- بولىدۇ، ئاخىرى چىقاي، خۇما
رىڭىز بېسىلمىغانمىتى ئېرىم... بولىدۇ
مەن چىقىپ تۇراي، تېز تۇرۇپ يۇيۇ-
نۇپ چىقىڭلار، مېنىمۇ دومىلە باسما-
سۇن...

ئايزۆھرە كەينىگە شارتتىلا بۇرۇ-
لۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئۇپۇر-
توپۇر بولۇشۇپ، كىيىملىرىنى كىيىشتى.
شادىيە قولاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ پىرقىرىتىۋەتكەن ئادەم-
دەك گاراڭ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ بايا ئۇلار چىرمىشىپ قالايمى-
قان قىلىۋەتكەن كارىۋاتقا قاراپ قويۇپ گىلەمگە يىقىلدى.

- شادىيە، جېنىم نېمە بولدىڭىز، مەن سىزنى سۆيىمەن، ئېرىد-
ڭىزدىن ئاجرىشىڭ، مەن سىزنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن،
- كامال ئۇنىڭغا تىزلاندى.

- كامال، سىزنى سۆيىمەن، ئەمما، سىز بىلەن قانداق كېتە-
مەن، باللىرىم قانداق قىلىدۇ؟

- باللارنى مەن باقىمەن، ئۆز باللامدەك، مېنىڭ بالام يوق،
سىزنىڭ باللىرىڭىز مېنىڭ باللىرىمغا ئوخشاش، بۇ خوتۇن بىزنى
رەسۋا قىلىدۇ، باشقا كەلگەننى كۆرەيلى...

- كامال، بولدى گەپ قىلماڭ، جېنىم، سىزگە رەھمەت، سىز
مېنىڭ ھاياتىمغا يورۇقلۇق بەردىڭىز، بولدى مۇشۇ كۇپايە، بىز
توختاپ قالايلى...

- شادىيە، سىز...

- كامال، چىقماسەن، سۆيگۈنۈڭنىڭ جامالىغا قانمايۋاتامسەن،
ئۆلۈم ھادىسىسى چىقمىسۇن جۇمۇ!

ھويلىدا «جاراڭ-جۇرۇڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئايزۆھ-
رە بىرنەرسىنى چاققان ئىدى. كامال ئايزۆھرەنىڭ ئۆزىنى قانداق
كونترول قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئايالنىڭ مۇشۇنداق چاغدا ئۆزد-
ىنى مۇشۇنداق تۇتۇۋېلىشىغا ئۇ ھەيران قىلىۋاتاتتى.

ئۇ ھويلىغا چىقتى. ئايزۆھرەنىڭ كۆزلىرىدىن كۆيۈنەشلىك،
غەزەپ-نەپرەت چاچراپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىلا كامالنى چاينىۋېتىپ پۇر-



كۇۋېتىدىغان چىشى شىردەك چاچلىرىنى ھۇرپەيتىپ تۇراتتى. تاكت-
كا ئىشلىتىپ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
بۇنداق ئەھۋالدا كۆپىنچە ئاياللارنىڭ قوللىنىدىغىنى ئېرىنىڭ ئاشنە
سىنى ئۇرۇپ، دەسسەپ چەيلەش، چىچىنى يۇلۇش بولاتتى. ئاندىن
يولدىشىدىن تاياق يەيتتى، ئاندىن ئاجرىشىپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ
بۇنداق سورۇندىن ئۆلۈم ھادىسىسى چىقمىسىمۇ ئىشقىلىپ بىر
قانلىق جەڭ بولماي قالمايتتى. ئەمما، بۈگۈنكى بۇ غەيرىي ھالەتتە
تەرەپلەر جىم-جىم، بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشاتتى.

- كامال، سېنى سودا قىلىۋاتىدۇ دېسەم، بۇ يەردە ياخشى ئويۇ
ناۋېتىپسەن، قانداقمۇ، قانغان بولساڭ بىللە قايتىپ كېتەيلى، ئىش
چىقمىسۇن، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ
مەن بىلەن شەگە ماڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



- نېمە قىلماقچىتىڭ؟ سەن كەينىمگە چۈشكەنمىتىڭ؟

- مەن سېنىڭ نېمەڭ؟ سەن مېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىم، سېنى ئىزدەمەي يايلاقتا قويۇپ بەرگەننىڭ جازاسى بۇ! توغرا، ئارىمىزدا بالا يوق، كۆڭلۈڭ مەندىن سۇ ئىچمىدى، شادىيەنى سەن ياخشى كۆرىدىكەنسەن، ئۇنتالماپسەن، لېكىن، ئۇنىڭمۇ ئائىلىسى بار، مەن نۇرمۇھەممەتكە خەۋەر قىلدىغان بولسام، ھەر ئىككىڭلار ئۆلسەڭلار، سەن دە، قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟

- ئايزۆھرە، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال.

- ئايزۆھرە، بىز ئېزىپتۇق، بىزنى كەچۈرۈڭ، - شادىيە ئۆيدىن چىقىپ شۇنداق دېدى.

ئايزۆھرە كۆزلىرىدىن كۆندەشلىك ئوتلىرىنى چاچرىتىپ شادىيەگە مىختەك تىكىلدى.

- بىز ئېزىپتۇق.

- تېز كۆزۈمدىن يوقىلىڭ شادىيە، بولمىسا...

شادىيە ئىتتىك مېڭىپ باغدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق بولۇۋاتاتتى، ئېرى، باللىرى كۆز ئالدىغا بىر-بىرلەپ كېلىۋېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇلاق بېشىغا كەلدى. بۇلاق قېشىدا شەكىللەنگەن كىچىك كۆلگە چۈشتى. سۇنى كېچىپ، يۈزلىرىنى يۇدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياش قەترىلىرى بۇلاق سۈيىگە قېتىلىپ ئېقىپ كېتىپ باراتتى. «ئا خۇدا، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، مەن نېمە قىلىپ قويدۇم، مەنمۇ ئادەممۇ؟ ئەي پەلەك! مەن ئۆلۈۋالىمەن»... ئۇ ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى، بېشىنى ئۆزۈنغىچە سۇدىن چىقارمىدى. تونجۇقۇپ ئۆلۈپلا قۇتۇلماقچى ئىدى. ئەمما، كۆز ئالدىغا ئىككى سەبىي بالىسى كەلدى. «ئۇلار كىملەرگە خار، كىملەرگە زار بولار؟» ئۇ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، يىغا توختىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ ھەممىگە يىغلاۋاتاتتى. كامال بىلەن ئەمدى يۈز كۆرۈشمەسلىككە قەسەم ئىچتى، ئەمدى ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلدۇ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭغا قايتا ھايات بەرگەن ئىدى، ئۇنى ئىلگىرىكى شادىيەگە ئايلاندۇرغان ئىدى.

ئۇ يىغلاپ-يىغلاپ ھېرىپ قىلىپ، ئېغىر قەدەملىرىنى ئۆيى تامان يۆتكىدى. بىر مەزگىل قايناق ھېسسىياتلارغا چۆمۈلدۈرگەن، ھاياتىغا نۇر بەرگەن مۇھەببەت ئىنتايىن قىسقا مەزگىل داۋاملىشىپ ئاخىرلاشتى. ئۇ كامالنى ئۇنتۇيالمايتتى، ئەمما، ئۇنىڭ ئېرى، بالىسى بار ئىدى. كامالنىڭ ئايالى بار، پۇت-قولى بوغۇچلانغان ئادەم ئىدى. كامالنىڭ تاكتىكغا باي ئايالى بۇنداق مۇنەۋۋەر ئەرنى ھەرگىزمۇ قولدىن چىقارمايتتى. مانا كۆرۈڭ، ئۇنىڭ بايىقى پوزىتسىيەسىنى، بەلكىم، ھازىرغىچە بىرەر ئايال قوللىنالمىغاندۇ، ئۇنىڭدىن باشقا بۇنداق ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان كۈچلۈك ئاياللار چىقمىغاندۇ-ھە! شادىيە ئۆزىنى ئۆلدۈم، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۆزىنى مەھەللە كوچىسىدا سازايى قىلىنىدىغاندەك ئويلىغان، ئەمما، مانا ئۆيىگە كېتىۋاتىدۇ، ئايزۆھرە كامالنى يېنىدا ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن، بۇ چىدىغۇسىز ئازابقا چىدىدى. كامالنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتى، كامال ئەمدى ئۇنىڭ سىزىقىدىن چىقالماسلىقى مۇمكىن. شادىيە كامالدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغان ئىدى.

شادىيە يوغان، شاھانە دەرۋازىسىدىن كىردى. ھويلىغا كىرىپ، ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلدى. «ئەڭ سۆيۈملۈك جاي ئائىلە» دەپ كىم ئېيتقان بولغىيدى؟ ھە راست، بۇ سۆزنى ئۇ كىتابتىن كۆرگەن. بۇ يەرگە ھېچكىم بېسىپ كىرىپ، ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى، تىنچلىقىنى بۇزالمايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلالمايتتى، بۇ ئۆيدە ئۇ كۆلسە كۈلىدىغان، يىغلىسا يىغلايدىغان ئادەملەر بار ئىدى. تالادا ئويناپ يۈرسىمۇ، ئۆيگە كىرسە خوتۇنۇم دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان ئېرى بار ئىدى. ئۇ ئۇنىڭغا پاسىبان بولالايتتى. كامالغا ئوخشاش، ياۋاشلىشىپ، بىچارە بولۇپ قالمايتتى. ئۇ بۇ ئۆيدە ئۆزىنى ئەڭ بىخەتەر ھېس قىلاتتى. ئۇ بۇ ئۆيدە نېمىلا قىلسا، شەنىگە شان قوشۇلاتتى، يۈز-ئابرۇيى كۆتۈرۈلەتتى. ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئارقىلىق نوپۇزى كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ نېمىلەرنى قىلىپ قويدى-ھە؟ ئۇ ئۆزىنىڭ نام-ئابرۇيىنى، ئىززەت-نەپسىنى، ئېرى، بالىلىرىنىڭ غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغان ئىدى. ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا قارايۈز بولغان ئىدى. شۇغىنىسى بۇ ئايزۆھرەنىڭ ھىممىتى بىلەن ئاشكارىلانماي قالدى. بولمىسا، بۇ بىر ئائىلە، ئەڭ مۇھىمى باللار ۋەيران بولغان بولاتتى.

شادىيە تىنچ ھويلىغا كىرىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ ياستۇقنى تاشلاپ يېتىۋالدى. ئۇ شۇ ياتقىنىچە نەچچە كۈن يېتىپ كەتتى. نۇرمۇھەممەت پايپېتەك بولۇپ، ئۇنى ئاپارمىغان ئەمچى-تېۋىپلىرى قالمىدى، دوختۇرخانىلارغا ئاپاردى. ھەممىسى «كېسەل يوق» دېدى. دوختۇرلار ئۇنى پسىخىكا مەسلىھەتچىدىن مەسلىھەت ئېلىپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. پسىخىك مەسلىھەتچى ئۇنىڭغا ساياھەت قىلىشنى، كۆڭلىدىكى تۈگۈنىنى چىقىرىۋېتىپ ياشاش تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرپانغا ساياھەتكە كەلگەن ئىدى.

- ئۇنتۇپ كېتىش ئۇنداق ئاسان ئەمەسكەن، ھەيلى مەن

تاغ- داۋان ئاشاي، مېنىڭ يۈرەك يارام ياخشىلىنىدىغاندەك ئەمەس.

- سەن نۇرمۇھەممەتكە يۈز كېلەلمەي شۇنداق ئازابلىنىۋاتامسەن ياكى كامالنى ئۇنتالمايمۇ؟

- كامال بىلەن ئالاقىمىز ئاللىقاچان ئۈزۈلدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەسلىككە قەسەم ئىچكەنمەن.

- ئەمىسە نېمىشقا شۇنچىلىك چۈشكۈنسەن؟ روھىڭنى كۆتۈر، قارا نېمە دېگەن گۈزەل تەبىئەت بۇ!

- شۇنى دېگىنە، ساڭا دەۋېلىپ كۆڭلۈم بىرئاز ئارام تېپىپ قالدى. ئېيتقىنە، مېنىڭ گۇناھىم ئېغىرمىكەن؟ مەن دوزاخقا تۇتۇرۇق بولىدىغان ئاياللىمىكەنمەن؟ ئاللاھ مەن نېمە گۇناھ قىلغىنىمغا، مۇشۇ يوللاردا مېڭىشقا، ئېزىتقۇنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا بەرداشلىق بېرىدىغان كۈچ بەرمىگەندۇ؟ مەن نېمانداق ئاجىزمەن... ئاھ خۇدا...

- كىمنىڭ نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. بەلكىم، سېنىڭ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقىڭنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھىڭنى يۇيۇۋاتقانلىقىڭدۇ. كامالمۇ ياخشى ئەر ئىدى، ئەمما، سىلەر بۇ دۇنيادا بىللە ياشىيالمىدىڭلار، كېيىنكى يارالمىشلاردا بىللە ياشاشقا نېسىپ بولار! سەن ئازابنى يۇدۇپ يۈرۈۋەرمە، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تۈگەشتۈرۈۋالىسەن...

مەن ئۇنىڭغا باشقا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ئۆزۈمنىڭ بىلگىنى بويىچە شۇلارنى دېدىم.

- ھە راست، ھېلىقى گۈلبەك دېگەن دوستۇڭنىڭ ئىشىنى دېمىدىڭغۇ؟

شادىيە گۈلبەكنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ چىرايىغا سۈس كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى:

- ئۇ موللىنىڭ ئىستىقۇ-سوۋۇتقۇسىنى ئېرىغا، ئېرىنىڭ ئاشنىسىغا ئىشلىتىپتۇ. نەتىجىدە قانداق بوپتۇ، دە! ئېرىنىڭ ھېلىقى ئاشنىسى ئۆلۈپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېرى قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئېرى بىلەن ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئېرىنىڭ سىڭلىسى تۇغۇپتىكەن، بالىسىنى بېقىۋالدى. ھازىر ئۇمۇ ئۆزگەردى، بۇرۇنغا سۇ كىرگەندىن بۇيان، ئەرنى قانداق ئەر قىلىشنى بىلىۋاپتۇ. ئۇلار ياخشى كېتىۋاتىدۇ.

- ئىستىقۇ ئۆتۈپتۇمۇ ياكى ئاشنىسى ئۆلۈپ قالغاچقا يېنىپ كەپتىمۇ؟

- ئۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ياكى ئىستىقۇ ئۆتكەندۇ، دوستۇم.

- قويغىنە، موللىغا ئوقۇتۇش، ئىستىقۇ دېگەنلەر پۈتۈنلەي خۇراپىيلىق، ئالدامچىلىق. ۋاقتى-سائىتى توشۇپ ئۇدۇل كەپ قالغان گەپ، قانداقلا بولسۇن ئوڭشالغىنىغا شۈكرى. ھەركىم بولسۇن ياخشى ياشىسۇن، چۈنكى، ھەممىمىزنىڭ بۇ ھاياتنى خۇشال-خۇرام ياشاش ھەققىمىز بار.

(ئاپتور «تۇرپان گېزىتى»ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، مۇھەررىر)

## بىلدۈرگۈ

1. ئاپتورلار تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى كېرەك:

(1) ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم- فامىلىسى، ئادرېسىنى كىملىكتىكىسى بويىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، تېلېفون نومۇرلىرىنى ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

(2) تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا، ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە، ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

2. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇني جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رادىيو ئىستانسىلىرىنىڭ ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى تاللاپ ئاڭلىتىشىنى قارشى ئالىمىز. ئەمما، ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

**- «تۇرپان» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەبىبۇللا رەجەپ



# يۇلتۇزنىڭ ناخشىسى ئۇزۇندىن ئۇزۇن

## يۇلتۇز ناخشىسى

غېرىبلىقىم نۇر تارتار بۇ ئاخشام،
ناخشام بىلەن ئويغىتىمەن كېچىنى.
يىگانىمەن، بۇلۇت ماڭا يامشار،
سىر- ھەيۋىتىم كېزەر ئالەم چېتىنى.

ئاسماندىكى يالغۇز يانغان گۈلخانىمەن،
بوشلۇقلارغا چېچىلدۇ نۇر - شولام.
ئاسمان بىلەن زېمىن ئارا كارۋانىمەن،
ھەر چاقماقتا ئوت ياقىمەن بىر قالام.

شامالدىن تېز نىگاھىم بار قاناتلىق،
قۇشتەك ئۇچۇپ زېمىن ئارا كېزىمەن.
مېنى ساناپ ياتقان يىگىت ئۇچرىماس،
قىزىل- سېرىق چىراغلارنى سېزىمەن.

مەن مارىغان تۈگۈلۈكلەرمۇ كۆرۈنمەس،
كوچىلاردا سۆيگۈ ياپراق تاشلىغان.
جىلمىيىشلار، ئالا - تاغىل قىقاسلار،
ھەممە يەردە پەتىسنى باشلىغان.

روشەن ئەمەس كۆزى بۇدەم ئالەمنىڭ،
تىن ئالالماي قالار نەپسىم سىقىلىپ.
سىغىز چاينار دەريا، بۇلاق ساپسېرىق،
ئىس - تۇمانلار كىلەر يەنە تىقىلىپ.

دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا قونغانىمەن،
بۇلاقلاردا يالتىرىغان ئۇمىدىم.
مەشرەپلەردە قونۇپ دۇتار تارىغا،
لېكىن بۈگەچ نىچۈن ئويناپ كۈلمىدىم.

شەبنەم قونغان ياپراقلارنىڭ يۈزىگە،
ئۇپا بولۇپ گىرىم قىلغان توپا - چاڭ.
چۈشكۈرىدۇ زۇكام بولۇپ شامالار،
بىنالارنىڭ ئۆگزىسىدە ئاتار تاڭ.

تاشتەك ئېغىر نۇرلىرىمنى يىغىمەن،
غېرىب بولۇپ ئۆيلىرىمگە كېتىمەن.
سۇرۇپ خىيال كۈندۈز ياپقان يوپۇقتا،
سوئاللارنى مەھكەم باغاش ئېتىمەن.

## يۈرىكىمنىڭ تۇغقىنى قۇياش

كۈلگەن قۇياش يۈرىكىمنىڭ تۇغقىنى،
شوخ ھېسلىرىم تەبىئەتتە خۇشپۇراق.
ماڭا ھېكمەت باياۋاننىڭ تارىخى،
ئايىغىمدا غازاڭ ھامان دەرد - پىراق.

بال تۆكىدۇ گۈل لېۋىگە شامالار،
سۇبھى بىلەن ئېيتىپ مۇقام- مەرغۇلنى.
نىكاھلىنىپ سەھەر بىلەن ئۇپۇق قىز،
تۇغقان ئەنە قۇياش دېگەن ئوغۇلنى.

ھەر بىر سەھەر رەڭ بېرىدۇ قېنىمغا،
ۋۇجۇدۇمنىڭ دالاسىنى گۈللىتىپ.
تاغدەك ھېكمەت ئېيتەك يايغان تاغلارغا،
قەلبىسى يېشىللىقنى ئۈنلىتىپ.

بۇلاقلاردا يارنىڭ شېرىن ئاۋازى،
ناخشا بولۇپ يۈرەككە چوغ تاشلايدۇ.
سابا ئېپار گۈل - چېچەكلەر خۇلقىدىن،
سەزگۈلەرگە كۈلكىلەرنى باشلايدۇ.

ئورمانلارنىڭ توڭلاپ قالغان ناخشىسى،
ياڭرار قۇشلار سۆيگۈسىگە قېتىلىپ.
باغرىم ياقسام ئات باغرىدەك تۇپراققا،
ۋۇجۇدۇمدىن مېھرىم ئاقار ئېتىلىپ.

پەرۋاز بېرەر قانىتىغا روھىمنىڭ،
باش ئۈستۈمدە ئۇچقان قۇشلار پەرۋازى.
ئازابلاردىن ئىچكەن سۆيۈم بولار بال،
چۆللەردىمۇ بار كۆيلىرىم شوخ نازى.

باھار بىلەن گەپلىشىمەن ھەر ۋاقىت،
تەبىئەتتىن مېھر ئەمگەن گىياھمەن.
تەبىئەتكە يىلتىز تارتقان سۆيگۈدىن،
قۇياش كەبى چاراقلىغان نىگاھمەن.

## هاياتىمغا خەت يېزىپ

تاغ كەينىگە يۆتكىگەندە بۇگۈنمۇ
قۇياش يەنە نۇرپۇسىنى ئالدىراش؛
قويغان چاغدا يېيىپ سۇمبۇل چېچىنى
كىچە كۆكۈل تەكيىگە ئاستا باش؛
شامال بولۇپ خىياللارنىڭ ئىچىدە،
ئۇيۇق بويلاپ چەكسىزلىككە تارىدىم؛
كۆيگەن سۆزۈك ئاي نۇرىغا يۆلىنىپ،
خىلۋەتتىكى يۇلتۇزۇمغا قارىدىم.

قىزىلگۈلنىڭ دەردى قېنىم رەڭگىدە،
ئىچ - تېشىدا قارلىغۇلۇق ئاۋازى.
سايدا جىمجىت ناخشا ئېيتقان بىر تاشنىڭ،
ناخشىسىدا غېرىبلىقنىڭ پەرۋازى.

سۇنىڭ قۇرغاق تېنى ئاققان بېغىمغا،
ئۈلۈغ ھەسرەت ئۈنچىسىنى چاچرىتىپ.
يۇلتۇزنى كۆرمەس ئاسمان ئۇيقۇدا،
ئوق ئۆزىسىمۇ كۆزلىرىگە قارىتىپ.

ياپراقلارنىڭ خىيالىغا تاش ياققان،
يالىڭاچلىق دەرەخلەردە داپ چالغان.
مەن ئاڭلايمەن ئاۋازىنى گۈللەرنىڭ،
گۈلنىڭ دەردى باغرىم ئارا ئىز سالغان.

مەن سىلايمەن تۈننىڭ يۇمشاق تېنىنى،
لەۋلىرىدە تۈننىڭ غەمكىن پىچىرلاش.
چۆلنىڭ چەكسىز جىمجىتلىقى ئىچىدە،
ئاڭلىنىدۇ كۆيلەردىكى غىچىرلاش.

مەندىن ئۆزۈن بۇ رېئاللىق، بۇ كىچە،
ۋاقىت بىلەن قىزىپ كەتكەن توي ئويناپ.
دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىدا رىۋايەت،
چۈش ئۆيىگە ئۇزاپ كەتكەن تۈن بويلاپ.

شامال بولۇپ خىياللارنىڭ ئىچىدە،
بىر يىغىنىڭ دولقۇنىغا ئۇرۇلدۇم.
يېزىپ خەتلەر ھاياتىمغا بەك ئۆزۈن،
ئاستا قەلبىم ئىشىكىگە بۇرۇلدۇم.

## بۇ سەپەرنىڭ غەلۋىسى

مۇھەببەتنىڭ تۈلپىرىنى قامچىلاپ،
چىققان ئىدىم كۆڭلۈك تامان سەپەرگە.
سانسىز ۋاقىت بارخانلىرى ئالدىمدا،
بىلەلمىدىم، كۆڭلۈك سېنىڭ قەيەردە؟

ۋاقىت، نىشان يا قونالغۇ - ئۆتەڭ يوق،
بۇ سەپەردە ماڭىمەنمۇ بىر ئۆمۈر.
بولسا قەلبىڭ يۇلتۇز ياكى ئاي شارى،
قونار ئىدىم ئۇچقۇ قىلسا بىرلا «گۆر».

ئۆلمەنمۇ قېرى ئاشىق بۇلبۇلدەك،
ئىزدەپ - ئىزدەپ ئېچىلمىغان غۇنچىنى.
كۆلمەنمۇ گويا ئوقەتەك ئېتىلىپ،
قاماللىغان كەبى بۈركۈت ئولجىنى.

بەلكىم، دەققى ئىچرە قورشاپ ئالارمەن،
ئوردام بولار مەڭگۈ قەلبىڭ قەلئەسى.
قىلار، بەلكىم، مەشرەپ كەبى قەلەندەر،
مېنى مەڭگۈ بۇ سەپەرنىڭ غەلۋىسى.

## دىلدىكى سۆز ۋە كۆز

كۆزۈمگە تۈن ئۆۋۋا سالسا بولامدۇ؟
دىلدا سەزگۈ جانسىز قالسا بولامدۇ؟
كۆپ يۈزى بار ئادەم ماڭا ئۇچرايدۇ،
ھۇشسىزلىقى يۈرىكىدە قۇترايدۇ،
قەدەملىرى رەستىلەردە نىشانسىز،
يىدى نېمە؟ دېدى نېمە؟ ئۇقمايدۇ.

بىر ئادەمنى سېزىپ قالار يۈرىكىم،
يەلكىسىدە كۆكلەپ تۇرار كاللىسى.
كۆرۈنمەيدۇ كاللىسىدا بالىسى،
بىلگىنى شۇ كوچا، قاچا بىكارلاش،
ئەجرىمۇ يوق ياكى بىر تال ئالمىسى.

غەم بۇلۇتى ياش تۆكىدۇ بىر كۆزدە،
ھاياتقا بار نالە - پەريات بىر سۆزدە.
جان خېتىنى بىر كىم ھاڭغا تاپشۇرار،
ئىزىپ ئەستىن بولسىمۇ گەر يول تۈزدە.

ۋىجدان دېگەن كۆز ئوخشايدۇ چاقنىغان،
چاقمىقىدا روھلىرىمنى ئاقلىغان.
كومپاسنى ھۇشسىزلىقتا قۇل قىلغان،
ئادەملەرگە ئىچىم قازان قاينىغان.

شۇ ئادەملەر ئىشكىنى قاقمەن،
مەنىسىزلىك جىسمىغا ئوت ياقمەن.
نېمە ئۈچۈن تۇغۇلدۇ ئالەمگە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇ سوئالغا دىل كۆزىدە باقمەن.

كۆپ يۈز بىلەن گەپلەشمەس ھەم ئەپلەشمەس،
بىر يۈز بىلەن تۇغقان ھەمدە سەتلەشمەس.
ئادەم دېگەن بايۋەتچىنىڭ مىجەزى
ئېتىقاد ۋە دىيانەتتىن چەتلەشمەس.

قېنى ئەسلى ئوت ئالمىسا ئادەمدە،
بىلسە نەگە مېڭىشنى قەدەمدە.
نۆل ئۈستىدە بولۇپ قالماس تەقدىرى،
تىك بولىدۇ مەۋجۇتلۇقى ئالەمدە.

غەم خۇرۇچى يوق ئەزەلدىن ئارماندا،
ئۆششۈك دېگەن ئۇقۇم بولماس دەرماندا.
تېرىپ تۇرسا ئېتىزنى مېھنەت قىپ،
ئالتۇن چەشلەر دۆۋىلىنىدۇ خاماندا.

ھايات ئۈچۈن كەلتۈرمىسە ھاقارەت،
روھ يۈزىگە چاچرىمىسا جاراھەت.
ئۆلۈم تۇغار باتۇرلۇقنى، مەردلىكنى،
يۈرەكلەردىن تارالغاندا ھارارەت.

قەدەملەردىن قارا يوللار سۈزۈلسۇن،
ئۆز-ئۆزىگە گۆركارلىقى بۇزۇلسۇن.
ئوتلار يېقىپ قارا سۈكۈت جىسمىغا،
ئىستەكلەردىن كارۋان سېپى تۈزۈلسۇن.

## پاتماس ناھار

ئىپار ھىدىنىڭ تولدى سەزگۈم بېغىغا،
پورەكلىگەن چاغدا گۈلنىڭ ئاۋازى.
چاچلىرىڭدىن بالقىپ قارا ھاياجان،
قاناتلاندى خىيالىمنىڭ پەرۋازى.

ئاۋازىڭنىڭ تارلىرىدىن ئوقچۇدى،
ناخشا بولۇپ زۇمرەت چەشمە بۇلاقلار.
پايانىمدا يېشىل نۇرلار ئۆركىشى،
ئۇسسۇل ئويناپ قەلبىمدىكى ياپراقلار.

بۇقۇلدىغان بىر قۇش بىر چاغ جېنىمدا،
ئاپتىپىڭسىز ھىجران لەۋدە چېچەكلەپ.
مېھرىڭ قۇشى ئاسمىنىمدا ئۇچقاندا،
تاڭلىرىڭدىن ئېچىتىم سۆيگۈ چىلەكلەپ.

چاڭقاش يېشىل لىباس كىيىپ يېڭىچە،
سۇلىرىڭدا چاچلىرىنى تاردى.
مېھمان بولۇپ بەلەن شادلىق چېھرىمدە،
ئىشقىم قۇشى شاخلىرىڭدا سايرىدى.

ھېسلىرىمدىن ئوقچۇپ سەھەر شاملى،
ئېچىپ قويدۇم قۇياش كۆزلۈك دېرىزە.
قۇيۇلغاچقا ئايدەك مېھرىڭ دىلىمغا،
توزۇپ كەتكەن دەرد ئۇگۇلۇپ ھەر لەھزە.

غازاڭ بولۇپ چۈشتى ھىجران شېخىدىن،
چىمەنلەرنى يايدى ۋىسال باھارى.
پاتماس ئەھەت ئۇپۇقىدا ئەمدى ھېچ،
ئۆلسەكمۇ گەر ئەقىدىمىز ناھارى.

## سەندە بولغاچ

قاپاق تۇرسەڭ بۇلۇت ئۆرلەپ كۆك يۈزىگە،
مۇز قوچاقلار ئەۋجىگەن شوخ دولقۇنىمۇ.
بىر لەھزە تىن ئالمىساڭ گەر ساپ ھاۋادىن،
سۈكۈتلەرنىڭ قەھرى تۇتار شاۋقۇنىمۇ.

سۆيگۈ ۋىسال سەھرىدە كۈلۈپ باقساڭ،
ئوينىتارمەن شوخ ئۇسسۇلغا قۇزغۇنىمۇ.
ئاشۇ ھىممەت لەززىتىدە گويا شاھمەن،
باھارغا رەڭ بەرگۈزەرمەن ئازغۇنىمۇ.

ئېرىپ كېتەر قىراۋ كۆڭلۈم شاخلىرىدىن،
ئوت نەپەستە سۈمۈرىمەن يالقۇنىمۇ.

پەر قاقىدۇ سايراپ جېنىم كاككۇكلىرى،
پەرۋازىغا قېتىپ غەيۇر ئۇچقۇنىمۇ.

چۈشۈمدىكى قىرىق ئوغرى ئات چاپتۇرۇپ،
سېنى قوغلاپ كېتەر تاشلاپ ئالتۇنىمۇ.
سەپەر قىلار چاچلىرىڭدا كارۋانلىرىم،
ئېزىقتۇرۇپ يوللىرىدىن ئالۋۇنىمۇ.

سەندە بولغاچ شاھ ئىمتىياز ئاستانىسى،
سۆيگۈ ئېلى شاھ قىلار مەن مەجنۇنىمۇ.
گۈزەل تاڭلار ئۇۋۋا ياساپ ئارمىنىمغا،
دېڭىزىمدا ئۇلۇغلىتار ئۇپقۇنىمۇ.

(ئاپتور «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

پەرھات باھايىدىن



# تۇرپاندىكى مىلىك ئۆيدىن چىقىپ

## تۇرپاندىكى مىلىك ئۆيدىن چىقىپ

تۇرپاندىكى مىلىك ئۆيدىن چىقىپ،
پىشقان ئۈزۈمدەك كىرسەم بىر ئۆيگە.
بىر ئۇدۇم دۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ،
باشلىدى ئەلمىساقنى تارىم سۆيگە.

تۇرۇپتۇ تۇمىقى سۆسەر توغراقلار،
ئاۋازىمنىڭ چۆللۈكىدە شېئىردەك كۆتۈپ.
پۈردىم تاشقىنلاۋاتقان تۇپراق ھىدىنى،
تەمبۇردەك قىرىق بىر ئازاپتىن ئۆتۈپ.

بايقالمىغان ۋاقىت قۇملۇقى
ئىچ- ئىچىمگە كىرەر چوڭقۇرلاپ.
ئاقار جىرقىراپ قۇياشنىڭ سۈتى،
باغرىم ئۇنى ئىچەر ئاپقۇرلاپ.

كۆرۈنەر تىلسىم ئەينەكلەردىن
سۆڭەكلەرگە تولماي قالغان مەشرەپ خۇرجۇنى.
چىقار قۇم ئىچىدىن خىيالدەك تەرلەپ،
توغراق ھەمدە بارلىقنىڭ ئەپسانىۋىي ھاياجىنى.

ئانامنىڭ چۆچەكىدە كۆيۈۋاتقان ياشلار...
ئاتامنىڭ جەڭنامىسىدە ئۇچۇۋاتقان تاشلار...
قىشتىن قايتىۋاتقان كۆيۈك قار،
قۇۋۇقى تېخىچە يېپىلمىغان غار...

كۆرۈنەر تىلسىم ئەينەكلەردىن

چەكسىز رىۋايىتىمنى يېزىۋاتقان قۇم،
مېنى مەندىن قېزىۋاتقان قۇم،
تىنىمسىز يېقىنلاپ كەلمەكتە ماڭا
گۇناھلىق تېنىمدە ئېزىۋاتقان قۇم.

قۇم بىلەن سۆيۈشۈۋېتىپ
بىر تامچە ياشقا قالدىم ئايلىنىپ.

قۇياشسىز دەھلىزدە قىپياش چېكەتچۈش،
ۋاراقلار تارىخىمنى ياغاچ پۈتۈك.
توغراقلار چۆلدە گۈس- گۈس كېتىپ بارار،
بېلىدە پوتا،
پۈتىدا مەسكاپ ئۆتۈك.

بەكمۇ ئۇزاق قارىدى ماڭا
پايانسىز ئاسمان كېلىپ ئۇدۇلۇمغا.
تۇزۇماقتا ئاي يورۇقىدا
روھىم شاخلىرىدا ساناقسىز قاغا.

تەكلىماكان ـ
گۇرۇلدەيدۇ ھەر بىر تىنىقلىرىڭدىن
تۇغۇم ھەققىدە يېڭى رىۋايەت.
بىر توغراق يىقىلسا ئۈنەر مىلىك توغراق
يەتمەيدۇ ئەبەدىي ساڭا قىيامەت.

## كىلىاك مەشرىپى

1

توپا- چاڭ توزۇتۇپ باياۋىنىمدىن،
قەلبىمدە بىر ناخشا ئۈينايدۇ ئۇسسۇل.
كۈيلەرنىڭ ياپپېشىل شاخلىرى مېنى
ئەپكەتتى تارىمنىڭ بويىغا ئۇدۇل.

2

ھاياتنىڭ مىلىك يىللىق توغراقلىرىغا
ئاسىدۇ ئۆزىنى بىر توپ كىشىلەر.
ناخشىلار سىزىدۇ تەكلىماكاننى،
شاھ مەشرەپ يۇلقۇنۇپ داردىن يېشىلەر.

مۇقامدەك تۈزىماي ياشىغان يوللار،
تۆگىنىڭ ئىزىدا ياندۇرار گۈلخان.
ئىماندەك گۇناھتىن خوشلاشقان بىلەن،
ناخشىدىن بىر نەپەس كەچمىدى كارۋان.

قەدىمدىن ھازىرغا تۇرار تۇتىشىپ،
روھى يورۇغان تىلسىمات شەھەر.
ئەپكېلەر قۇشلارنىڭ پەرۋازلىرىنى،
ھەركېچە پايانىدا تۇنىگەن سەھەر.

3

قۇملارنىڭ قېتىدا بار بىر رىبائىلىق،
ئۆگىتەر غازاڭلاردەك پاكىزە بولۇشنى.
ئۆگىتەر توغراقلار ناخشا ئىچىدە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرلەرنىڭ دەردىدەك چەكسىز بولۇشنى.

ئازدىم بىر ناخشىنىڭ كىرپىكلىرىدە،
ئۈندىكى يۇلتۇزنى ساناپ ئولتۇرۇپ.
توققۇز تال تۈن تەردىم توققۇز تۈگۈلۈكتىن،
ئىشق زۇلمىتىدە قاناپ ئولتۇرۇپ.

باغرىمدا كۆزياشتەك لاۋۇلدار كارىز،
دۇتارنىڭ مەيدىسىدەك چاقنار كۈندۈزۈم.
قۇياشنىڭ ھويلىسىغا كەتكەن تىنىمدىن،
تورۇكلاپ-تورۇكلاپ تۆكۈلەر ئۆزۈم.

## ئىچىمگە يېيىلغان قۇمى بار ۋەتەن

كېتىۋاتسام كۆز ئاخىرىدا،
چەكسىز قۇملۇق باشلىنىپ قالدى.
نەم تىنىقلار ئۇرۇلۇپ جانغا،
غېمىم بىردىن ئۇنتۇلۇپ قالدى.

مۇقام توۋلاپ قوپتى توغراقلار،
قۇمنىڭ ئەمەس، سۇنىڭ ئىچىدىن.
بويلىرىنى چايقايتتى نۇردا،
چىقىپ قارا، سوغۇق كېچىدىن.

ئاقار شۇنچە سۇزۇلۇپ تارىم،
تەكلىماكاندا ئىچ-باغرى ئېرىپ.
كۆكلەۋاتقان ئىسسىق باھارنى،
قۇچاقلىدىم يۈگۈرۈپ بېرىپ.

كۆردۈم ئۈندىن تۇرمۇش رەڭگىنى،
مۇھەببىتىم بولماقتا قايىم.
ئىچىمگە يېيىلغان قۇمى بار ۋەتەن،
ۋەتەن بولسۇن مەڭگۈلۈك جايىم.

(ئاپتور توقسۇن ناھىيەسى غولبويى يېزا «زوقلان» فوتوسۈرەت، فىلىم ئىشلەش مەركىزىدە)

زاماندىن پاكزات



# تەگىرگە تېۋىنىپ ئاقىدۇ كۆك سۇ

## تۆت پەرىزات

تۆت پەرىزات ئېزىپ قاپتۇ تۇماندا،
ئۈچرىدىغۇ سەھەر ماڭغا ئورماندا،
كېلىپ تۇتتى قوللىرىمنى ئىككىسى،
شاخ كەينىگە مۆكۈنەي دەپ تۇرغاندا.

تاتلىق سۆيدى مەڭزىمنى ئۆزرە بىر پەرى،
خىجىللىقتىن تەپچىرىدىم، يۇمدۇم كۆز.
ئېرىپ كەتتىم چايغا چۈشكەن ناۋاتتەك،
بىر ئوت
ئاھ! بۇ ئوتنى تەسۋىرلەشكە نامرات سۆز!
كىينىپتۇ ئالچى يىپەك كۆڭلەكتىن،
ئىپار ھىدى كېلەر كۆپكەن كۆكرەكتىن.
تامدى بولغاي ھاياتلىقنىڭ شەبنىمى
چۈژگۈنلۈكتە چىلىك چىڭقالغان جۈمەكتىن.

تۇمان ئارا ئاپتاپ كەبى تەبەسسۇم،
كۆزلەر ئىچرە يانار جەننەت جىلۋىسى،
شۈكرى، ئىگەم! بىزگە بەرگەن بەختىڭگە!
گۈزەللىكمۇ ئىنساننىڭ بىر قىبلىسى.

«خوش» دېمەكتە كۈيدەك گۈزەل ئۈنلەردە،
مەن بىر قۇچاق تاغ گۈلىنى تەڭ سۇندۇم.
شۇ سىياقتا قېتىپ قالسۇن ۋاقىت، دەپ،
«خوش» دېگەنچە كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمدۇم.

يول كۆرسەتتىم، ئورمان ئارا چىغىر يول،
چىغىر يولدىن ماڭسا تامان ئۇلۇغ غول.
قولدار ئىدىم پەرىزلەرنىڭ شەھرىدە،
شۇندىن بېرى مۇھەببەتكە بولدۇم قول.

تۆت پەرىزات ئېزىپ قاپتۇ تۇماندا،
ئۈچرىدىغۇ سەھەر ماڭغا ئورماندا،
شۇندا بىلدىم ئۆزۈن مەپتۇن يۈرگىنىم
خەق مىلىڭ-مىلىڭ رەت سورۇپ بولغان خاماندا.

## ئازغۇن

قارا، مەنزىلگە يېتەي دەپ قالدىڭ،
جەننەت ئىشىكىگە «جەننەت» يېزىقلىق.
كىرەلمىدىڭ ھەعدا تۇرۇپمۇ،
سېنى ئېزىقتۇردى شۇ ساۋاتسىزلىق.

ساڭا ۋىسال جەننەتتىن رىزىق،
جەننەت ئىشىكىگە گۈللەر تىزىقلىق.
قەلبىڭ سۆيمەسكەن رەڭدار گۈللەرنى،
ئېزىقتىڭ جەننەتتىن ھەسرەتلىك، قىززىق.

## قاراقاش كەلكۈنى

قاراقاش دەرياسى ئۆركەشلىمەكتە،
ئېيۇن ئىسسىلىك ۋاقىت قىرىدا.
بىزمۇ ئۆركەشلەندۇق ئاقۇش ئېقىندا،
تۇغاننىڭ سىردىشى سۆگەت يېنىدا.

ئۇلغايدى ئېقىننىڭ ئۈستىدە ئېقىن،
مىراپلار تېپىرلاپ كۆتەردى قاپقا.
- قويۇۋەت، بولمىسا تۇغاننى يەيدۇ،
سېنى ۋە ئۆزىنى قويۇپ ئازاپقا!

قۇرۇمنىڭ تومۇرى كېسىلگەنمىدۇ؟
بوز-ئاقۇش قېنى كەلمەكتە دەۋرەپ.
كەلكۈننىڭ خورىغا مەپتۇندۇر ئورمان،
تۆمۈر قاپقىلار تىترەيدۇ تەۋرەپ.

شارقىرىغان ئاۋازدا ئېرىدى ۋاقىت،
تومۇزغا مۇقامى قالدى يىراقتا.
قويۇۋەت، ئەركەك سۇ ئەركىنى تاپسۇن،
چاڭقاق تەكلىماكان
چاقىرماقتا، چاقىرماقتا يىراقتا...

كەلمەكتە ئاقۇش سۇ ئۆزىدە ئۈزۈپ،
گويا بىر زاماننى يۆتكەپ-كۆچۈرۈپ.
تولغىنىپ كۆكسىنى ئۇرار ئۇ قاتقا،
«بۇقا» ۋە ئاراللارنى سۆكۈپ، چۆكۈرۈپ.

تەبىئەت ئۆز تىلىدا سۆزلەيدۇ،
زەڭ سالغانلار شېرىن چۈشەيدۇ...

## بىرلىك

تەڭرىم چاچتى يۇلتۇزلارنى كەچتە ساماغا،
تاڭ سەھەردە دان بولدى ئۇ مىسرەڭ ئەنقاغا.
دانلاپ يېدى ئالتۇن داننى ئۆرلىگەن ئەنقا،
مىسرەڭدىن ئۇ ئالتۇنرەڭگە ئۆزگەردى ئاستا.

ھەر نېمىگە رىزىق بەرگەن ئىكەن كائىنات.
كۈنگە تۈننى، تۈنگە كۈننى يەم قىلار، ھەيھات!
جان-جانىۋار، توپا-تاشنى «مەن ھەم شۇ» دېگىن،
شۇندا سىغار ھايات ساڭا، سىغدۇرار ھايات!

## مەن بەلكى چۈشكە كىردىم كۆك كىتىنىڭ

دېڭىزلار دېڭىزدىن جۇدالاشماستا،
بىر جانۇ-بىر تەن ياشاۋاتقاندا،
سۆيۈشۈپ ئاققاندا تۇتاش ئوكياندا؛
ئىنسانلار ئىنسان بوپ ياشاۋاتقاندا،
جۈغى جەم بىر جەمەت شالاڭ ئورماندا،
جىلغىلارنى قوغلىشىپ جۇدالاشماستا،
بەلكى مەن چۈشكە كىردىم كۆك كىتىنىڭ.

بەت ئاچقان مۇقەددىم ئەستىلىكىدىن،
كىتلار ياشىماقتا پاكدىللىق بىلەن،
چۈشۈم بۇزۇلدى ئۆزۈمنىڭ ئەسكىلىكىدىن.
ئالدىدىم خەقلەرنى ھەم يالغان ئېيتتىم،
بۇنىڭ مىڭدىن بىرىگە كىت ئۆلۈۋالار!
ئالدىدىم ئاخىرى ھەتتا ئۆزۈمنى،
رەزىلمەن، يايسام ئۇ جاھاننى ياپار.

دېڭىزنىڭ بويىنى بويلاپ يۈرەتتىم،
كۆڭلۈمدەك ئاپپاق-ئاپپاق سەدەپ تېرەتتىم.
ساھىلغا چىقىپ قالغان بالا كۆك كىتنى
ناخشا ئېيتىپ قايتۇرۇۋەتكەنىتتىم.

بۈگۈن بەلكى چۈشكە كىردىم كۆك كىتىنىڭ
(مېنىڭمۇ چۈشۈمگە كىرگىنىدەك ئۇ)

كىردىم شۇ ئەزەلمەڭگۈ كىتىنىڭ چۈشىگە،
سورايمەن ئەپۇ سۆيگەنچە تامنى.
بەلكىم كەچۈرەر، بەلكىم كەچۈرمەس،
كەچۈرەرمۇ ئۇ
ئالدىسا بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى؟
كى زامان ياسىغان ياغاچ قونچاق پىنوككودۇرمەن
چىقماقتىمەن كىتىنىڭ چۈشىدىن....

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سۇغا چۈشتى بەش چوكان

سۇغا چۈشتى بەش چوكان،
سۇ هودۇقتى، ئۇيالدى.
بىلىقلارنىڭ خىيالى
قىزىل رەڭدە بويالدى.

هايات تېز، سۇ ئۇنۇتقان
چۈشتەك لەزىز تۇيغۇنى.
سۇغا چۈشۈپ بەش چوكان
ئوت ئالدۇردى سۆيگۈنى.

سونىڭ يۇمۇلاق توپچىسى
ئۇردى ئۆزىنى قىرغاققا.
تاشلار پىلتىڭ-پىلتىڭلاپ
چۈشتى هالرەڭ ئىشتىياققا.

سۇغا چۈشتى بەش چوكان،
ئالتە بولدى پەرىزات.
چايغا چۈشكەن ناۋاتتەك،
ئېرىپ كەتتى ئادىمىزات.

## توقۇنۇش دەردى

بولدى قىلماسمۇ پەلەستىنلىكلەر
پۈتۈن پەلەستىننى تاش-چالما قىلىپ
ئېتىپ بولغىچە ئىسرائىلىيە ئارمىيەسىگە؟!
بولدى قىلماسمۇ ئىسرائىلىيە
پەلەستىننى مىس-قوغۇشۇن بىلەن تىندۇرمىغىچە.
سېرىق چېچەك ئۈنۈپ قاپتۇ يامغۇردىن كېيىن
يېشى قۇرىغان خارابە ئارىسىدىن.
هىلال ئاي ۋە قىزىل كرېست بەلگىلىك ئايال
سۇغۇرۇپ ئالدى ئۆچمەنلىكنىڭ چويۈن پارچىسىنى
جەننەتكە ماڭغان گۆدەكنىڭ يارىسىدىن.
رىزۋان ئۆتكۈزمەس ئىشكتىن هەركىمنى
پاكلانمىسا توقۇنۇشلار يالىسىدىن،
ئالۋاستى روهلار قاملىدۇ كوهقاپقا
زەنجىرلىنىپ چىڭ
بىگۇناھ ئۆلگەنلەرنىڭ نالىسىدىن.
تەڭرى ياش تۆكمەس، ئەمما، بىر تامچە يېشى
دوملاپ ئېقىپ كەلمەكتە...
دوملاپ كەلدى يەر شارى.

(ئاپتور شنجاڭ باللار پىداگوگىكا مەكتىپىدە)



ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

# مەندە بىر مۇھەببەت بار

## چالىمەن سۆيگۈمنىڭ ئۆزۈك تارىنى

كۆڭلۈمدىن بىر ساپاق ئۆزۈلدى سەهەر،
لېۋىمدە چايقالغان قاقاس چۆللەرگە.
ۋىللىدە قىزارغان يوللاردا ئاپتاپ،
جىنىمنى تاشلىدىم هالرەڭ ئۈنلەرگە.

باغرىمنى هاياجان تەۋرەتكەن بىلەن،
سايەمنىڭ ئۈزارغان تەشۋىشى تولا.
چاڭلارغا كۆمۈلۈپ كېتەر ئەسلىمەم،
ئۆزۈمگە چوڭقۇرلاپ ئىزدىسەم جۇلا.

دەرياغا پاتمايمەن تۇيغۇمدا بۇدەم،
ئېقىشىم تاغلاردىن تاغلارغا يېتەر.
تۇيىقى تاشلارنى ئۇچۇرغان ئاتالار،
ئون سەككىز يېشىمدىن مېنى كۆكلىتەر.

ۋاقىتنىڭ ئۆلۈمى پىراقلىرىمدا،
يىغلايمەن گۈللەرنىڭ سۇلغۇن رەڭگىنى.
ياپپېشىل ئورمانىنىڭ كۆيۈشلىرىدە
چالىمەن سۆيگۈمنىڭ ئۆزۈك تارىنى...

## مەندە بىر مۇھەببەت بار

مەندە بىر مۇھەببەت بار
سۇغا كىرسە ئېرىمەيدىغان
ئوتقا كىرسە لاۋۇلدايدىغان.
توزۇپ ھاياتتىن
ئازابنىڭ ئۆككۈرىدە يىغلاپ ئولتۇرساڭ
قولۇڭنى چوققىلارغا يېتەكلەيدىغان.

مەندە بىر مۇھەببەت بار
باغرىمغا چوغ تاشلاپ شۇرلايدىغان
ياپراقلىرى مەڭگۈ ياپيېشىل
قوشۇلۇپ قىسمەتكە كەچكۈز كەلسىمۇ
كۆكلەيدىغان، يوقالمايدىغان.

مەندە بىر مۇھەببەت بار
باراخسان ئۆسۈشىدە سالقىن شاماللار.
ئولتۇرۇپ سايىسىدا دۇتار چالسام
بارمىقىمدا چېپىشار ئاتلار
ئۆلۈمدىن ئويغۇنار جانلار.
ئاپپاق سۆگەكلەرنىڭ رىۋايىتىدە
ئەتلەستەك جۇلالاپ تۇرغان زامانلار.

مەندە بىر مۇھەببەت بار
يۇلتۇزلۇق تۈنلەردىن باشلىسام ناخشا
يېتىمەن ئاققانچە دەشتى چۆللەرگە.
قىپقىزىل يۇلغۇنلاردا قالار ئاۋازىم،
قارماق تاشلىسام قاقاس كۆللەرگە.

مەندە بىر مۇھەببەت بار
چىغىر يوللىرىدا كولدۇرما ئۈنى
ئوتقاشتەك بارخانلارنىڭ تەكتىگە چۆكسەم
مەن ئىزدىگەن بىر تال چېكىتتە
چەكسىزلىكىدىن چەكسىز يېيىلغان
تامىلىرى ئۆرۈلمەس سۆيگۈمنىڭ رېڭى.

مەندە بىر مۇھەببەت بار
پەرلەپ تۇرار روھىمنى كۆككە.
ئۇنىڭدىن تۇغۇممىغا قايرىلىپ باقسام
بارىمەن بۇ ئەسىردىن ئۇ ئەسىرگىچە
بارىمەن بوۋام ئېيتقان چۆچەكلەرگىچە.

مەندە بىر مۇھەببەت بار
مەئىشتى تۈنۈمگە كۈندۈز
لەپىلدەپ يېغىۋاتقان ھىجرانىدا قالسام
باغرىمدىن ئۇپۇققا مىڭىشىم تۈپتۈز.

مەندە بىر مۇھەببەت بار
ۋەسلىگە جان بىلەن چاڭقىشىم دەريا،
روھىم قىياسىدا تۇرار چاقىلىنىپ
چاقناشلىرىدىن
قالار مۇزىيلاردا مەڭگۈ ساقلىنىپ...

## كۆڭلۈم يېرىم

كۆڭلۈم يېرىم، يېرىملىقىمنى،
بېرەلمەس بۇ دۇنيا پۈتۈنلەپ ئەبەت.
تويۇمنىڭ يېرىمى ئۈزۈلگەن تاردا،
تۈتەكلەپ كۆيمەكتە قاردا مۇھەببەت.

كۆڭلۈم يېرىم، يېرىملىقىمدا
ئۈششۈك تەگمەيمۇ گۈللىرىم سولدى.
بىر ئىسمىنى قالدىم زىكىرلەپ،
كۆزۈمگە لىققىدە قاراڭغۇ تولدى.

كۆڭلۈم يېرىم، يارنى ئىزدەيمەن،
يېزىپ پۈتمەس شېئىرلار بىلەن.
قەلەمدىن تامچىغان بىر تامچە قاندا
بار ئەركەكلىك، سۇلسىمۇ چىمەن...

## سۆكۈتتىن چېقىلىش

چىقتىم رەڭسىز خىيال ياكى چۈشلەردىن،
ئاي ئۇيقۇسىز كۆزۈڭدىكى ناخشامدا.
سۇنىڭ چاڭقاپ ئېقىشىنى تىڭشايمەن،
جىنىم جىمجىت كۆيۈۋاتقان ئاخشامدا.

بىر تال ئاپپاق چېچىمدىكى كەچمىشلەر،
بارمىقىم قان، تۆكۈلەر زەر تارلاردىن.
خىلۋەتلەرنىڭ نازلىشىغا كۆنمەيمەن،
تىرىلۋالدىم ئىزلىرىڭنى قارلاردىن.

سەن، مەن ئىزدەپ يۈرگەن پىنھان چىغىر يول،
بارار جايىم پەرۋازىڭدىكى تاغلاردا.
سۆكۈتلەردىن چۆل-چۆل بولۇپ چېقىلدىم،
سىنى بار دەپ قەلبىمدىكى باغلاردا...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئۇنىڭ خاتىرىسىگە

1

ئۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، سەن
شارقىراپ، پارقىراپ چەكسىزلىكلەردىن
چەكسىزلىكمىگە ئېقىۋاتقان.
ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەر ئۇنىدىن
ئىسمىڭدىكى بەش تال ھەرپتىن
قەلبىمگە مۇھەببەت تېرىۋاتقان.

ئۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، سەن
باغرىمغا يىلاندەك سويلاشلىرىڭدىن
ئۇنتۇلغان چۈشلىرىمگە كىرىۋاتقان.
چىرمىشىپ قەدىمىمنىڭ ھارغىن پەسلىگە
مېنى ھىجران تارلىرىدا چېلىۋاتقان.

ئۇ ئەمەس، بۇمۇ ئەمەس، سەن
قارا دېڭىزدەك دولقۇنلۇق چاچلىرىڭ بىلەن
باغلاپ خىيال، تۆشلىرىمنى
سۆيگۈمگە بال بولۇپ تېمىۋاتقان.
سەن ئىككەنسەن ئاخىرى بىلسەم
ئۇپۇقنىڭ مەڭزىدىن پارلاپ كۆزۈمدە
مېنى ئەر قىلغىلى، ئەر قىلغىلى
بىر بېقىپ، ئىككى بېقىپ قېچىۋاتقان...

2

مەن ئەسلىدە كەيىپ ئەمەس
ئىگىز ئۆسكەن تىرەكلەردەك
خىياللار لەيلىشىدە لەيلىگەن ئەمەس.
سەن بىر بېقىشتىن بەرگەن لەيلەشتىن
ئىسمىڭنىڭ بۇلۇڭىدا كۈندە تۈنەشتىن
ھاياتىم مەنزىلى بولغان ئېگىز- پەس!

سەن خىيالىمغا بۆسۈپ كىرسەڭ
كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ ئايغا قارايمەن.
تۈنۇماس بولۇپ يېنىمدىن ئۆتسەڭ
گۈللەرنىڭ بەرگىدىن مىڭ يىل قانايمەن.

كەيىپ مەن، كەيىپ
كەيىپ مەن ئەمدى
يوللىرىڭدىن تۆت تامغا ئازغان
ناخشامدا كۆزۈڭدىن ئىچكەن شاراپتىن.
كۆزى بار، ئۆزى يوق
نازى بار، سۆزى يوق
شاراپلاردىن ئەمدى ئىچمەيمەن
بۇ ھىكايە پۈتمەي، پۈتكىچە
باغرىمدىكى ئوقتا تۈنەيمەن...

## ناخشا ئاڭلاش

ناخشا ئاڭلاۋاتىمەن
پاتمەم كېلىۋاتقان چىغىر يوللاردىن.
ناخشىنىڭ ئاۋازى يوق
تالا- تالا كۆيىنەكتىكى گۈللەردىن
يۈرىكىمگە تېگەر بىر پاي ئوق.

پاتمەمنىڭ كۆينىكى
تېرىلماي ئاق قالغان يەتمىش پارچە يەر.
قىرىق تال چېچىدىكى قىرىق قاراقچى
يىلاندەك جېنىمدا سويلىغان خەنجەر.

بىردانە ئەر ئىدىم، مىڭ پارە بولدىم،
قويۇڭنى باقمايمەن جاڭگالدا ئويۇم.
ئۇنئالغۇنىڭ قۇلىقىنى تولغايمەن،
يۈرىكىمنى چوغ ئۈستىدە چوغلايمەن.

ناخشا دېگەن «پاتمەم»دەك بولامدۇ!
سۆيگۈ دېگەن سەۋدا باشتا تۈنەمدۇ؟
تارلاردىكى ئېقىۋاتقان ياشلاردىن
ساقاللارغا بىردەمدە ئاق كىرەمدۇ؟

پاتمەم يېنىمدىن ئۆتتى
كۆزلىرىدە كۆيۈۋاتقان قىسمەتلەر.
خىيال چەكسىزلىكىگە قۇمدەك چېچىلدىم
يىراقتىكى چېكىتتە
چاڭقىشىمغا تۇتاشۋاتقان كۆلچەكلەر.

ناخشا ئاڭلاۋاتىمەن
پايانىمغا توزۇۋاتىمەن
پاتمەمنىڭ كۆينىكىنى ياماۋاتىمەن
جاڭگالدىكى ئىزلىرىمنى ساناۋاتىمەن
قومۇشلۇق يوللارنىڭ پۈپەكلىرىدىن.
سۇدەك شۆرىلاۋاتقان ئازابقا چۆكۈۋاتىمەن
مەن ئاڭلىغان پاتمەم يوق ناخشىلاردىن.

يوللار سوزۇلۇپ كۆيمەكتە ئۇپۇق
قەلبىمگە باستۇرۇپ كىرمەكتە يوقلۇق...
كۆزلىرىمدىن يوقالغان ئۇيقۇ...

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا)

مۆمىن زايىت



# تۈن پىنھانىدا نازلىنىپ

## يار

بۇ سىرىسنىڭ سىرداشقاق شۇئىرلاشلىرى،
بەئەينى يارىمنىڭ پىچىرلاشلىرى،
تۈن پىنھانىدا نازلىنىپ تولغۇنار بىر كۈي،
تىنچ ئەسەبنى ئۇيغۇتار تىپىرلاشلىرى...
ئاشۇ تاتلىق ھېسلارغا باغلانغان قەلبىم،
تەلمۈرىدۇ يارىمنىڭ ۋىسال پەيتىگە.
ھەر قاقار تۈن بويى خىيال قۇشلىرىم،
يىراقتىكى يارىم تۇرغان ئاشۇ باغچىغا.

ئۇنۇم يەتمەس، مۇساپە بولغاچقا يىراق،
يۈرەكلەرنىڭ رىشتىسى تۇتاشقان، بىراق.
ھېسلىرىمنى، بىلمىدىم، قانداق قىلايكىن،
ئەزۋەيلىدى، ئەۋجىدى، كېمەيمەي پىراق.
يۈرىكىمنى قولىغا ئالدى پىنھاندا نىگار،
ئوت ئىشقتا پۇچۇلاندىم، يەتمەيدۇ ئۈنۈم.
يار لېۋىدىن ئەمدى يەنە بەرمىسە شاراپ،
يار لېۋىدىن ئۈزۈمنى تاشلايمەن چوقۇم!

## سېغىنىشلىق ئاق كېچە

ئاي تولغان ئاق كېچە، سۈزۈك كۆك ئاسمان،
مەھەللە تىنىدۇ تۇمان ئىچىدە.
ئورمانلىق ئۇيقۇدا، شاماللارمۇ ھەم،
سېغىنىش ھۆكۈمران تەنھا كېچىدە.

يارىنى ياد ئېتىپ ياتار بىر گۈزەل،
كۆزى ياش، تولغۇنار ھىجران، ئازابتا.
بىر يارغا، يارىغىلا باغلانغان رىشتە،
ئوت بولدى ئىستەكلەر يېنىپ شۇ تاپتا...

(ئاپتور تۇرپان شەھەرلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىدا)

ئۆمەر نوھ



# ئۈچ شېئىر

## گىرە سالىمەن

يىراقلاپ كەتسىمۇ ئۆتمۈشلەر مەندىن،
بىر شېرىن سېزىمدىن ئەسلەپ كېتىمەن.
قانچىلىك ۋاقىت ۋە پەسىل ئۆتتىكىن،
بىرمۇ-بىر سانايمەن، بارماق پۈكمەن.

ئارىلىق، ئاھ، شۇنچە بولسىمۇ يىراق،
بوينۇڭغا قۇچاقلاپ گىرە سالىمەن.
شۇ تونۇش ھىدىڭنى قانغۇچە ھىدلاپ،
ئەسەبىي ئېسىلىپ سۆيۈپ كېتىمەن.

قوللىرىم پۈكۈلدى توختىماي يەنە،
سانايمۇ يەتكۈزدۇم يەتتە-سەككىزگە.
يۈرەكلەر تارتىشسۇن ئوتلۇق مېھىردە،
سۆيگىمىز كەتسمۇن ئۇچۇپ نەلەرگە.

لەۋلىرىم تەگكەندە سوغۇق ئەينەككە،
سۈرەتكە تەلمۈرۈپ كۈلۈپ كېتىمەن.
كەلسەڭچۇ خۇش كۈلۈپ يېنىمغا، جېنىم،
ئازابتىن تولغىنىپ ھەسرەت چېكىمەن.

## يېپيىق سۆيگۈ

قاچانلاردا يۈرگەنتىڭ ئىشقىمدا كۆيۈپ،
قەلبىڭنى قەلبىمگە باغلىغان قاچان.
قىلغاندا سەن ماڭا قەلبىڭنى ئىزھار،
خۇدۇمنى بىلەلمەي قالغانتىم ھاڭ-تاڭ.

بىلمىدىم چىن سۆيگۈ دېگەن شۇمىكىن،
قەلبىمدە ياشايدۇ بىر سۆيگۈ پىنھان.
كەل، يىگىت، سۆيگۈمنى ئاتىدىم ساڭا،
ۋامۇق سەن، مەن سېنىڭ مەشۇق ئۇزراك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com

## ئەسلىمە مەڭگۈ

ئۇزاققا قالمايلا كېتىسەن، نىگار،
مۇھەببەت گۈلۈمنى خاراپ قىپ، چەيلەپ.
قالىمەن مەن پەقەت يالغۇز-يىگانە،
خىيالىي ئۆتمۈشكە ئەسىر بوپ پەقەت.

قەلبىمدە بىر ساڭا مۇھەببىتىم بار،
ئۆزگەرمەس ئۇ مەڭگۈ، ئەبەدىل-ئەبەت.
تاڭمايمەن مەن ساڭا سۆيگۈمنى، نىگار،
يۇرۇۋەر خىيالىي سەن كۆتۈرۈپ تەن.

تۆكسەم ياش، مەن ئۇچۇن تۆكتى دېمىگىن،
ئارتۇقچە ئازابقا بولما مۇپتىلا.

سۆيگۈ بېغىمنى ياشارتىش ئۈچۈن
سۇغاردىم يېشىمدا، سەن ھەرگىز قورقما.

كەتسەڭ گەر يىراقلاپ مېنىڭدىن، نىگار،
تىلەيمەن مەن ساڭا ئۆمۈرلۈك بەخت.
ئۇچساڭ گەر سامادا قاناتلار قېقىپ،
چۈشكەندە يار بولسۇن شاھانە تەخت.

بەختلىك بولۇشقا ۋەدە بەر ماڭا،
زارىڭنى ئەبەدىي كۆرمەيمەن پەقەت.
بەختىڭنى كۆرسەم مەن ئۆلسەممۇ رازى،
ئەسلىمە مېنى سەن مەڭگۈگە، ئەبەت.

(ئاپتور تۇرپان شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ پېنسيونېرى)



مۇھەممەت ئابدۇرېھىم

# ئىزىڭدىن دەرىيادەك ئۆركەشلەپ ئاقسام

## ئۈمىد لېرىكىسى

كىرپىكىم ئەللەيلەپ ئۇزۇن تۈنلەرنى ،
ئىچ-ئىچىم پىژىلداپ كۆيسىمۇ ساڭا،
مەن ئۈچۈن يانمايدۇ تاتلىق ھېسلىرىڭ،
پەقەتلا ھېسداشلىق قىلسەن ماڭا.

خازان بوپ شامالدا ئۇچۇپ كەتسەممۇ ؟
پاك روھىم بۇلبۇلغا ئايلىنىپ مېنىڭ.
ھاياتىڭ بېغىدا قۇشلىرىڭ بىلەن،
ئەبەدىي سۆيگۈڭنى كۈيلەيدۇ سېنىڭ.

## ئاتام خاتىرىسىگە

سەن زېمىن باغرىغا بۆلەندىڭ مەڭگۈ،
نۇرانە ھاياتىڭ قۇياشتەك چاقناپ.
پاك روھىڭ مەدەتكار ئەبەدىي ماڭا،
ياشايمەن مەردانە ئۈمىدىڭ ئاقلاپ.

ئازاپ ھەم شادلىقىڭ قالغان يوللاردا،
ماڭىمەن سۈكۈتتە يۈرىكىم بىلەن.

سەن جاپا چەكسەڭمۇ تاغ يۇدۇپ دائىم،
ياشىندىڭ يىلتىزلاپ چۆللەردە تىمەن.

قېشىڭغا بارىمەن تۈيۈقسىز بىر كۈن،
ئاق قارغا كۆمۈلۈپ ئۆمۈر باغلىرى.
ئىزىڭدىن دەرىيادەك ئۆركەشلەپ ئاقسام،
چىمەنگە پۈركىنەر يۈرتۈم تاغلىرى.

## كارىز كۆلىدىكى سېغىنىش

مەھەللىمىزنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى
قۇرۇپ قالغان كارىز كۆلى بويىدىكى
قاخشال دەل-دەرەخلەرگە ھەسرەتلىك قاراپ،
ياد ئەتكىنىمدەك يېشىللىق بالقىغان باھارىنى،
مەنمۇ سېنى ئۇنتۇماي ياشىدىم بىلسەڭ،
جېنىمغا يېقىلغان گۈلخانلىرىڭنى مەھكەم باغاشلاپ.

تولۇنئاي شاخلار ئارىسىدىن كۈلۈپ باققاندا،

قاردەك سۈزۈك تال-تال نۇرلىرى كارىز كۆلىگە ئاققاندا،
مەن ئاستا ئايلىنىپ كارىز كۆلىنى،
مېھرىم بىلەن سىلاپ چاك-چاك يېرىلغان دەرەخ قوۋزاقلىرىنى،
سېغىنىمەن
كارىز كۆلىنىڭ ئەلۋەك سۈيىدەك گۈلگۈن پەسلىمىزنى.

كارىز كۆلىدىكى غەمكىن دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى،
يۈرەككە چېپىلغان كارىز سۈيىدە ئەبەدىي سولماس.

كارىز كۆلدە يەنە قانچە باھار ـ ياز
كۈتىمەن سېنى، ئەقىدەم قانتى سۇنماس.
ئەگەر،
سەن كەلسەڭ كارىز كۆلىگە، دىلدار.
كارىز كۆلى قىنىغا تولۇپ لەپ ـ لەپ،
يىشىللىق كۆيلىرىگە سازنى چالار.

## ھىجران

سېنىڭ
ئەزەلدىن كۈن نۇرى چۈشمىگەن،
ئىنسان ئاياغ ئىزى يەتمىگەن،
خىلۋەت ئورماندىكى سۈزۈك بۇلاقتەك،
گۈزەل زىبا چاغلىرىڭ.
تۈنىڭ پايانسىز باغرىغا،
ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كەتتى.
مەن بۈگۈن
روھىمدا باراقسان ئۆسكەن،
ئازاب دەرىخىنىڭ سايىسىدا،
ئۆلۈمدەك جىمجىت ئولتۇرۇپ،
قەدەھ قىلىپ يۇتۇن ئاسماننى،
دەريا ـ دەريا زەھەر ئىچىمەن.

(ئاپتور تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە مەخسۇس پىروگراما بۆلۈمىدە)

ئالىمجان قاسىم



# قاتماقتا ئىچىمدە ئاخىرقى پەرۋاز

## ناخشا

ئولتۇرار تۈيغۇمدا قولىنى ھورداپ،
دېكابىر ھارغىن ۋە سوغۇق بىر ھالدا.
لەپىلدەپ ياغقىنى قار ئەمەس، بەلكى
ئۇ ئۈزۈن سوزۇلغان غەمكىن بىر ناخشا.

چوغلىنار قولۇمدا بىر تال ئەتىرگۈل،
كۆيدۈرەر چۈشۈمنى ئۇنىڭ كۆز يېشى.
ئەڭ گۈزەل كېچىدۇر سېنىڭ ئاۋازىڭ،
يۇلتۇزلار گوياكى ئۇنىڭ ئۆكسۈشى.

ئىچىمگە يېيىلىپ تولماقتا ئاسمان،
نۇر چېچىپ تۇرماقتا ئۇنىڭدىكى ئاي.
يېقىملىق ھەم لەرزان كۆيدۇر ئىسمىڭ،
مەن ئۇنىڭ ئىچىدە ماڭىمەن تىنماي.

ئۆچماقتا كۆڭلۈمدە قار ئۇچقۇنلىرى،
مۇزدەك سوغ سۈكۈتكە پاتماقتا ئەتراپ.
سەن ئۆچۈن كەزگەن بۇ كۆيۈك يوللاردا،
ھاياتىم جىمغىنا تۇرار يىلىنجاپ.

ھېچقانداق بىر كۈيگە توۋلىيالمىدىم،
ئۆتتۈم بۇ ھاياتتىن يولۇچىلاردەك.
قادالغان ساناقسىز كۆزلەر ئالدىدا،
روھىمنى بىردىنلا باسماقتا تىترەك.

خىيالىم يۈزۈڭنى تۇرماقتا سىلاپ،
قاتماقتا ئىچىمدە ئاخىرقى پەرۋاز.
بىز چوڭقۇر سۈكۈتكە يۈزلەنگەندىلا،
تارىلار دۇنياغا گۈزەل بىر ئاۋاز...

## سىزنى سېغىنىشقا سەۋەب كەتمەيدۇ

سىزنى سېغىنىشقا سەۋەب كەتمەيدۇ،
سېغىنماسلىقمۇ ئوخشاشلا شۇنداق.
سىزنىڭ ئاۋازىڭىز باشلانغان يەردىن
ئۈنۈپ چىقىدۇ سانسىز تۈتقۇلاق.

سىزنى سېغىنىشقا سەۋەب كەتمەيدۇ،
ئوتتۇرىمىزدا بىر دەريا ئاقىدۇ.
مەن سىزنى كۈتۈپ تۇرغان شۇ جايدا،
گۈلدەك چىرايلىق تاڭلار ئاتىدۇ.

سىزنى سېغىنىشقا سەۋەب كەتمەيدۇ،
ئارىمىزغا بىر تال يىڭنە پاتمايدۇ.
كۆڭلۈمنىڭ سىز ئۆتكەن ئورمانلىقىدا
قۇشلار سۆيگۈ دەپ ناخشا ئېيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com


بۇ ئورمانلىقتىكى مەيىن شامالسىز،
سىز بولمىسىڭىز كۈي ياڭرىمايدۇ.

هاۋاغا ئوخشايسىز مەن ئۈچۈن، شۇڭا
سىزنى سېغىنىشقا سەۋەب كەتمەيدۇ...

## كېتىپ قالدىڭ ئاھ بەكمۇ بالدۇر

(پەخىرلىك ئوغلانىمىز، ئاسىيا بوكس چېمپىيونى، مەرھۇم ئابدۇراخمان ئابلىكىمگە مەرسىيە)

ئۇچۇق تۇرغان ئاسماندا بىردىن
چېقىلغاندەك دەھشەتلىك چاقماق،
يۈرىكىمىز تولدى قايغۇغا،
ئابدۇراخمان كەتتى... دەپ ئاڭلاپ.

شۇنچە جەسۇر ئوغلان ئىدىڭ سەن،
قەلبىڭ ئىدى قۇياش نۇرىدەك.
مۇسىبەتكە پاتماقتا شۇ تاپ،
سېنىڭ ئۈچۈن ساناقسىز يۈرەك.

مۇشتلا ئەمەس ئىدى ئاتقىنىڭ،
بەلكى ئۇ كۈچ، پاراسەت، غورۇر.
قويۇپ بىزنى چەكسىز قايغۇغا،
كېتىپ قالدىڭ ئاھ! بەكمۇ بالدۇر...

ياشلار دەردلىك تامچىلىماقتا،
سېنى سۆيگەن ھەر بىر يۈرەككە.
كەتكەن ئىنسان كەلمەسكەن قايتىپ،
نېمە دەي بۇ تەقدىر ـ پەلەككە؟

ۋادەرىخا، ئەي باتۇر ئوغلان،
سەككىز جەننەت تىلەيمەن ساڭا!
سېنىڭ روھىڭ كەتمەكتە سىڭىپ
بىزنىڭ جىمجىت ئاۋازىمىزغا...

(ئاپتور تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى چاتقال ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

ئەھەت مامۇت چوغدان



## كېچىسى شېئىر يازاي تاڭدا ياتاي

كېچىسى شېئىر يازاي تاڭدا ياتاي

خۇشاللىقتىن خۇيلانغان
غەمسىزلىكتىن ئويلانغان،
گۈل بەرگىنى جىندە، دەپ،
يار دەردىنى مەندە، دەپ،
شېرىن كېچىلەرگە بولۇپ قۇربان
قەلبىدىن قىچىپ چىقىپ دۇتار چالغان،
كىمسەن ئەي
ھەركېچە توختىماستىن شېئىر يېزىپ
ئۆزىنى ئۆزى شائىر ئاتىۋالغان...

تۈن تەڭدىكى جىنايەتچىسەن،
ئاي يالىڭاچ، ئاسمان يالىڭاچ،
بىر كېچىگە خىيانەتچىسەن
مىڭ كېچىنى قىلغاچقا تاراج.
بەزىدە ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ
قاتىل كىم، دەپ ئاستا تۇۋلاپ باقسەن،
بەزىدە ھەممىنى كەتكۈزۈپ قويۇپ
ئىشكتە تەلمۈرۈپ قاراپ ياتسەن ...

شېئىر بىر چۈش
بىر بالىسەن ئويغىنىشنى خالىمايدىغان،
يۈرسەن
چۈشلىرىڭنىڭ ئىچىدە چۈش كۆرۈپ
ئويغانغاندا چۈش ئۆرۈپ ...

1

تاراملاپ ئاقماقتىدۇر كۆز ياشلىرىڭ
قەلبىڭنىڭ قىياسىدىن تاشقىنلىغان،
ئۆزۈڭگە ئېغىر يۈكتۇر ئامراقلىرىڭ،
سېنىڭدىن باشقا ھېچكىم ياقتۇرمىغان،
بىر ئوتتۇر كۆيۈۋاتقان دۇنيا ـ دۇنيا
بىر چەكسىز ئەركىنلىكتۇر مۇندا گۇناھ،
باغلانسا مەيلى ئۆمۈر نان جان بىلەن
باغلانغان ئىنسان بىلەن شەيتان، خۇدا!
باغلانسۇن مەنپەئەت بىلەن مەئىشەتلەر،
باغلانسۇن قەلبىڭدىكى ئەزىيەتلەر!
ھەرنەرسە ھەر نەرسىگە باغلىق بولسۇن،
باغلانسۇن سېنىڭ مەيلىڭ شېئىرغىلا.

بۇ كېچە باشقا ئۆيدە تاڭ ئاتمىدى
بۇ كېچە ئاياغلاشتى ئۆلۈم بىلەن.

بۇ كېچە ئايغا قاراپ نۇمۇس قىلدى،
بۇ كېچە ئاياغلاشتى زۇلۇم بىلەن.
مەن يارنىڭ خىيالىغا كىرىپ ـ كىرمەي
تېگى يوق خىياللارغا كۆنۈپ قالدىم،
شېئىردەك سۈزۈك تۇيغۇ، سۈزۈك سۆيگۈ
شېئىردىن چىقالمايلا تىنىپ قالدىم.
تاڭنى دەرد بىر كېچىدە راۋا قىلدى،
تاڭ ئاتتى، ئازابلىرىم داۋا قىلدى.
جىق جاۋاب ئىزدىگەنتىم يار يۈزىدىن،
قارىدىم، قارىغانچە سەۋدا قىلدى.
ئۆلۈمدىن ھالقىپ ھالقىپ سەۋرە قىلدىم
تەغدىرىم ماڭا شۇنداق جازا قىلدى ...

2

بۇ دۇنيا مېنى دائىم بايان قىلار،
ئۆزۈمگە ئۆزۈمنى مىڭ ئايان قىلار،
دۇنيانى داغدا قويغان شائىرلىقىم
يولۇمنى بىر كۆنلىرى راۋان قىلار!
شېئىردەك ئۈسۈپ كىرەي قاباھەتكە،
شېئىردەك بۆسۈپ كىرەي ئادالەتكە،
شېئىردەك بۆسۈپ كىرەي، ئۈسۈپ كىرەي
شېئىردەك كۆلۈپ كىرەي قىيامەتكە!
خۇشلۇقۇم، ئۆكسۈشلىرىم سەندە قالسۇن،
ئازابىم، كەچمىشلىرىم مەندە قالسۇن،
مەي ئىچمەي مەست بوپ ئۆتەي مەردلىكىمدىن
ئىزتىراپ تەشۋىشلىرىم غەمدە قالسۇن.

3

بۇ دۇنيا نامەلۇمدۇر، نامەلۇمدۇر
دۇنيانى ئايان قىلغان ئامالىمدۇر.
شېئىرنى سۇغارمىدىم سېھىر بىلەن
مېھىردە ئايان بولغان گۇمانىمدۇر.
قۇياشتەك نۇرلانغىنى پارە ـ پارە
ئىشقىمدۇر، مۇھەببەتتۇر قىيانىمدۇر.
سۆزلىرىم ئۇچۇق ـ ئۇچۇق، دانە ـ دانە
ئۇ مېنىڭ ئەڭ ـ ئەڭ بۈيۈك ئىمكانىمدۇر.
پىكرىدىن بوينۇمغا مىڭ تۇمار ئاساي
ئۇي خىيال مېنىڭ كۆنگەن خۇمارىمدۇر.
كېچىسى شېئىر يازاي تاڭدا ياتاي
قارغىما ئۇمۇ مېنىڭ ئىمانىمدۇر.

## مەجنۇننىڭ كۆز يېشىدا ئېقىپ كەتتىم

1

بۇ كېچە مېنىڭ قەلبىم قۇپقۇرۇقتۇر،
بۇ كېچە مېنىڭ قەلبىم يۇپيورۇقتۇر.
بۇ كېچە قۇربان بولاي مۇھەببەتكە
بۇ كېچە مېنىڭ قەلبىم قايغۇلۇقتۇر.

ئاي مېنىڭ ئاسمىنىمدا مىڭ ئاۋارە،
يار مېنىڭ يۈرىكىمدە پارە ـ پارە.
جان مېنىڭ قىينالماقتا ۋۇجۇدۇمدا
بارلىقىم يوقلۇقۇمدا دانە ـ دانە.

يۇلتۇزلار ماڭا باقتى، ئېقىپ چۈشتى،
ئاسمانمۇ كەڭلىكىدىن قېچىپ چۈشتى.
مېنى مەن بىھۇش قىلدىم چۆكتۈرمەككە،
مۇھەببەت مەندە بىردەم يېنىپ ئۆچتى.

يارىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ ـ كىرمەي
قاراڭغۇ بىر كېچىدە سولۇپ كەتتىم.
مۇھەببەت ساراڭ قىلدى، گاراڭ قىلدى،
يىغلىدىم كۆز يېشىمدا كۆلۈپ كەتتىم.

2

مۇھەببەت ـ بىر خىيالدۇر دانە ـ دانە
مۇھەببەت ـ بىر ھاياتتۇر توزۇۋاتقان.
مۇھەببەت ـ شان شەرەپتۇر، مىڭ ساۋاپتۇر،
مۇھەببەت ـ بىر ئازابتۇر كۆلۈۋاتقان ...

يار مېنىڭ ئايىغىمدا بىھوش بولدى،
بىر مىسرا شېئىرىمنى مىڭ ئوقۇپ چىقىپ.
مەن مىڭ رەت خاراب بولدۇم ھەر كېچىسى
يار ئۈچۈن توختىماستىن شېئىر يېزىپ...

3

سەن ئەمەس خاننىڭ قىزى، باينىڭ قىزى،
سەن ئەمەس يا نەسەبى ئاينىڭ قىزى.
سەن ئەمەس ھېچبىر كىشى، بىرلا كىشى،
سەن مەشھۇر كۈسەن دېگەن جاينىڭ قىزى.

مەن ساڭا بولدۇم ئاشىق سۆيۈپ ـ سۆيمەي،
سەن مېنى سۆيدۈم، دېدىڭ راۋان بولدۇم.
مۇھەببەت بىزنى بىردەم مۇشتاق قىلدى،
مەن، بەلكىم، مۇشەققەتتە ئايان بولدۇم.

بۇ مېنىڭ مۇھەببەتكە تولغان قەلبىم
بىر ئۆمۈر مۇھەببەتكە كۆنۈپ كەتسۇن.
ئاشىقمەن دەپ توۋلىغان ھەربىر كىشى
يار ئۈچۈن ياشالمىسا ئۆلۈپ كەتسۇن!

(ئاپتور كۇچا ناھىيەسى چىمەن بازار كالتە پەيلو كەنت 1 ـ گورۇپپىدا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





ئەسقەر ئوسمان چىنزات

# كېپىنەك پەسلى

ئىسسىق يۇتكەپ بىر سەھرا قىزى،
كېپىنەككە ئايلىنىپ كەتتى.
قىسىۋېلىپ كۆزىنى شەھەر،
كېپىنەكنىڭ دەردىگە يەتتى.

ئايال ئەمەس، كېپىنەك ئەسلى،
ئايال سۈپەت بىر تەن ئۇ پەقەت.
كېپىنەككە ئايلانسا ئايال،
ئەركەك سۆيگۈ يوقايدۇ ئەبەد.

كېپىنەكنىڭ پەلسەپىسى يوق،
تۇترۇقسىزدۇر ئۇنىڭ نەغمىسى.
شەپىسىزلا كېتىدۇ ئۆلۈپ،
ھېچ قەلبتە قالماس قەبرىسى.

كېپىنەكنىڭ تېلېفون نومۇرى
دوقمۇشلارغا رەت-رەت يېزىلار.
كېپىنەككە تېلېفون قىلغان ئەر
دوختۇرلارغا مىڭ رەت يېلىنار.

كۆكلەمدىكى بىر باغدۇر گويا،
بىز ياشىغان بۇ گۈزەل ماكان.
يوقىلدۇ باغنىڭ ئىپپىتى،
كېپىنەكلەر قوترىغان ھامان.

ئايال ئەمەس كېپىنەك ئەسلى،
ئايال سۈپەت بىر تەن ئۇ پەقەت.
بىر تەنگىلا ئايلانسا ئايال،
قانداق مەۋجۇت بولسۇن مۇھەببەت؟

دىماغلارنى ئېچىشتۇرغىنى
سۇنۇق تەرەت كېپىنەك ئەسلى.
ئەركەك روھى بۇلغانغان جايدا،
ھۆكۈم سۈرەر كېپىنەك پەسلى.

(ئاپتور مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)



خاسىيەتگۈل لىتىپ

# ئەسلىمە قېتىدا كۆيەر ھاياجان

## ئەسلىمە

يولۇققا بىتاقەت تەلمۈردۈم ئۇزاق،
ئاخىرقى ئۈمىدنى ياندۇرۇپ قايتا.
ۋىسالسىز زارىققان كەچمىشلىرىمنى
ئۇنتۇپلا كەتمىدىم زادى نېمىشقا؟

ئېسىمدە بار مېنىڭ، ئەزىزىم شۇ كۈن،
لەۋ ئارا قالدۇرغان يۈرەكلەردە ئىز.
مەڭگۈلۈك «سۆيگۈ»نىڭ لىرىكىسىنى،
ئىككىمىز بىرلىكتە ئېيتقانلىرىمىز.

ئۆچۈرگەن بولسىمۇ ۋاقىت ھەممىنى،
ئىز سالدى يۈرەككە ئازابلىق ھىجران.
خاتىرەم بېتىدە تۈنجى مۇھەببەت،
ئەسلىمە قېتىدا كۆيەر ھاياجان.

تەلمۈرۈپ كۈتۈشكە ئايلاندى ۋاقىت،
چاڭقىغان لىۋىمدە سۆيگۈنىڭ ھىدى.
ئېسىڭدە بارمىدۇ، شەھەرلىك يىگىت،
قەلبىڭگە ئىز سالغان شۇ سەھرا قىزى.

## ئىشىك

مەۋھۇملۇق ئىچىگە ئورالغان ۋاقىت،
ئىزدەيمەن پۈتۈكسىز مەۋجۇدلۇقىمنى.
مىسكىنلىك بۇ يەردە كۆيىدۇ جىمجىت،
ئۆلگىيتىپ ئۈمىدنىڭ يورۇقلۇقىنى.

ئەتراپىم مەن ئۈچۈن ناتونۇش، بەلكىم،
يۇلتۇزمۇ نۇرىنى تۆكمىگەن پارلاپ.
تاماشا قىلسىمۇ مېنى مىڭ شەيتان،
سانجىلىپ تۇرىمەن يوقلۇقتا شۇ تاپ.

گۈللەرنىڭ يالتىراپ تۇرغان بەرگىگە،
غېرىبلىق نۇرىنى تۆكىدۇ تال-تال.
بەشىنچى پەسىلنىڭ قۇشىنى كۈتۈپ،
كامالەت توقۇيدۇ يىگانە ئارال.

(ئاپتور تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئايدىڭكۆل يېزىسىدا، دېھقان)

رېھىم نىياز



# سالامنامە

(مەن 2014-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن «دەۋر مىلودىيەسى شېئىرىيەت سەپىرى» ۋە «يازغۇچى مەھەممەت شاھنىياز ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن خۇشاللىنىپ، ئانا يۇرتۇمغا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈ ئىلكىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم)

ئەسسالام تۇرپان! ئاتەش دىيارىم،
ئەسسالام! قوۋمى-قېرىنداش، يارىم.
ئەسسالام! بۇيلۇق، يالقۇنتاغ، يارغول،
سالام! باغرىڭغا بېزەك، مۇنارىم.

سالام! مېھرى ئوت جەننەت ماكانىم،
سالام! ئەجدادىم، روھى خاقانىم.
كەلدىم خوتەندىن ئەنجۈمەنىڭگە،
بولسۇن ھەممىگە ئوتلۇق سالامىم!

مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ، سەندە تۇغۇلۇپ،
سەندە يېقىلغان بۇ ھايات شامىم.
ئىچىپ سۈيۈڭنى، يەپ ئاش-تۇزۇڭنى،
ئەقىل-ئىدراكقا تولغان بۇ جامىم.

مېنىڭ يىلتىزىم سېنىڭ قوينۇڭدا،
ئۇندىن كۆكلىگەن تەندىكى بارىم.
ئۇنتۇلماس ئەجداد، ئۇنتۇلماس ئەسلىم،
يىلتىزغا تارتىپ كۆيىدۇ باغرىم.

* * *

مەن بۇ دۇنياغا كېلىپ باغرىڭدا،
ئۆتكەن ئون توققۇز قىش، ياز، باھارىم.
ئايرىلدىم سەندىن ئون توققۇز ياشتا،
ۋەتەننى قوغداش بولۇپ قارارىم.

بولدى ئىمتىھان خىزمەت-ۋەزىپە،
سىناقلار ئارا پىشىپ تاۋلاندىم.
ئۆتۈپ ئاي، يىللار «لاياقەتلىك»تىن،
«يارام ئوفتسېر» بولۇپ تاللاندىم.

بولدۇم ئۇزۇن يىل پىشقەدەم جەڭچى،
ياۋغا بەتلەكلىك قولدا ياراقىم.
دېدىم ئۆزۈمگە: «ۋەتەن ئوغلىمەن،
لەپىلدەر كۆكتە غالىب بايرىقىم!»

كېيىن ئېھتىياج بولدى كېرىيەدە،
ئەقىل ئىدراكىم بولغاندا قايىم.
چىقتىم خىزمەتتە سەپنىڭ بېشىغا،
لېكىن، ئۆز ئۈچۈن يېمىدىم ۋايىم.

* * *

تۇردۇم كېرىيەدە يىگىرمە بەش يىل،
ھەربىي خىزمەتتىن سوۋۇماي رايىم.
يىگىتلىكىمدە رىزقىم قوشۇلۇپ،
جۈپ بولدى بۇندا بىر گۈزەل ئايىم.

قۇردۇق بىز ئىللىق ئائىلە ـ ۋەتەن،
ئۇنىڭ مېھرىگە ئاقتى ۋاپايىم.
قوشۇلسىمۇ گەر بىر ئۆينىڭ يۈكى،
بىلىنمىدى ھېچ تارتقان جاپايىم.

خىزمەتتىن، ئۆيدىن چىقتى نەتىجە،
قوش خۇشاللىقتىن يايرىدى جانىم.
سەزدىم ئۆزۈمنى بەختلىك ئوغلان،
تومۇرلىرىمدا ئۇرغۇدى قانىم.

* * *

تۇرمۇش غېمىدىن بولسامۇ خالىي،
يەنىلا كەمدەك تۇردى بىر يانىم.
يۈرەكتە چوغدەك ئۆچمەي يالقۇنلاپ،
يۇرتنىڭ ئىشقىدا ياندى گۈلخانىم.

ئىستەكلىرىمگە جۆر بولدى ھەردەم،
تۆۋەن مەھەللە، لۈكچۈن بازارىم.
ئىلھاملىرىمغا دېدى «مەرھابا»
ئىجادكار ئەجداد كارىز قازارىم.

يۇرتنىڭ پىراقى ئەزدى يۈرەكنى،
بولغاچ يىراقتا ئىشلىگەن جايىم.
چۈشلىرىم ئارا باغرىدا كۈلۈپ،
سېغىنىش بىلەن ئۆتمەن دائىم.

* * *

مەن بۈگۈن كېچە تۈنەپ تۇرپاندا،
ھېس-ھاياجانغا تولدى پىيالەم.
ئۇلدىم تۈننى تاڭغا، كۆز يۇماي،
باللىقىمغا قايتىپ خىيالىم.

باللىقىمدىن سۆز ئاچسام ئەگەر،
بولىدۇ قىسسە، داستان...بايانىم.
ئايان بولىدۇ مىسرالار ئارا،
تارتقان زىيان ھەم ئالغان ھايانىم.

غۇبارسىز ئىدىم ئۆسمۈرلۈكۈمدە،
چاپاتتى تىنماي تال چىۋىق تايىم.
ھايات بولغاچقا پەدەرلەر ئۆيدە،
كۈلەتتى قۇياش، كۈلەتتى ئايىم.

ئۆتكەن كۈنلىرىم شاھزادە كەبى،
تەييار ھەر قاچان ئۈچ ۋاخ غىزايىم.
كىيىمىم پۈتۈن، يانچۇقلىرىم توم،
تاۋار كۆرپىلىك كات ياتار جايىم...

يەتتە يېشىمدا باردىم مەكتەپكە،
ئۇلۇغ مەقسەتتە (بولاي دەپ ئالىم.)
ھاياجىنىمدا نەمدەلدى كۆزۈم،
بىلىم بېغىغا يەتكەندە پايىم.

ئىككى يىل ئۆتۈپ بولدۇم پىئونېر،
گۈلدەك ئېچىلدى بۇندا چىرايىم.
ئۆرلىدىم كۈندىن-كۈنگە يۈكسىلىپ،
ئىستىقبال كۆزلەپ كەتتى خىيالىم.

توپلىدىم بىلىم ھېكمەت كانىدىن،
ئۈگۈتلۈك چەشكە تولدى خامانىم.
كۆچتۈم سىنىپتىن سىنىپقا ئاتلاپ،
يەتتە قىر ئاشتى باسقان داۋانىم...

بولغاچ ئۆزۈمدە تاغدەك ئىشەنچ،
ستۇدېنتلىق بولغان نىشانەم.
ئەپسۇس! تەقدىرىم كاج كېلىپ شۇ چاغ،
ئۇشتۇمتۇت تەتۈر بولدى پېشانەم.

تېگىپ ئاتامغا تۈيۈقسىز كېسەل،
مۇڭلۇق پەردىگە چېكىلدى تارىم.
يىقىلدى، ياتتى يېرىم تەن پالەچ،
پەلەككە يەتتى بۇندا ئاھ-زارىم.

تەن ئالدىم كېيىن بۇ رېئاللىقنى،
قالمىغان چاغدا چېپىپ ماجالىم.



TURPAN LITERATURE 2015.2

www.uyghurkitap.com





كۆرسەتتىم دوختۇر، تېۋىپ-ھەكىمگە،
ئاقىمىدى قىلغان چارە-ئامالىم.

باشنى قاتۇردى ئاتامنىڭ ھالى،
شۇنىڭدا قالدى پۈتۈن ئەس-يادىم.
خىيالىم ئارا مەكتەپ، ئۆي...ئاتام،
چۇۋۇلغان يىپتەك بولدى ھېسسىياتىم.

مەكتەپكە باقسام، كەڭ ئىستىقبالىم،
ئاتامغا باقسام پەرىشان ھالىم.
بۇ ھالدا پەقەت بىرلا تاللاش بار،
چوقۇم بىرسىدىن كېچىشىم لازىم.

يالتايدىم كىيىن ئۆرلەپ ئوقۇشتىن،
(بولمىسا بولماس ئۆي بىلەن كارىم!)
چۈنكى، مەن ئۈچۈن ئۈيات ھەم نومۇس،
«ۋاپاسىز ئوغۇل» بوپ قالسا نامىم.

ئاتام يېنىدا قالدىم ئاخىرى،
ئارزۇ قۇشلىرىم كىردى قەپەزگە.
چۈشكە ئايلاندى ستۇدېنتلىق،
«ئاھ»لار قوشۇلدى ھەربىر نەپەسكە...

ئاتام شىپالىق تاپتى بەش يىلدا،
تىكلەندى قايتا ئۆيۈمدە تۈۋرۈك.

«ئوھ» دېدىم مەنمۇ ئەركىن نەپەستە،
يەڭگىللەپ قالدى ئۈستۈمدىكى يۈك...
* * *

ئاتمىش بەشىنچى يىلى (ماي ئېيى)
قىرقىلدى بەخت قۇشۇمنىڭ پېيى.
ئاقتى كۆزۈمدىن ھەسرەتلىك يېشىم،
كۆلگە ئايلاندى سايقىرنىڭ سېيى.

ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويۇپ مەن،
ئون ئالتە ياشقا كىرگەن ئىدىم دەل.
بەختىمگە قارا ساناپ تەقدىرىم،
جېنىم ئاپامنى دەم تارتتى ئەجەل.

يىغلاپ زارلىنىپ تېۋىندىم كۆككە،
لېكىن، بولمىدى تىلەكلىرىم ھەل.
ھىجران ئوتىدا تولغاندىم قىلدەك،
شەرھلىمەك تەس ئۇنى مۇپەسسەل.

ياشىدىم شۇنداق يېتىمچىلىكتە،
قىلمىدى تەقدىر توققۇزۇمنى تەل.
لېكىن، ھاياتتىن ئۈزمىدىم ئۈمىد،
قويۇۋەتمىدىم مۇشكۈللەرگە بەل.
* * *

يىل مىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش توققۇزدا،
كەلگەن پۇرسەتتە ھەربىيگە كەتتىم.

تىرىشچانلىقتىن ئۆزگەردى تەقدىر،
ئاخىرى مۇشۇ ھالەتكە يەتتىم...
* * *

مەن نېمىلەرنى يېزىپ كەتتىم-ھە؟
ئەسلى تېمىدىن ئېزىپ كەتتىم-ھە؟
كېتىپ خىيالىم كەچمىشلىرىمگە،
غەشلىكلىرىمنى قېزىپ كەتتىم-ھە؟

سالام بېرەتتىم بېھىش باغلارغا،
ئاتەش تارالغان يالقۇن تاغلارغا.
سالام بېرەتتىم خەلقىم باياشات،
ئاسايىشلىقتا ئۆتكەن چاغلارغا!

سالام بېرەتتىم ھالال پۇل تاپقان،
ئالقىنى ئوچۇق سېخىي بايلارغا.
سالام بېرەتتىم قولى گۈل، چېۋەر،
شەرمى-ھايالىق گۈزەل ئايلارغا.

ئەسسالام! دەيمەن قولۇم كۆكسۈمدە،
ئەنجۈمەن ئەھلى بارلىق چولپانغا.
ئەسسالام! دەيمەن يەرگە ئېگىلىپ،
ئانا ماكانىم-ئەھلى تۇرپانغا.

(ئاپتور كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

ئايگۈل تالىپ

# ئىككى شېئىر



## سېغىنىپ ھالىمدىن كەتتىم

پۇشايمەن قىلىمەن، تالاي كۈنلىرى
قەدرىگە يېتەلمەي يۈرگەنلىرىمدىن.
پۇشايمان قىلىمەن ۋىسال تۈنلىرى
لېۋىڭگە سۆيگۈسىز سۆيگەنلىرىمدىن.

ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى ئەسلەتتى سېنى،
ئۈچتۈك سەن كۆزۈمدىن بولۇپ كېپىنەك.
ئاھ، مەغرۇر بىر ھالدا كۆرسەتتى سېنى،
سېغىنىش ئوتىدا كۆيگەن بۇ يۈرەك.

سېغىنىپ، سېغىنىپ ھالىمدىن كەتتىم،
كۆرسەڭچۇ بۇ نىمجان ھالىمنى مېنىڭ.
ئىشقىڭدا ھىجرانىنىڭ تېغىغا يەتتىم،
چوققىدا ئەبەدلىك سىماھىڭ سېنىڭ!

## كۆز يېشىم بىر سېنى ئەسلەتسە يەنە...

باسسىمۇ كۆڭلۈمنى قايغۇ تۇمانى
خىيالغا باش ئەگمەي بولىمەن قەيسەر.
پايانسىز قاراڭغۇ تۈنلەرنى يىرتىپ،
ئۈمىدتە يىراققا سالىمەن نەزەر.

كۆز يېشىم بىر سېنى ئەسلەتسە يەنە،
قوغلايمەن خىيالنى قەلبىمگە قەدەر.
سېغىنىش ئازابى تارتسامۇ قانچە،
بىلىمەن، بىر كۈنى تۈگەيدۇ دەردلەر.

چاقىرىپ قالارسەن ئىسمىمنى، بەلكىم،
ئەڭ يىراق ئۇپۇقتىن ئاۋازىڭ ياڭرار.
شۇندىمۇ سېغىنىش تولغان كۆڭلۈمنى،
ئال جېنىم، دەپ ساڭا بەرمەسمەن زىنھار!

(ئاپتور قومۇل شەھرى پالۋانتۇر كەنت 2-ئەترەتتە)

مۇنەۋۋەر مۇختەر



# سەھەر يېشى

## نامەلۇم غازاڭ

ئالدىمدا سارغايغان بىر چۈش ياتىدۇ،
دەسسەپ ماڭالمايمەن غەمسىز، بىپەرۋا.
ھەر سەھەر كۆز ئۆمرى مىسكىن ئاقىدۇ،
ئالدىراش ھەسرەتلەر مەنزىلسىز گويا.

سۇزۇلگەن قەلبىمنىڭ تىنىق ئاسمىنى،
رىۋايەت رەڭگىدەك تەمكىن مەۋجۇدلۇق.
بىر كېچە ـ ئۆلۈمنىڭ نەمخۇش ئارمىنى،
ھاياتنىڭ سەۋرىنى ئەزمەكتە سوغۇق.

ئالدىمدا غۇبارسىز سارغۇچ تەنھالىق،
ئاخشامقى بورىاندا ھۇشسىز، ئېھتىمال.
بىلمەيدۇ ئۆزۈلدى قايان ۋە قاچان؟
ۋە كىملەر ئۇنى دەپ سۈرمەكتە خىيال.

تۆرۈلگەن چېھرىدە باھار ئىستىكى،
نامەلۇم غەشلىكتە ئۆتتۇم ئاۋايلاپ.
شۇ كېچە يىگانە تىترەڭگۈ ياپراق
بىر ئۇلۇغ ھەسرەتنى ئالدى قۇچاقلاپ...

## قاچقۇن

مەن قاچقاندەك مەۋجۇدلۇقۇمدىن
ئىرىمەكتە قۇملۇقنىڭ يېشى...

توپان
نازۇك ئەقدە
جىمىرلىغان قۇياش ھەسرىتى-
ياشنىڭ كۆزىدە...
توساتتىنلا تونۇۋدى قەلبىم
قارسىمان شۇ سەبىي سەزگۈدە...

ياغاچ ئوتنىڭ مەشھۇر ئوغرىسى
چۈشلىرىمگە كىرسە جىممىدە
ئەي جادۇگەر، بەرمەمسەن تەبىر
بەخت نېمە؟ مۇھەببەت نېمە؟
پىچىرلىغاندەك تۈننىڭ پاكلىقى

يۇلتۇزلارنى ئەللەيلىگەندە...
بىر ئىرالىق مەۋھۇم يېتىرقاش
بارمىقىمدىن ئاستا چۈشمەكتە...
مەن
ئۆز ئۆزىنى قەپەزگە سولاپ
دەرەخ ئۇچىغا ئىلىنغان ئاشىق
كۆرەلمەيدۇ مېنى ئىنسۇ-جىن
يۈرىكىمنى سۇبھى سۆيگەندە
مەن، ئېھتىمال، ئەمەس ھېچنەرسە...

يازغانلىرىم شېئىر ئەمەس
ھەم ئەزەلدىن يېزىپ باقمىغان
شېئىر مېنى يازماقتا خىلۋەت
ئازغۇن سۆيگۈنىڭ
چەكسىزلىكىدە...

## سەھەر يېشى

سەھەر ياشلىرىنى ئۇچۇردى شامال
بىنانىڭ ئەڭ ئېگىز دېرىزىسىدە كۆمۈلدى خىيال
تۆكۈلۈۋاتقان شاۋقۇنلارنىڭ ئالدىراش چۈشى
غەمسىمان كوچىلاردا
لەيلەر بىمالال...

كەچمىشىم كىپەندەك ئاقلىقنى يوشۇردى مەغرۇر
سەن
يىراق-يىراق مەنزىللەردىن ئۆچسەن ئاستا
سارغايغان تەشۋىشلەرنىڭ نامەلۇم بېتى
يېزىلمىغان سۈتسىمان بوشلۇق
كىملەرنى دەپ پاكلىقنى قالدۇرغاي نېچۇن

مەۋھۇملۇق ئارا؟

يوقالمىدىم ھەم ھېچ كۆلمىدىم
يوقالمىدىڭ ھەم ھېچ كەلمىدىڭ
تومۇرۇمنىڭ ئوچۇق ئېقىنى
تەۋرەنمەكتە ئۇنتۇشنىڭ قېنى
ئەڭ شېرىن بەختسىزلىكنىڭ يىگانە كۈنى
سىرغىپ چۈشەر مىسرالىرىمدىن
تارام-تارام چۈش...

(ئاپتور شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا)

www.uyghurkitap.com





ئامىنە ئۆمەر



# پۇل

(ھېكايە)



كونىلارنىڭ «يەر ئالتۇن قوزۇق، يەردىن چىقار ئوزۇق» دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا ئىپتىلغانىكەن. ئالتۇن دېگەن ھامان ئالتۇنكەن، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى پارقىرايدىكەن ئەمەسمۇ! بىر چاغلاردا باج-سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىدىن تاشلىۋەتكىلى ئاز قالغان يەرلىرىمىز مانا ئەمدى پۇل بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شەھەر قۇرۇلۇشى بىزنىڭ يەرگە تىرىلىپ كەلدى شۇ تاپتا، بۇ يىل بولمىسا كېلەر يىلى بىزنىڭ يەرلىرىمىزمۇ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئاۋۇ مەمەتنىڭ يېرى شەھەر قۇرۇلۇشىغا چىققاندا ئۇنىڭ قولىغا پاتماي كۆزۈمنى قىزارتىپ، ئىچىمنى ئاچچىق قىلغان پۇللاردەك، مېنىڭ قولۇمغىمۇ سانىساممۇ يېرىم كۈن كەتكۈدەك پۇل كىرىدۇ. شۇنداق، شۇ پۇللار ھەممىسى بىر ئۆزۈمگە تەۋە بولىدۇ، خۇداغا شۈكرى، مېنىڭ توختى قاسساپلاردەك يەر پۇلىنى تالىشىپ قان بولۇشىدىغان قېرىنداشلىرىم، سەمەت تەتۈرنىڭكىدەك نەچچە ئون يىللاپ يوقاپ كېتىپ تۇيۇقسىز نېسىۋە دەۋاسى قىلىدىغان ئاكام يا ئىنىم يوق... ئەتىۋارلىق ئوغلۇمنىڭ بېشىنى سىلىغاندەك قانچە يىللاپ سىلاپ-سىيپاپ مۇشۇنچىلىك قىلغان تەكلىرىمنى ئويلىسامغۇ يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى چىممىدە ئېچىشىدۇ. ئەمما، شۇ تەكىنىڭ ھېسابىغا بېرىلىدىغان تۆلەم پۇللىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېرى ئېلىنغان دېھقانلارغا تۆۋەن تۇرمۇش كاپالەت پۇلى بېرىدىغان ئىشمۇ باركەن. بوپتۇ، قېرىغاندا بولسىمۇ «ماـئاشلىق» بولۇپ قالغۇدەكمىز. ھەم، شۇ پۇللارنى قانداق خەجلەش كېرەك؟ شۇ پۇللارنى دەسمايە قىلىپ سودا قىلسام، مېنىڭ مۇشۇ ئۆز ئىشىمغا پۇختىلىقىمدا خۇدايىم «ئال قولۇم» دەپ بىرگە ئۇنىنى بېرىۋەتسىمۇ ئەجەب ئەمەس...

كىچىك-كىچىك تۆپىلىكتە ئاقۇش توپا دۆۋىسىگە، رەتلىك تىكلەنگەن تەك جاھازىلىرىغا قاراپ قىر بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىمغا خېلى بولدى. خىياللىرىمنىڭ ئاخىرى چايغا سالغان ناۋاتتەك بارغانچە تاتلىقلىشىپ پۈتۈمنىڭ كۆيۈشۈپ ئاغرىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي ئولتۇرۇۋېرىپتىمەن. قىيامغا يەتكەن ئەنجۈر مۇرابباسىدەك شېرىن خىياللار مېنى مەست قىلىپ، شۇ ھالەتتە يەنە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغۇزغانمۇ بولاتتى. ئەمما، ئايالىمنىڭ تاماققا چاقىرغان ئاۋازى خىياللىرىمنىڭ بېلىگە تەپتى. قاپقانغا چۈشەي دېگەن توشقان تۇيۇقسىز چىققان ئاۋازدىن ئۈركۈپ قېچىپ، يېرىم كۈنلۈك ئىشى سۇغا چىلاشقان ئوۋچىدەك ئاچچىقىم كەلگىنىچە ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئەمما، ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇت-

«تۇرپان ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا

تەۋسىيە قىلىنغان ئەسەرلەر

لىرىم بىلەن دەماللىقا قەدەم ئالالماي چۈشەلگەن ئاتتەك جايىمدا تۇرۇپ، سەل نېرىدا قاراپ تۇرغان ئايالىمنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن يۈزلىرىگە، كەڭرى كىيىملەر ئىچىدە شالاقلاپ قالغان تۇرقىغا چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ زەردىلىك نەزەر سالدىم.

— «ئۆزى سەتنىڭ خۇيى سەت» دېگەندەك، نەدە بىر ئىزدىگەن ۋاقتىمدا مىسلىدايسەن، پوقىا كېرىكلىك يوق چاغدا قوتۇر ئۆچكىدەك مەرەپ ...

بۇنداق سۆزلىرىمنى ئاش تاماق ئورنىدا ئاڭلاۋېرىپ خوتۇنۇمنىڭ قۇلاقلىرىمۇ قاداق تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك:

— سىلى بەك چىرايلىقچۇ... ھەر قانچە كېلىشكەن بولسىلىمۇ تاماق يەيدىغانلا؟ — دېدى پەرۋاسىزغىنا.

ھاۋا ئىللىپ، دېھقانىنىڭ ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ كەتمەننى قولغا ئالىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى. تەك ئېچىش باشلاندى، مەنچە بولسىغۇ تەييار پۇلنى بۇزۇپ خەقنى ياللىغۇچە تەكنى ئۆزىمىزلا ئاچقان بولساق بەكمۇ ياخشىدى. لېكىن، ئوغلۇم ئىككىمىزلا ئاچساق سەككىز مو يەردىكى تەكنى ئېچىپ بولۇشقا خېلى ۋاقىت كېتەتتى. ئاڭغىچە تەك توپا ئاستىدا تۇرۇپ كۆكلەپ كەتسە زىيادىن ئارتۇق زىيان بولاتتى. يەر قوشنام قادىر جېنىدا تېكنى ئېچىپ بولدى ئادەمنىڭ زەردىسىنى ئۆرلىتىپ. مەنزە شۇ مۆردەمسىنىڭ كەينىدە قالىدىغان ئادەمما؟ چىداپ تۇرۇپ ئادەم ياللىماقچى بولدۇم. جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغانلار كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتامدىكىن، بۇ خەق ئاغزىنى ھاڭدەكلا ئاچىدىكەن ئىش ھەققىگە. بۇرۇنقىدەك دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىدا قوشنا-قولۇملار لاپقۇتلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەيدىغان ئىشلار بولغان بولسىمىغۇ، ماۋۇ قادىردەك يېرى ئاز، ياۋاش ئادەم بىلەن لاپقۇتلىشىپ ئىشلىگەن بولساق...

ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتنى بولۇشچە چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتمەن. ئەتراپىمدىكى باھار يېشىللىقىنىڭ، باھارنىڭ نەمخۇش شامىلىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگۈدەك رەۋىتىم يوق. شۇ تاپتا تېزرەك ئۆيگە يېتىپ مۇنۇ ئادەملەرنى ۋاقتىدا ئىشقا سېلىۋالسام، ئۇلارنى ياللىغان پۇلغا لايىق ئىشلىتىۋالسام دېگەن بىرلا خىيال كاللامدا ھۆكۈمران. قولدىن كېتىدىغان شۇنچە پۇلغا قان قۇسقۇدەك بولۇپ كېتىۋاتسام تۆت كوچىدا قاسقان شەپكىسىنى كىيگىنچە پوتەيدەك چوقچىيىپ بىر قاتناش ساقچىسى تۇرامدۇ، ئادەم مازاق قىلغاندەك چاس بېرىشلىرىچۇ تېخى. ساقچى دېگەننىمۇ خىزمەت ۋاقتى بولغاندا ئاندىن ئىشقا چىقىدىغۇ دەپ ئويلاپ قاق سەھەردە ماڭغانلىرىم نەدە قالدى؟ ئەتىگەن قاغا پوق يېمەستە كوچىغا چىقىۋالغىنىنى دەيمەن. كېچىچە تۆت كوچىنى چۈشەپ چىققان بىر نېمە ئوخشايدۇ بۇ.

— ئاكا، موتوسىكلىتنىڭ كەينىگە توچەي بېكىتىدىغان ئىشكەنتۇق، — دېدى ئۇ كۈلگىنىچە، مازاق كۈلكىسىمىكىن دېسەم ئۇنداق ئەمەستەك. ئېگىز بەستىگە ياراشقان فورمىسىدىن سەل مەڭدەپ قالغاندەك بولدۇم-يۇ، قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى يۇغان كۆزلىرىنىڭ تېگىدىن بىر خىل مېھرىبانلىقنى كۆرگەندەكمۇ بولدۇم. «خېلى گەپ يەيدىغان، ئوڭلۇق، ياۋاش بالىدەك قىلىدۇ» دەپ ئويلىغىنىمچە:

— قانداق قىلىمىز ئۇكام، دېھقانچىلىقنىڭ تازا ئالدىراش ۋاقتى ئەمەسمۇ بۇ، — دېدىم كۈلكىگە بەك ئادەتلەنمىگەن چىرايىمغا ئامال بار يېقىملىق تۈس بېرىشكە تىرىشقىنىمچە بېشىمنى قاشلاپ تۇرۇپ.

— شۇنداقتىمۇ دوپپامدەك نەرسىگە بۇنچە كۆپ ئادەم سېلىۋالسىڭىز بولمايدۇ-دە. بىر، ئىككى، ئۈچ... ئالتە ئادەمكەن مانا.

— ماشىنام بولسىغۇ ماشىنىغىلا سالاتتىم، مەندە بارى مۇشۇكەن. بىر رەھىم قىلىۋېتىڭە، ئۇكام، ئەتىگەندە ئىش باشلىۋالاي.

ساقچى چىرايلىق گەپلىرى بىلەن ئىللىق كۈلكىسىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ جەرىمانىغا تالون كەسمەكچى بولدى. كەسپىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق دەيتتى تېلېۋىزوردا، قىش قۇياشىدەك ھارارەتسىز مۇشۇ نەپ بەرمەس كۈلكىلىرى شۇ ئوخشايدۇ كەسپىي ئەخلاق دېگىنى. مېنى بىكار «ئاۋۇت جودا» دېمىگەن، چىرايىمنى شاپپىدە ئۆزگەرتىپ، بۆرە تېرەمنى كىيدىم.

— ماقۇل، ئۇكا، جەرىمانىنى تۆلەي. ئەمما، يېنىمدا ھازىر بىر تىيىن يوق. ئۆيگە بېرىپ پۇل ئەپكېلەي. مەن قاچان پۇل تېپىپ كەلگۈچە ماۋۇ ئادەملەرنى ئىش-كۈشلىرىڭىز بولسا سالغاچ تۇرارسىز. ئىش ھەققىنى تەڭ تۆلەرمىز.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، ماڭا تەھدىت سېلىۋاتامسىز؟ — ساقچىنىڭ چىرايلىرى تۇرۇلدى.

— ھەددىمۇ؟ — دېدىم مەنمۇ چىشلىرىمنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ، — بۇ ئادەملەرنىڭ كۈنلۈكىنى بىر يۈز ئەللىك كويدىن دېيىشكەن ئىدىم، يېرىم كۈن يوق بولدى ھېلىمۇ. بۇنىڭ ھېسابىنى سىزدىن ئالماي كىمدىن ئالىمەن.

— ئاكا، ھوي، تازا كۆكەمە ئادەممۇ نېمە سىز.

— كۆكەمە بولسام قانداق قىلاتتىڭ؟ — قولۇمدىكى پەلەينى موتوسىكلىتنىڭ ئۈستىگە پاققىدە تاشلاپ سوقۇشقاق خورازدەك ھۆرپەيدىم، — تېلېۋىزور، گېزىتلەردە توختىماستىن «ئاممىۋىي لۇشيەن تەربىيەسى... ئاما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دەپ سۆز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لەيدۇ. باشنى قاشلىغۇدەك ۋاقىت يوق مۇشۇ كۈندە، دېھقاننىڭ ھالىنى چۈشەنمەكتە يوق، ئۇنى ئىشتىن قوغلىغان سەن زادى قانداق كادىر؟ سەندەكلەرنىمۇ باشقۇرىدىغان ئادەم باردۇ؟ بولدى، ئاچماپتىمەن ئۇنداق تەك دېگەننى، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ ياتسامغۇ مېنى، باللىرىمنى باققۇدەك ئادەم چىقار… – تېلېۋىزور، گېزىتتىن خەۋەرلەرنى كۆرىدىغان ئادىتىم تازا ئەسقاتتى. شۇلاردىن نەقىل ئېلىپ ئوك-تەتۈر ۋارقىرىغانچە پەشنى قېقىپ ماڭدىم.

– بولدى كېتىۋەرگىنە ئاكا، – ساقچى بىردىن مۇلايىملاشتى، – مەقسىتىمىز جەرىمانە يىغىش ئەمەس بىزنىڭمۇ، بىخەتەر بولسۇن دەيمىزغۇ…

«باياتىنلا شۇنداق قىلسا بولىدىغان ئىش، ئادەمنىڭ بىر مۇنچە ۋاقتىنى ئالغۇچە. ئەمدى رەھمەتمۇ يوق بۇنىڭغا» دەپ ئويلىغىنىمچە موتسىكلىتقا ئۇرۇشتا يەڭگەن گېنىرالدەك پوچى چىقىپ يۈرۈپ كەتتىم. كېتىۋېتىپ مەنسىتمىگەندەك مىيىقىمدا كۈلۈپمۇ قويدۇم. ھېلىقى قىينچىلىق يىللىرىدا كىمدۇر بىرى «باشلىقتا ئۈزۈم، پۇقراغا تۈزۈم» دەپتىكەن، مانا ئەمدى دەۋر ئالماشقان، تۈزۈم-پىرىنسىپ دېگەنلەردىن شەربەتكە توشقان قىزىل سايۋەدەك تاتلىق مائاشى بار كادىرلارلا چۆچۈمسە دېھقاننىڭ نەرىگە كېلەتتى؟ يامىنىغا كەلسە دولاڭنى چىقىرىپ تۇرۇۋالساڭ، يا سەندىن تۇتىدىغان مائاشىڭ، يا شاگاڭ قىلىۋېتىدىغان خىزمىتىڭ بولمىغاندىكىن، سەنمۇ دۆلەتنىڭ بىر پۇقراسى بولغاندىكىن يەنە يول قويماي ئامالى يوق. دېھقانلارنى «ئاقكۆڭۈل، ساددا، كۆڭلى تۈز…» دەپ كېتىدىكەن تېخى. ھەممىسى قۇرۇق گەپ، سالاپ-پەپىلەپ پۇتۇڭغا ھۆل خىش قويۇشنىڭ قەستى بۇ. شۇ ئەمەسمۇ، بىر نان ئۈچۈن نەچچىسى تەلمۈرۈپ تۇرغان بۇ زاماندا سەل بوشراق تۇردۇڭمۇ بولدى، خەق كۆزۈڭنى ئويىمەنلا دەيدۇ… «ئەلگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگەندەك، پارتىيەنىڭ دېھقانلارغا چىقارغان سىياستى كاتتا ھازىر. بىز دېھقانلارمۇ بوش ئەمەس، سىياسەتتىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىمىز. سىياسەتكە چۈشمىسىمۇ ھېچقىسى يوق. داد دەپ بارساڭ ھامان سورايدىغان ئادەم چىقىدۇ. بۇرۇنلاردا ناھىيە بازىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان دېھقانلار ئۆتكەنىكەن، ئەمما، ھازىر «كەنتنىڭ ياخشى ھەل قىلىپ بەرمىدى» دەپ قارىغان كىچىككىنە زىددىيەتلەر ئۈچۈنمۇ ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنى، ۋىلايەت، ھەتتا، مەركەزلەرنى يوقلاپ كەلگەنلەر خېلى بار…

كۆزدە تەكلەرنى كۆمگىچە پاسلىنى ئازراق كەڭلىتىۋېدۇق، يەر قوشنام قادىر بىلەن ئارىمىزدىكى يولدىن چارەكتەك يەر بىلىنمەيلا يېرىمىزگە قوشۇلۇپ قالغان ئىدى. ئەمدى تەكلەرنى ئاچقاندا شۇ كونا ھۇنىرىمنى ئىشقا سېلىپ يول تەرەپكە ئازراق قىمدىلىۋىدىم، خوتۇن ۋالاقشىپ قوپتى.

– ئاتام رەھمەتى داۋاملىق «جامائەت ماڭىدىغان يولنى بۇزۇش، ئىگىلىۋېلىش بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر گۇناھ» دەيتتى. ئۆزىمۇ يولدىكى پۇتلاشقان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ، بۇزۇلغان يەرلەرنى ئوڭشاپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. سىلى يولنى تۈزىمەكتە يوق…

– ۋاي شۇ ئاتاڭ رەھمەتى ئاشۇنداقلىقىدىن چاپىنى تىزىدىن ئاشماي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم ئىدىغۇ؟ سېنىڭچە، مەنمۇ شۇنداق ئۆتۈپ كەتسەم بولىدىكەن-دە؟

– ئۆلسەك بىر مېتىر يەردە ياتىمىز، بىر غېرىچ يەرنى دەپ نېمە قىلىدىغاندۇ گۇناھكار بولۇپ!

– شۇ بىر غېرىچ يەر نەچچە پۇل بىلەمسەن؟ ئەتە-ئۆگۈن قۇرۇلۇشقا چىقىپ كەتسە يەتتە-سەككىز مىڭ كويغا يارايدىغان يەر ئۇ. قانداق، ئارتۇق دۇنيا بېشىڭنى يارمايدىغاندۇ…

– ئۇنداق ھارام پۇللارنى…

– ھەي، كارىز سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىدىغان ۋاقىتلاردا، ئەڭ يىراقتىكى ئېتىزغا سۇ باشلىغان ئېرىقتىكى سۇنىمۇ، ئۇسساپ كەتسەك «سۇ دېگەن يەتتە دومىلىسا ھالال»، «كۆرمىگەن ھالال» دەپ ئىچىۋېرەتتۇق. قورساققا كىرىدىغان نەرسىنى شۇنداق دەپ ئىچتۇق. ئەمدى نەلەرگە خەجلىنىدىغان پۇلنى ھالال-ھارام دەپ قاپسىنا؟

خوتۇننىڭ «يېغى ياندىن…» دېگەندەك قىلىقىغا قايناپلا قالدىم. كىم تېپىپ دېگەن گەپكىن «خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن. ما خوتۇننىڭ ئۆيىنى ئويلىماي خەق ئۈچۈن قانات قاقىدىغان كۆڭلىگە قارىسام بەزىدە مۇشۇ دۆت خوتۇن بىلەن شۇنچە يىلنى بىرگە ئۆتكۈزگىنىمگە ئىشەنمەيمۇ قالىمەن. بۇ خوتۇن گەپلىرىنىڭ بىرەر قېتىم ئىلىك ئېلىنغىنىنى بىلمەيدۇ، بەزىدە ھەتتا كەپلەپ تايىقىنى يەيدۇ، شۇنداق تۈرۈپمۇ ھېچ ئۆزگىرەي دېمەيدىغۇ تاڭ. راستىنىلا «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە» بولسا كېرەك. «مىجەزىمۇ ئىرسىيەت قالدۇ»-دېيىشىدىكەن. خوتۇننىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ بۇنىڭ توغرىلىقىنى تەن ئالماقچى بولىمەن-نۇ، ئىچىمدە شۈكرىلەر ئېيتقانچە «ھېلىمۇ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ‹ياۋاش› دېگەن لەقىمى قوشۇلغان سىڭگەن سۇدەك سىڭىپلا كەتكەن دادامنىڭ مىجەزلىرى قالماپتىكەن ماڭا» دەپمۇ قويىمەن. ئەمما، ئوغلۇم مېنىلا كېيىپ چۈشكەن-دە! ئاۋۇت جودانىڭ ئوغلىغا لايىق خەق بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىككى



2015.2 TURPAN LITERATURE

يىللىق «چېنىقىشقا» بېرىپمۇ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن لايىق چىقماي يېشى چوڭلاپ قالغان بولسىمۇ، شەھەر ئەتراپىدا ئولتۇرىدىغانلىقىمىز بىلەن گوللاپ يۈرۈپ يېزىدىن ناھايىتى ئوڭلۇق، ياۋاش، ئىشچان كېلىن ئەكېلىۋالدۇق. مانا ھازىر نەۋرەممۇ ئىككى ياشقا كىرىپ قالدى. ئەمما لېكىن، ئالامەت ئەقىللىق چوڭ بولۇۋاتىدۇ بودىكىم، كىچىككىنە قوللىرىغا ئۆزىدىن يوغان تاياقنى ئېلىۋېلىپ تايتاڭلاپ ماڭغىنىچە قوشنىلارنىڭ ئىشىكىمىز ئالدىدىن ئۆتۈپ قالغان توخۇلىرىنى قوغلىغىلى تۇرسا كۈلۈپ كېتىمەن مەسلىكىم كېلىپ. ئۆزى دېھقان تۇرۇپ خەقتىن كەتمەن گۈرجەك سوراپ يۈرگەنلەرگە ھەيران قالىمەن، ئىشلەتسە ئۈپرايدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ بۇ خەق؟ ئەزەلدىن باشقىلارغا يىگىنە چاغلىق بىر نەرسە تۇتقۇزمايدىغانلىقىمنى بىلگەچكىمۇ قوشنا-قولۇملارمۇ ئېزىپ-تېزىپمۇ مەندىن بىر نەرسە سورىمايدۇ. ئەمدى ئۆرۈكنىڭ مېغىزىدەك تاتلىق نەۋرەمنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا قاراپ ياقا تۇتۇشىدۇ. ئەقلىگە چىدىمايۋاتامدىكىن چىدىماسلار، ئاللاھ بۇيرىسا ئوغلۇم قاتار ئوغۇللۇق بولۇپ كەتسۇنچۇ، شۇ چاغدا كۆرۈشىدۇ تېخى...

- ئاۋۇت ئاكا، يولنى بەك تارلىتىۋېتىپسىلەرمۇ نېمە، - يېنىمدىلا ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ باش كۆتەرسەم قادىر بىر ماڭغا، بىر ئېشەك ھارۋىسى ئاران پاتقۇدەك قالغان يولغا قاراپ تۇرۇپتۇ.

- بورۇنقىدەكلىغۇ، ئۇكا، - دېدىم مەن قوشۇمامنى تۈرگىنىچە.

- ئەسلى پاسىلنىڭ مانا بۇ يەردە ئىدى، مۇشۇنچىلىك يەرنى قوشۇۋاپسەن، ئاكا، - دېدى ئۇ پۇتلىرى بىلەن جىجاپ كۆرسىتىپ، - باشقا يەر بولسىغۇ مەيلى، يول ئەمەسمۇ. ئوت-پۇت ئېلىپ چىقساق، ئۆزئۆم ئۆزگەندە ئۆزئۆم تۇشۇشاق قىيىنلىپ قالارمىزمىكىن...

قادىر يېنىغا كېلىپ نېمە دەيسەن دېگەندەك ھۈرپىيىپ تۇرغان ئوغلۇمنى كۆرۈپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. مەنمۇ گۈرجەكنىڭ سېپىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنىڭ ۋىجىك گەۋدىسىگە تەكىلگەنچە خىرىس قىلغاندەك قاراپ تۇردۇم. ئىچىمدە «ھالىڭغا باقساڭچۇ، سەن قادىر دەكتىن نەچچىگە تېتىيمەن مەن» دېگىنىمچە يېنىمغا چىرتتىدە بىرنى تۈكۈردۈم.

ئەتىسى قادىر كەنت باشلىقى ئەخمەت بىلەن يەنە ئىككى ئايالنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. ئايالالارنى ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ئادىمى دېيىشتى. «ئەر كىشىلەرنىڭ جېدىلىنى خوتۇن كىشى ئايرىمىش، ئۆزۈڭلارچە نېمە ھال سىلەرگە» مەنسىتمىگەندەك قاراشلىرىم بىلەن مەسخىرىلىك كۈلكەمنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ ئولتۇردۇم. گەپچىمغۇ خەقكەن بۇ، دۆلەتنىڭ يەر ھەققىدىكى قانۇنىزاملىرىنى، ئاتام زامانىسىدىن كېلىۋاتقان قوشىندارچىلىق، يۇرتداشلىق ھەققىدىكى، يول ھەققىدىكى ئادەتلىرىمىزنى سۆزلىگىلى تۇرغاندى، مەنمۇ سەل تەمتىرەپ قالدىم. «ياق، خوتۇن كىشىدىن يېڭىلسەم قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن سەككىز موچەنگە ئەمەس، سەككىز مىڭ كويغا مۇناسىۋەتلىك ئىش تۇرسا».

- بولدى، ئىككى تەرەپنىڭ يېرىنى ئۆلچەيمىز، يەر ھۆددىگەرلىك كىنىشكىسىدىكى يەر كۆلىمىدىن ئارتۇق چىققان يېرىڭلارنى يولغا ھېسابلايمىز، - دېدى غۇنچە بوي، ئورۇق خانىم شۇنچە مۇرەسسە قىلسىمۇ زىنھار گەپ يېمىگىنىمنى كۆرۈپ قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە. «خوپ بولىدىمۇ» دېگەندەك قادىرغا قارىدىم، چىرايلىرى تاتىرىپ، قوڭۇر كۆزلىرى يوغىناپ كەتكەن قادىرمۇ ئىنتىك ماڭا قارىدى. ئۆز ۋاقتىدا يەرگە تولەيدىغان باجسېلىقلاردىن قېچىپ يەر كۆلىمىنى ئاز مەلۇم قىلغان ئىدۇق. بىزلا ئەمەس، مەن بىلىدىغانلارنىڭ ئاساسەن شۇنداق ئىدى. ئەمدى ئۆلچىسە ئارتۇق چىقىشى تەبىئىي ئىدى.

- بىز... بىز ئۆزىمىزلا كېلىشىۋالساق، -دېدى قادىر تۆۋەن ئاۋازدا، بېشىنى ئەگكىنىچە دۇدۇقلاپ تۇرۇپ. يەرنىمۇ ئەركىلەتكەندەك ئاۋايلاپ دەسسەيدىغان بۇ قورقۇنچاق بەندىنىڭ بۇ تۇرقىغا ئىچىمدە كۈلدۈم. «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە، قادىراخۇن!» كەلگەنلەر ئۇنىڭغا بىر مۇنچە تاپا قىلىشىپ، ئىككىنچى بۇ توغرىلىق ئەرز-داد ئېيتىپ بارماسلىق ھەققىدە ۋەدە ئېلىۋېلىپ كېتىپ قالدى.

ياز بويى تەكتىن ئوت ئېلىپ چىققۇچە خوتۇنىنىڭ كوتۇلداشلىرىدىن قېچىپ ئوتنى ئۆزئۆملا تۇشۇغان بولسامۇ ھاسراش، پۇشۇلداشلىرىم بىلەن قوشۇلۇپ ئاققان تەر، پەندىياتلىرىمنى بەزىدە يوشۇرالمايمۇ قالدىم. تەك شۇڭلىرىمىزنى دەسسەپ سۇندۇرۇپسەن دەپ قادىر بىلەن قانچە قېتىم ئۇرۇشتۇم. لېكىن، جىلۋىگەر قىزدەك مېھرى ئىسسىق سەككىز مىڭ كوي ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدىم. تېخى كۈزدە تەكنى كۆمگىچە يول تەرەپكە يەنىمۇ ئىچكىرىلەشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم.

كۈز كەلدى. ئوخشىغان ئۈزۈملىرىم مەي باغلاپ پىشىپ كەتتى. سەككىز مو يەردىكى ئۈزۈمنى ئۈزۈش ئۈچۈن يەنە ئادەم ياللاشقا توغرا كەلدى. ئۈزۈشتىغۇ مەسىلە يوق، ئەمما، تار يولدىن موتوسىكلىتنى ئەپچىقىش ئەڭ قىيىن مەسىلە ئىدى. بىخەتەرلىكنى ئويلاپ ئۈزۈمنى ئۆزۈملا تۇشۇماقچى بولدۇم، پاكار تەك بارىڭىدىن ئېگىز بويۇم بىلەن مۆكۈپ-چۆكۈپ يۈرۈپ ئۈزۈمنى ئەپچىقىش، ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتنى شوپۇرلۇقتىن ئىم



TURPAN LITERATURE 2015.2

www.uyghurkitap.com



ئابلەق ئابلىز

# يوقلاپ قويايلى



(ھېكايە)

ئۇنى يوقلاش، ئۇنىڭدىن ھال سوراش، بۇنىڭدىن ئەھۋال سوراش بىلەن پەقەتلا ھالىمىز قالمىدى. ئۆزىمىزنىڭ ھالى قالمىسىغۇ مەيلى، چاتاق بولغىنى يانچۇق-قاپچۇقلارنىڭ ھالى بىزدىنمۇ بەتتەر. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇششاقچى ئادەملەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىشلارنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئۇششاقلاپ كېتىشى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلاتتى. يوقلاش دېگەننىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ، شاقلاپ كېتىۋاتاتتى. بىراۋنى يوقلاش يا تىجارەت بولمىسا پۇل تاپىدىغان دەيمەن. مەنمۇ بۇنداق تولا يوقلاشلارغا چىدىمايلا قېلىۋاتاتتىم. بەزى پورپاڭچىلارنىڭ ئارىدا سالاچلىق قىلىشلىرىچۇ تېخى؟ ئادەمنىڭ زەردىسىنى ئۆرلىتىدۇ. نېمە مەقسىتى بارلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ ئۇلارنىڭ... زۇكام بىلەن داۋالىنىشقا كىرىپ قالغان قوشنىمىزنى يوقلاپ چىقىپ ئەمدى ئۇھ دەپ سافاغا ئۆزۈمنى تاشلىشىمغا يانفونۇم يېقىمسىز جىرىڭلاپ كەتتى. يانفون ئېكرانىغا ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزۈمنىڭ قويرۇقىدا قارىدىم-يۇ، يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى.

... ھاموت ئۇ؟

تىھان بېرىۋاتقان ئادەمدەك ئېھتىيات بىلەن، پەم بىلەن ھەيدەش ھور جېنىمنى قويدى. «چىداي ئەمدى، ئاز پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس بۇ» دېگىنىمچە لەۋلىرىمنى چىڭ چىشلىدىم.

ئىككىنچى كۈنى لىق ئۈزۈم بېسىلغان ئۈچ چاقلىق موتوسىكلىتنى بۇ تار يولدا ھەيدەشكە كۆنۈپمۇ قالدىم. موتوسىكلىتقا چىقىمەن دەپ جېدەل قىلىۋاتقان ئامراق نەۋرەمنىڭ يىغىسىغا چىدىماي، خوتۇنۇمنىڭ «بالىنى ئالماڭ، خەتەر چىقمىسۇن» دېگىنىگە قارىماي ئامراق نەۋرەمنى يېنىمدا ئولتۇرغۇزدۇم، خۇشاللىقى ئۇ كەپسىزنىڭ. ھارغىنىمغا قارىماي ئۈزۈملەرنى چۈنچىگە تېز ئاپىرىپ تېز كېلىشكە تىرىشاتتىم. مەن تېزرەك بولمىسام سېۋەت ۋاقتىدا ئۆلگۈرۈپ كەلمەي ئىشقا ياللىغان ئادەملىرىم بىكار ئولتۇرۇپ قالاتتى. قاراپ تۇرۇپ تەييار پۇلنى خەققە بىكارلىق بېرىۋەتكەنلىك-تە بۇ! مېنىڭ دەپتىرىمدە ئۇنداق سۆز يوق ئەزەلدىن... تېلىپ قېتىپ كەتكەن قوللىرىم ئۆزۈمگە ھېچ بويسۇنمىسىمۇ سۈرئەتنى تېزلىتىپ، ئۆلۈك توپا ئۆرلەپ كەتكەن تارغىنە يولدا لەپپەڭشىگەنچە يۈرۈپ كەتتىم. نەۋرەم موتوسىكلىتنى مەن ھەيدەيمەن دەپ تالاشقىلى تۇردى. ئۇنى گوللاش بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن، تۇيۇقسىز «جالاققىدە» قىلغان قاتتىق سىلكىنىش بىلەن تەڭ موتوسىكلىتتىن قاڭقىپ چىقىپ توپىلىق يولغا چارپاقدەك چاپلىشىپ قالدىم، نەۋرەمنى ئىزدەپ ئالاڭلاۋاتقان كۆزۈم قىڭغىيىپ كېتىۋاتقان موتوسىكلىتتىن تۆكۈلۈۋاتقان ئۈزۈملەرگە چۈشكەندە «ئىسىت، ئۈزۈملىرىم، ئىسىت ...» دېگەنچە قولۇمنى سۇ ئىچىدە قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلىۋاتقان ئادەمدەك سۇندۇم. ئەمما، بۇ سۆزلىرىمنىڭ ساقىندىسى ئېرىققا كەپلەشكەن چاۋارچاتقالدەك بوغۇزۇمدا قېتىپ قالدى. موتوسىكلىت گۈپپىدە قىلغىنچە ئۈستۈمگىلا ئۆرۈلدى. قۇلاق تۈۋىمدە ئايالىمنىڭ «ۋاي قانداق قىلارمەن، ۋاي جېنىم نەۋرەم، ۋاي دادىسى... يولنى بۇزمىسىلا، يولنى بۇزمىسىلا دېسەم ئۇنىماي ...» دېگەن يىغا ئارىلاش ئاۋازى غۇۋا ئاڭلانغاندەك بولدى.

(ئاپتور پىچان ناھىيەسى پىچان بازارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدا)

يانفونۇم تۇختىماي جىرىڭلاۋەردى. ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان ئۆزۈم ياقتۇرۇپ قاچىلىتىۋالغان شوخ ناخشا مېلودىيەسى شۇ تاپتا قۇلىقىم تۈۋىدە گىژىلدىغاندەك شۇنداق يېقىمسىز ئاڭلىنىپ كېتىۋاتاتتى، قەستەنگە ئالمىدىم. گويا قارشى تەرەپ «ئالماي باقە قېنى» دېگەندەك قايتا-قايتا ئۇرۇۋېرىۋاتاتتى.

- نېمانداق ئالمايسىز، كىمكەن ئۇ؟

ئايالىم ئەمدىلا كېچىلىك كىيىمنى ئالماشتۇرۇپ، سۆزلىگىنىچە يېنىمدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ يەنىلا زۇۋانى ئۈچمەي زىڭىلداۋاتقان يانفونۇمنىڭ ئېكرانىغا بويۇنداپ قارىدى.

- ئېلىڭە، جاننى ئالمىغاندىكىن.

- چوقۇم ياخشى ئىش ئەمەس، - دېدىم ئۇنىڭغا سىرلىق قاراپ.

ئاخىرى ھېچ ئىلاج قىلالماي يانفونىنىڭ قوبۇل قىلىش كۇنۇپكىسىنى باستىم.

- نېمانداق ئالمايسەن، ئالمايدىغان ئادەم يانفون تۇتمايلا قويە بولدى!

ئاچچىق تەنە ئارىلاش گەپكە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئەسلىدە ئۇنىڭدىن ئائىلىسىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سوراي دېگەنىدىم. قارا بۇنى، سالام-سائەتمۇ يوق، ئاچچىق زەھرىنى گەپنىڭ بىسمىللاسىغىلا سانجىۋاتقىنىنى. غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ ئۆزۈمنى تەستە بېسىۋالدىم.

- ئۇرۇۋەردىڭ، بىرەر جىددىي ئىشىڭ بارمىدى؟ - ئۇدۇللا شۇنداق دېدىم.

- ئەتە دەم ئالىسىلەرغۇ؟

- ھە...

- ئۇنداقتا ياخشى، گېپىممۇ ساڭا تازا خۇشىيقىپ كەتمەيۋاتىدۇ قارىسام، گەپنى قىسقىلا قىلاي، شاكىرنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن، ھېلىقى شاكىر شاگىجاگىنى...

- قايسى شاكىر؟

- يۇمۇلاققۇم يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى شاكىر مۇئاۋىن شاگىجاگىنىچۇ؟

- ھە، ئېسىمگە كەلگەندەك قىلىۋاتىدۇ، بويى پاكارراق، سېمىز بالىمۇ؟

- ھەرنېمە بولسا ئېسىڭگە ئالدىڭ، سەنمۇ بىلىسەن «يېگەن ئېغىز ئويۇلىدۇ» دېگەننى، ئالدىنقى يىلى بىز ساموۇق، ساتتارلار بىلەن «ئەپچىلەم»دە ئولتۇرغاندا بىزگە ئون زىق كاۋاپ، ئىككى بوتولكا ئاق ھاراق ئېلىپ بەرمىدىمۇ؟ تېخى سورۇنىمىزنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتكەن. ئېسىڭدە باردۇ؟

- بار، بار...

يەنىلا ئېنىق ئېسىمگە ئالالمايۋاتقان بولسامۇ ئۇنداق سورۇن، ئولتۇرۇشلارنىڭ كۆپلىكىدە قايسىلىقىنى بىلمەيلا تېز-تېز جاۋاب بەردىم.

- ئەتە شۇنى يوقلاپ قويايلى دەۋاتىمىز.

- نېمە بوپتۇ ئۇ شاكىر شاگىجاگىغا؟

- ئاخشام جىقراق ئىچىپ قويغان ئوخشايدۇ، چۈشكە يېقىنلا بىر ۋاقىتتا بىر ئىش بىلەن تېلېفون قىلسام ئاۋازى شۇنداق بوش ھەم زەئىپ، چۆچۈپ نېمە بولدى، دېسەم ئارانلا: « ھالىم خاراب » دەيدۇ.

- جىق ئىچىۋېلىپ ئورنىدىن تۇرالمىسىمۇ يوقلاپ بارامدۇق؟

- شۇ تاپتا ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى.

- يوقلىماي، ئۇ دېگەن كەلگۈسىدىكى يېزا باشلىقى، يەنە... ھازىرمۇ يېزىدا پۇچىقى خېلى كېسىدۇ. ئەتە ھە، بارىمىز!

- دەم ئېلىشتا بولسىمۇ ئاتا-ئانامنى يوقلاپ كېلىشنى ئويلاۋاتقاندۇق، ھېلىمۇ بېرىش-تۇرۇشنىڭ جىقلىقىدىن نەچچە ئايدىن بۇيان...

- ئاھا... قويە ئۇنداق سېپى يوق باھانەڭنى، ئاتا-ئانا دېگەن قاچانلا بولسا بار؟ ئۆگۈنلۈككىمۇ دەم ئېلىشقۇ؟ كۆندىلا ھالى خاراب بولۇپ قالامتى شاگىجاك دېگەننىڭ؟ ئەتە، ھە!

ئاچچىقى كەلدىمۇ قانداق ھامۇت غۇدۇڭشىغىنىچە تېلېفوننى جاراققىدە ئۈزۈۋەتتى. يانفوندىن چىۋىن غىڭشىغاندەك يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلاندى.

- نېمانچە ئاچچىقلايسىز يوقلاپ قويساق بولمامدىمۇ؟

- نېمانداق تولا يوقلاش بۇ؟ يا شاكىر دېگەن بىلەن ئارىلاشمىساق، ھامۇت دېگەن پارتاڭچىنىزە؟ - زەردەم بىلەن ئايالىمغا ئالايدىم.

- شۇ، ھازىر جاھان شۇنداق، ئەل قاتارى، ئادەمگەرچىلىك دېگەنمۇ ئاستا-ئاستا بولىمامدۇ؟

- ھە تازا بىلەلمەپتىمەن مەن...

- ئەمدى بىلىۋېلىڭ، - دېدى بىر يەرگە بېرىشقا ئامراق ئايالىم. بىرنەچچەيلەن شاكىر شاگىجاگىنى يوقلاپ ئۇزاپ چىقىشىمىزغا ھامۇت يەنە پېشىمدىن بىر يانغا تارتتى.

- قانداق، ئوغۇلبالىچىلىقى بارمىكەن؟

- باركەن، تازا باركەن...

- سەنزە تازىمۇ بىر، لېگەن-لېگەن گۆش، قورداقلار شۇ پېتى

قالدى، ئىچىشىلى دېسەك پەقەتلا ئۇنىمىدىڭ دېسە، ئەخمەق!

— ئىچىشسەكقۇ بولاتتى، بىراق، شاكىر شائىجاڭنىڭ ئەتلىككە ھالى يەنە خاراب بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم شۇ.

— سەن... بولدى-بولدى، ھە راست، كەچتە بىرەر ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىۋالما!

— قانداق؟

— قاسىمجانلارنىڭ ئوغلىنى يوقلاپ قويمىساق بولمايدۇ!

— نېمە بوپتۇ ئوغلىغا؟ تېخى ئالدىنقى ئايدىلا خەتنە تويىنى قىلىشىپ بەرگەنتۇققۇ ئوغلىنىڭ.

— خەتنىسى چالا بولۇپ قاپتۇ.

— نېمە، چالا؟

— چۆچۈمىسىنا، كىچىك ئىشمىتى ئۇ؟ بىلىپ قويۇ ئۇ نەرسە ئوغۇل بالىنىڭ غورۇرى، قانتى، جېنى جۇمۇ بالاڭزا! — ھامۇت ئالىپ قويدى. يا لام يا مىم دېيەلمەي ئۇنىڭدىن يىراقلاشتىم.

يەنە يوقلاش...

شەنبە كۈنى قاسىمجانلارنىڭ ئۆيىدىن خەتنىسى چالا قىلىنغان يالغۇز ئوغلىنى ھەر بىر ئائىلە يۈز كويدىن يوقلاپ كەچتە يېنىپ چىقتۇق.

«ئەمدىغۇ تۈگىگەندۇ شەنبىدىكى يوقلاشلار؟ ئەتە، يەكشەنبە ئەتىگەندىلا ئاتا-ئانامنى يوقلاپ كەلمىسەم، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغان ئىش بولسىمۇ!» شۇ غۇدۇڭشىلارنى قىلىپ ئەمدىلا بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيگە كىرىپ، ئۇھ دەپ سافاغا ئۆزۈمنى تاشلاپ تىزگىنەكنى قولۇمغا ئېلىشىمغا يانفونۇم ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. «ئەمدى كىمدۇ بۇ؟» يانفوننى قولۇمغىمۇ ئالماي بويىۇنداق قاراپدىم.

سىدىق!

دەم ئېلىشتا نېمە قىلىدىغاندۇ بۇ ئاداش؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاقتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا... ئۇ جاھىللىق بىلەن قايتا-قايتا ئۇرۇۋەردى.

— ئېلىگە، نېماندىداق قورقىسز يانفوننىڭ سايرىشىدىن؟ كىمكەن ئۇ؟

— مۇئاۋىن ئىشخانا مۇدىرىمىزكەن.

— ئېلىگە، تازىمۇ بىر...

يانفوننىڭ ئەڭ ئۈچ بولغان كۇنۇپكىسىنى زەردەم بىلەن باستىم.

— ھە نېمە؟

— نېماندىداق ئالمايسەن؟ — قارشى تەرەپ مەندىن ئۆتە زەردە قىلدى.

— نېمە ئىشتى؟

— تازىمۇ بىر، ئەتە ئەتىگەن مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە ئۇنى يوقلاپ بارىمىز، دەل سائەت سەككىزدە!

— يوقلاپ، نېمە بوپتۇ ئۇ؟

— ئۇنىڭغا بىر ئىش بولغىنى يوق، ئايالىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئاخشام قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قاپتۇ.

— ھە نېمە، جىمپ كەتتىڭغۇ؟ ئۇنتۇپ قالما، سائەت سەككىزدە!

جاۋابمۇ بەرمەي يانفوننى بېسىۋەتتىم. سىدىقتا ھېچقانداق گەپ قىلغىلى بولمايتتى. ئۆزۈمنى قاتتىق بېسىۋېلىپ چىشلىرىمنى بىر-بىرىگە قاتتىق باستىم: «مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى، ھەي يەنە يۈز كوي قودۇقتا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى-دە!»

— چۈشتىن كېيىن قادىرنى يوقلاپ قويايلى دېيىشتۇق، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە!

مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسىنىڭ كەپسىزلىك قىلىپ خاتا يولدا مېڭىپ يېنىك زەخمىگە ئۇچرىغان ئوغلىنى يوقلاپ چىقىشىمغا، ھامۇت ئالدىمغىلا ئۇچراپ قالدى. خۇددى مېنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا يەنە ئۆتكەنكىدەك پېشىمدىن تۇتتى.

— نەدىكى قادىر ئۇ؟

كوچا دوقمۇشى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇياق-بۇياقتا ئۆتۈشۈۋاتقانلار جىق بولغاچقا ۋارقىراپ سېلىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ قالدىم. «نېماندىداق تولا يوقلاش بۇ تۈگىمەيدىغان؟» دېمەكچى ئىدىم، دېيەلمىدىم. ئۇنىڭغا ئاچچىقىم بىلەن بىر ھازا قاراپ تۇردۇم.

شۇ تاپتا تۈنۈگۈن، بۈگۈن يانچۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان پۇللارغا چىدىماي قېلىۋاتاتتىم. يا بىز بىر ئايدا ئىككى قېتىم ئايلىق ئالمساق، ھېلىمۇ نەچچە يۈز كوي ... ھەي...

— ھېلقى قادىرچۇ، قادىر زوباي دېسەم بىلسەن.

— نېمە بوپتۇ ئۇ؟

— جىگەر راكى بولۇپ قاپتۇ. ھازىر جىددىي قۇتقۇزۇشتىكەن، قارىغاندا ئۇ ... ئوغۇل بالداچىلىقى بار ئاداشتى، سىلەر بىر بىناددەغۇ؟ قانداق قىلىمىز يوقلاپ قويماي؟ — چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ قاتتىق ئۇھسىرىدىم. «ئۇھ، يەنە كەتتى-دە يۈز كوي! ئاتا-ئانامنى يوقلاش كېلەركى دەم ئېلىشقا قالدىمىكىنە ئەمدى؟» بىر تىرەن قاراشىغۇ ئۆڭكۈر دەم تارتىپ سۇرەپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ئۆزۈمچىلا جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم. ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمەي قالدى.

(ئاپتور تۇرپان شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىدا)



ئىبلى ھېمىت

# سىغىنىشنىڭ سارغۇچ گۈللىرى

## كۆلگە چۈشكەن تاش

شۇنى سېزىپ تۇرۇپتىمەن، ئاھ!
كۆلگە چۈشكەن تاشنىڭ
سۇ كۆتى شۇنچە چوڭقۇر
بىر مېنىڭكى مىسكىن قەلبىمدەك
سىقىلىپ تۇرغان ھەسرەتلىرىگىدە
پىيازدەك قات-قات سويۇلدۇم.

ئاھ!
بىلىپ تۇرۇپتىمەن شۇنى
جېنىمدىن ئارتۇق سۆيەتتىم سېنى!
راست
ئايرىلغانغا ئۆلۈپ قالمىدىم
ئاناردەك يېرىلدىم، ئەمما،
پەقەتلا شۇنىڭ نېرىسى بولدۇم.
قاراڭغۇلۇق ئۇچەي-باغرىمغا بېرىپ تىقىلدى

ياغماقتا، ئاھ! يۈرىكىم سىم-سىم،
ئەينەكتەك كۆل يالتىرار چىم-چىم.

سۇ ئۈستىدە
يېيىلماقتا چەمبەرسىمان
قارامتۇلغىنە مەنىسىزلىك

سىماپتەك لىغىرلاپ تۇرغان
قەلبىم بىر كۆل
قۇيۇلغان
ياش
ئۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇق تاش.

## دوقا ماڭلاي تەغدىر

ئەزەل پېشانىسى دوقا ئىمىش تەغدىرنىڭ
دوقا ماڭلاي خىزىرمۇ بەلكىم

تەغدىر ـ ئۇ سۇ، كېلۇر ئېقىتىپ
يوغانغىنە بىر ساندۇقنى، ئاھ!
دۇلقۇن-دۇلقۇن ئۆركەشلىرىدە
لەيلەپ يۈرۈپ جۆكۈپ چىقتۇق گاھ.

تاتلىق خۇلقۇڭ، باھاردەك نازىڭ
قەتلى قىلدى بىر مېنى، جانان.
سېنى سۆيدۇم، دېگەن ئاۋازىڭ،
ۋۇجۇدۇمدا ياسايدۇ قىيان.

سۇ ئاقىدۇ، تىرىلدىم، ئۆلدۇم،
بىر مەنزىلگە يېتەرمىز قاچان؟
دوقا ماڭلاي تەغدىرگە كۆيدۇم،
قەلبىم گويا بىر چوغ-ئىسسىقدان.

## چىغىر يول

نېچۈن بۇ يولغا سەن تاشلىدىڭ قەدەم؟
باراخسان ئەپيۇنگۈل ئېگىز ئۆسكەن
يىلان باغرى بۇ چىغىر يولنىڭ

سېنىڭ بۇنچە بىپەرۋالىقىڭ
يۈرىكىمگە سانجىدى تىكەن.

ئۇچۇپ-ئۇچۇپ بارىسەن نەگە؟
ھالاكەتتۇر بەخۋاشلىق، دېمەك.

بۇ بىر شۇنداق قاباھەتلىك چۈش
پايانى يوق، تۇگۇمەس كەزسەك.

چېچەكلەيدۇ ئەنجۈر گۈلدەك
غۇچچىدە، باراقسانلاپ
سۆيگۈ دېگەن.

ھايات گۈزەل كېچە ئىچىدىن،
چىقالىغان كىشىگە كۈندۈز!

خەير
ماڭا قوللىرىڭنى بەر،

ئۇيۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېپىلماقتا كۈگۈم پەردىسى
چۈمكىمەككە باغرىنغا بىزنى.
سوزۇلماقتا قانلىق بىر قول
ساڭا ۋە ماڭا.
پىلەكلەپ چىرمىغان پۇتىمىزنى
كۆزىمىزنى، ئاغزىمىزنى ھەم
يېپىنچا ئۆسۈملۈكتەك.

بارا- بارا توزۇماقتىسەن،
غايىپ بولۇپ چۈشۈمدىن پۈتكۈل.

ھەيران- ھەيران بولىمەن ساڭا
ئاسمىنىڭدا مىققىدە
ئېچىلىپتۇ ئەپيۇنگۈل.

## سېغىنىشنىڭ سارغۇچ گۈللىرى

تاتلىققىنە چاچتى خۇش پۇراق
سېغىنىشنىڭ سارغۇچ گۈللىرى.
ئايدىن قايتىپ كەلگەنسەن قاچان؟
پارلاپ تۇرغان كۆز ئالدىمىدىلا
سۈترەڭ، سۈزۈك گۈزەل سىماھىڭ.

يىلانباغرى چىغىر يولدا ئاي،
بىر دەستە نۇر چىقىپ كەلدى ئۇدۇل،
ئاران- ئاران پىلتىڭلار يۈرەك.
بويۇن قىسىپ قالدى ئۇيغۇر تىلى
قېتىپ قالدۇق گويا ھەيكەلدەك.

ھالسىرىغان شامالنىڭ يۆتىلىشلىرىدىن
پۇرىدى سېغىنىشنىڭ ئىسسىق ھىدى.
ئىېرىدىم، ئاھ، سىرىق مايدەك!
ئېھ- مېنىڭكى
پىنھان ئەتىرگۈلۈم
رىئاللىقمۇ بۇ ياكى چۈشمۇ؟

چاڭقىدى، ئاھ! ئوت كەتكەن يۈرەك!
سۇ بەرسەڭچۇ، ئەي سۇ پەرىسى
چېلەك- چېلەك.

(ئاپتور پىچان ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە)



غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

# مۇھەببەتنىڭ ئايال ئېگىسى

## ئانام ئۆيدە، ئاتام جەننەتتە

ئانام ئۆيدە، ئاتام جەننەتتە
بىرى نۇردا، بىرى زۇلمەتتە
بىرى يەردە، بىرى ئاسماندا
بىرى ئېتىزدا، بىرى خاماندا
دەيدۇ بىرى بېشىمنى سىلاپ:
كەتمە، ماڭا بولغىن ۋاپادار،

يەنە بىرى يېنىغا چىللاپ:
دەيدۇ، تەڭرى ساڭا ئىنتىزار...
تۇرۇپ قالدىم ئارا يولدىمەن
بىلەلمەستىن قايان مېڭىشنى،
ئىككى دۇنيا ئارىسىدا مەن
يىغلىتايمۇ ھەر ئىككىسىنى؟

## كېلەر يولۇڭ قايدىدۇر

كۆزلىرىڭگە چۆكمىسەم
يۇلتۇز بوپ يانالمايمەن.
لېۋىڭدىن گۈل ئۈزمىسەم
شارابقا قانالمايمەن.
چۈشلىرىمگە كىرمىسەڭ
مەن يالغۇز ياتالمايمەن.
ئاينىڭ بالىسى يۇلتۇز
كۈننىڭ بالىسى يالغۇز

كۆڭلۈمدىن قېچىپ كەتمە،
ئىزدىسەم تاپالمايمەن.

بىر جېنىمنى مىڭ قىلىپ
ھەممىسىنى بېرەي ساڭا.

چېچىكىڭدىكى ھارۋىكەش بولاي
كىرپىكىڭدىكى كارۋان بولاي

كۆزۈڭدىكى ئارمان بولاي
بارماقلىرىڭنى ئۇيناپ
تىرناقلىرىڭ ئاستىدا توختاپ
يۈرىكىڭنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ
جېنىڭنى قىزىل گۈلدەك ئېچىلدۇراي.

ئاي بىلەن قۇياشتەك
ئاسمانغا بىللە چىقايلى.
گۈل بىلەن بۇلبۇلدەك
داستانغا بىللە چىقايلى.

سەن بول
مەشۇقلارنىڭ سەمەندىرى،
مەن بولاي
ئاشىقلارنىڭ قەلەندىرى،
بىزنىڭ گۈزەل ناۋالىرىمىزغا
تولسۇن ئىشق دەپتىرى...

ئېھ،
كېلەر يولۇڭ قايدىدۇر؟

## مەن شېئىر يازاي

مەن شېئىر يازاي
كۈيلەپ كۆكتىكى ئارغىماقلارنى
يەر تەكتىدىكى گۈلدۈرمامنى.
ماشىنىلارنىڭ ئۇچقۇرلۇقنى
بىنالارنىڭ ئېگىزلىكىنى.
مۇھەببەتنى ھەمدە كىشەننى
تۈن كېچىدە يېنىمدا ياتقان
ئاھ، ئۆمۈرلۈك ئاشۇ دۈشمەننى.
ئېتىقادنى كۈيلەي، پۇلنى ھەم
كۈيلەي ناننى، ئانا ۋەتەننى...

مەن شېئىر يازاي
تولسۇن رەڭدار گۈل- چېچەكلەرگە
ئاشىقلىقنىڭ قارا زىندانى.
تولسۇن ئاتەش ناۋالار بىلەن
ۋۇجۇدلارنىڭ تەكلىماكانى.
كۈيلەي: گۈلزار- ئايالنىڭ تېنى
قاقاس چۆلدۇر ئۇنىڭ پايانى.

مۇھەببەتتۇر تەڭرىدىن خەۋەر،
جۇدالىقتۇر ئۇنىڭ بايانى...

مەن شېئىر يازاي
تاغلار بىلەن بىللە تىك تۇرۇپ
دەريا بىلەن بىللە ئۇلغىيىپ.
چۆللەر بىلەن چۆش كۆرۈپ بىللە
بارخانلاردەك سۆكۈتكە تولۇپ.
ئىشكىنى ئاچاي تېنىمنىڭ
چىقىپ كەتسۇن جېنىم شاد- خۇرام.
جىنازامنىڭ كەينىدىن ماڭسۇن
ھازا ئېچىپ ئون ئىككى مۇقام.
...
مەن شېئىر يازاي
دىلىمدىكى شۇ يورۇق تەڭرى
ئاسماندىكى قۇياشقا ئوخشاش
يەر- زېمىنغا، كۆللى جاھانغا
نۇرلىرىنى چاچسۇن بىر تۇتاش!

## قىش كۈنلىرىنىڭ داستىخىنىدا

قىش كۈنلىرىنىڭ داستىخىنىدا
قار، مۇزلاردىن باشقا
قىپقىزىل مۇزلاپ قالغان ۋە
ئۆلۈم پۇرايدىغان جان...

كۆڭلىدىكى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن قىز
تىترەپ- تىترەپ
كەلدى مۇھەببەت ئالدىغا
مۇھەببەت ئوت

مۇھەببەت گۈلخان
مۇھەببەت يالغان
مۇھەببەت...
مۇھەببەت...

قىش كۈنلىرىنىڭ داستىخىنىدا
بىر ئىسسىق ئۆي،
ئۆيدە
ئوت قالاپ ئولتۇرغان قايسى قىزدۇ؟

## سېغىنىشنىڭ سەككىزىنچى ئېيىدا

سېغىنىشنىڭ سەككىزىنچى ئېيىدا
دەھشەت كۈتمەن كەلمەيدىغان ئايالنى.
چېچىدا يەتتىنچى ئاسماننىڭ ئاتمايدىغان كېچىسى
كۆزىدە ئۆلگەن دېڭىزنىڭ تاشمايدىغان ئۆركىشى
كۆكسىدە تەشنالىقنىڭ بارخان- بارخان چۈشلىرى
غەزەپ بىلەن كېلىدۇ يۈگۈرۈپ



TURPAN LITERATURE 2015.2

تاغلار باغلاپ بېلىنى تاشتا.
ئولتۇردۇ يىغلاپ بۇلۇتلار
ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە ياشتا.

كەلمەيدىغان ئۇ ئايال
خىيال بولسا ئۇنى تۇتۇپ ئالاتتىم
شامال بولسا بۆز خالتامغا سالاتتىم
زاۋال بولسا ئاڭا چىراغ ياقاتتىم
ئايال بولسا بۇ دۇنيادىن تاپاتتىم
بەلكىم، ئېگىز بىنادۇر ئۇ بەك ئېگىز

بەلكىم، قىممەت ماشىنىدۇر، بەك قىممەت
بەلكىم، ئۇزۇن ھېكايىدۇر ئۇ، بەل ئۇزۇن
بەلكىم، قىسقا ئۇچۇردۇر ئۇ، بەك قىسقا
بەلكىم
چارچاپ كەتكەن كۆزلىرىمنى يۇمدۇرۇپ
ھەر كېچىسى كارىۋىتىمدا ياتقاندۇ.
رېئاللىقنىڭ قاپقاراڭغۇ تۈمانى
ئۇنىڭ دەردلىك يۈزلىرىنى ياپقاندۇ
شۇتاپ
بەلكىم ئۇنى تۇرغاندىمەن قۇچاقلاپ

## ئۆلۈم چاقچاق ئەمەس

(دوستۇم ئابلىپىز توختىمۇھەممەد ئاراقۇمغا مەرسىيە)

باللىرىڭنىڭ دۇنياسى قاراقسىز قالدى،
مېھربان ئاللاھنىڭ نەزىرى تەگكۇچە.
ئاناڭ جەڭدە ياراقسىز قالدى،
يۇلتۇزى قەبرىگە باش ئەگكىچە.
ئاياللىڭنىڭ چېچى تاراقسىز قالدى،
سۆيگۈسى ئۇنى بەربات ئەتكۈچە.
ئۇرۇمچى ئۇچتاشقىچە كەلدى ھاسراپ
جەستىڭ ئاراقۇمغا يەتكىچە.

ئاھ، دوستۇم،
ئۇخلاشقا يېتىپ،
ئويغانغىچە ئۆلۈپ قاپسەن.
دۇنيادىن يۈرىكىڭ ئاغرىغانمۇ؟
گەپ قىلمايلا كېتىپ قاپسەن...

ئۆلۈمنىڭ راست،
ھاياتىڭ يالغانلىقىغا ئىشەندىم.
تىرىكلەرنىڭ ھەر بىر تىنىقىدا
ئۆلۈمگە ماڭغانلىقىغا ئىشەندىم.
ھايات سازىنى
ئۆلۈمنىڭ چالغانلىقىغا ئىشەندىم.
تەن مېنىڭ،
بىراق
ئۇنىڭدىكى جانىنىڭ مېنىڭ ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم...

ئۆلۈم سۆز،
بىراق
دېگىلى بولمايدۇ.
ئۆلۈم ـ نېسىۋە،
بىراق
يېگىلى بولمايدۇ.
قاراپ تۇرىدۇ بىزگە يۈزمۇ- يۈز
كۆرگىلى بولمايدۇ.
شۇبرلايدۇ قۇلىقىمىزغا
ئاڭلىغىلى بولمايدۇ...

ئۆلۈم چاقچاق ئەمەس!

دوستۇم،
ئېگىز بويۇڭ
يىقىلمايدىغاندەك تۇراتتى.
مۇھەببەتلىك چىرايىڭ
سولمايدىغاندەك تۇراتتى.
كۈچلۈك قوللىرىڭ
قولۇمدىن ئاجرىمايدىغاندەك تۇراتتى.
گۈس- گۈس ماڭىدىغان پۇتلىرىڭ
مېڭىشتىن توختىمايدىغاندەك تۇراتتى.
...
ئۆلمەيدىغاندەك تۇراتتىڭ.

ۋادەرىخا
يالغانچى ھايات...

(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچى توشۇش باش بېكىتىدە)



مۇتەللىپ مەنسۇر ئوۋچى

# مەن ۋاقىتنىڭ چېقىق ئېنىكى

## يارغول

1

ۋاقىت ئوچاقلىرى كۆيدۈرگەن
«تۇر» پەشتاقلىرىدا ئىس- تۈتەك،
كۆڭۈل خارابىلىرىدىن ئۆتتۈم يالاڭئاياغ
ئىبادەتكە ئالدىراۋاتقان
سۆيگۈ راھىبلىرى سىياق.
بۇندا ھەر بىر تاش، چالما...خام كېسەك
كىملەرنىڭدۇر يۈرىكى، دېمەك.

2

قەغەزدىن چىقىپ
شەھەر سېپىللىرى كۆكرەر
تاش ئۆستەڭلەر تىلغا كىرىپ
سۇلار ئويناقلاپ يۈگۈرەر.
خان سارىيى ئالدىغا كېلىپ
يالمانلىق نەۋكەرلەرگە تىكىلەر
مېنىڭ قەلبىم.

3

ئاۋازنى ئاڭلايمەن
كۆمۈلگەن ۋاقىتنىڭ ئاۋازنى
تۆگە كارۋانلىرى خىرامان
جاراڭ- جۇرۇڭ...
ھايت- ھۇيت..
- بۇ تەرەپكە ماڭسىلا مېھمان.
- مەن كاشغەردىن كەلدىم
- ئەللامە خاس ھاجىپ تۇرغاندۇ ئامان؟
بىر پىيالە چاي ئىچىپ
يەنە كاشغەرگە كېتىمەن.

4

ۋاقىت سەلتەنەتلىرى بىر دۆۋە توپا
شامال ئالقانلىرىدا سورۇلار.
ئاپتاپ مېنى يەرگە تارتىپ
ئىدىقۇتنى دۈمبەمگە ئارتىپ
كېتىشكە زورلار.
نوم ئىسرىقلىرىدىن سەرمەست
جۇل- جۇل كىيىملىك سەرگەردان
ماڭا ئىشارەت قىلار،
يارغولنى بېشارەت قىلار.
- خوش يارغول.

## ئوت

1

سەھەندىكى تەلۋە ئۇسسۇلچى
ئىنتىلىشى چېكىگە يەتكەن.
تەندىن تېشىپ چىققان كۈي ئارا
ئاسمان- زېمىن بىرلىشىپ كەتكەن.
پىرقىرايدۇ... ئاۋازى شىددەت
كۆيەر تەنلەر مەستخۇش چاراسلاپ.
كۆڭۈل ئەگەر بىر دەرەخ بولسا
سۇنار شاخلار بۇدەم قاراسلاپ.
مىڭ ئارغىماق بوراندەك چاپچىپ
قېچىپ چىقتى... تىترىمەكتە يەر.
بىر ئايالنىڭ كىيمى يېشىلىپ
تىنالمىدى قۇترىغان مىڭ ئەر.
ئاخشاملارنى يالماپ يۇتتى ئۇ
كۈندۈزلەرگە يېقىپ سەرەڭگە.
تاش ئىچىدىن چاچراپ چىقتى ئۇ
غايىب تەنلىك قىزغۇچ كۆلەڭگە.

2

تۇرار يېنىپ قەدىم ئاخشاملار
يېزىقلارنىڭ پېشانىسىدە.
ئۇخلاۋاتقان يالىڭاچ روھلار
شائىرلارنىڭ قالدى ئېسىدە.

TURPAN LITERATURE 2015.2

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېرىمجان ئابدۇرېھىم



# ئۇيغۇرلاردا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئابدۇرۇسۇل راخمان

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىرقانچە ئون يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك، تەسىرى زور، ئىستىقبالى چەكسىز، شۇنداقلا، مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسى بولۇپ شەكىللەندى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھەققىدە سۆز بولغاندا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر ئۇستاز تەتقىقاتچى بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۇيغۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى



تەتقىقاتىغا ئاساس سالغۇچى، ئۇيغۇرلاردىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر تۇنجى تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دەرسىنى تۇنجى بولۇپ تەسىس قىلغۇچى، ھايات ۋاقتىدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولغان ئابدۇرۇسۇل راخمان مۇئەللىمدۇر. ئابدۇرۇسۇل راخمان 1939-يىلى 4-ئايدا توقسۇن ناھىيەسىنىڭ غولبويى يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى توقسۇن، تۇرپانلاردا تاماملاپ، شىنجاڭ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1965-يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاماملاپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا تەقسىم قىلىنغان. 1988-يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا يۆتكەلگەن، 1994-يىلى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2001-يىلى 3-ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئۈرۈمچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئابدۇرۇسۇل راخمان مۇئەللىمنىڭ نامى ئۇيغۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات – بىر خىل ئەدەبىياتشۇناسلىق پەنى بولۇپ، مەلۇم بىر مىللەت ياكى ئەل ئەدەبىياتى بىلەن باشقا بىر مىللەت ياكى ئەل ئەدەبىياتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدىغان پەننى كۆرسىتىدۇ. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دېگەن بۇ ئاتالغۇنى فرانسىيەلىك ۋېرمان 1829-يىلى تۇنجى بولۇپ قوللانغان، 1886-يىلى ئەنگلىيەلىك بونارىست «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» ناملىق كىتابنى يېزىپ، بۇ پەنگە ئاساس سالغان، 1931-يىلى فرانسىيەلىك ۋان تىگىم «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدە» ناملىق كىتابنى يېزىپ، بۇ پەننىڭ نەزەرىيەسىنى نىسبەتەن سىستېمىلىق شەرھلىگەن ھەم تەتقىقاتچىلارنى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ پەن دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە بولۇشقا باشلىغان. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات – ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مىللەت ئەدەبىياتىدىكى مەلۇم ھادىسىنى ئاساسلىق تەتقىقات ئوبېكتى قىلىپ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرى ھەققىدە نىسبەتەن كەڭ، چوڭقۇر، شۇنداقلا، ھالقىما ياكى كېسىشمە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئەدەبىيات ھادىسىلىرىدىكى ئورتاقلىق ياكى تەسىرنى

مۇھاكىمە ۋە بايان

كۆرستىدىغان ۋە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدىغان، بۇ ئارقىلىق
ئەدەبىياتنىڭ ئورتاقلىقى ۋە تەسىر مۇناسىۋىتىنى خۇلاسىلەپ مەلۇم
نەزەرىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ئەدەبىياتشۇناسلىق پېنى. سېلىش-
تۇرما ئەدەبىياتنىڭ تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا فرانسىيە ئېقىمى
ۋە ئامېرىكا ئېقىمىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئې-
قىمى شەكىللەنگەن بولۇپ، فرانسىيە ئېقىمى ئەدەبىياتلار ئارىسىدى-
كى تەسىر مۇناسىۋىتىگە ۋە بۇلارنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمى-
يەت بېرىپ، ئاساسلىق دىققەت نەزىرىنى ھەرقايسى مىللەتلەر،
ئەللەر ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئورتاقلىقنى، بۇ ئورتاقلىق-
نى شەكىللەندۈرگەن سەۋەب- ئامىللارنى تەتقىق قىلىشقا قاراتقان.
ئامېرىكا ئېقىمى بولسا، فرانسىيە ئېقىمىنىڭ نوقۇل تەسىر مۇناسىۋى-
تىنى تەتقىق قىلىشتەك چەكلىمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەسىر مۇناس-
ۋىتىدە بولمىغان ئەدەبىياتلاردىكى مەلۇم ئوخشاشلىقلارنىمۇ تەتقىق
قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان ھەم «پاراللېل تەتقىقات» ئۇسۇلىنى
قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەدەبىياتتىكى مىللەت، رايون ھالق-
غان ئوخشاشلىق- ئورتاقلىقلارنى تەتقىق قىلىپ، سېلىشتۇرما ئەدەبى-
يات تەتقىقاتىنى يېڭى بىر ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلغان. ئامېرىكا ئېقى-
مىنىڭ تەسىرىدە سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئەدە-
بىيات دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ئەدەبىيات بىلەن باشقا پەنلەر،
ساھەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، مەسىلەن: ئەدەبىيات بىلەن
سەنئەت، پەلسەپە، تارىخ، دىن، ئىقتىساد، ھەتتا تەبىئىي پەنلەرنىڭ
مۇناسىۋىتىمۇ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھېسابلىنىدىغان
بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەقىقىي مەنىدە ھالق-
ما، كېسىشمە، ئەركىن تەتقىقات ساھەسىگە ئايلانغان. ئەنئەنىۋى
سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى «تەسىر تەتقىقاتى» ۋە «پاراللېل
تەتقىقات»تىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسلىق تەتقىقات ئۇسۇلىنى
قوللانغان بولۇپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات يەنە تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ
ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن «تارقىلىش ئىلمى»، «مەنبە ئىلمى»، «ۋا-
ۋاستە ئىلمى»، «باش تېما ئىلمى»، «تېما تارىخى ئىلمى»، «تۈر
ئىلمى»دىن ئىبارەت كۆپ خىل تارماق پەنلەرگە بۆلۈنگەن. سېلىش-
تۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئېلىمىزدىمۇ خېلى بالدۇر باشلانغان ھەم
ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. يېڭى دەۋر باشلانغاندىن
كېيىن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە ناھايىتى گەۋدى-
لىك تەرەققىيات ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كېلىپ، ئېلىمىزنىڭ بۇ
جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى دۇنياۋىي تەسىرگە ۋە ئېتىراپقا ئىگە
بولدى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى «جۇڭگو ئېقىمى»
نى شەكىللەندۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا
دائىر كۆپلىگەن مەخسۇس تەتقىقات ئەسەرلىرى، دەرسلىكلەر نەشر
قىلىندى، مەخسۇس ژۇرناللار تەسىس قىلىندى، كۆپلىگەن ماقالە-
ئەسەرلەر يېزىلدى، خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.
شۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدىكى ئەڭ جۇشقۇن ئەدەبىياتشۇناسلىق تەتقى-
قاتى ساھەلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلاردىكى سېلىشتۇرما ئە-
دەبىيات تەتقىقاتى ئېلىمىزدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ
تەسىرىدە 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان بولۇپ، سېلىش-
تۇرما ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ يېڭى پەننى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا
ئېلىپ كىرىشتە يول ئېچىش رولىنى ئوينىغان ۋە زور تۆھپە قوشقان
ئادەم ئابدۇرۇسۇل راخمان بولدى.

ئابدۇرۇسۇل راخماننىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات جەھەتتىكى
مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى - ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەر-
نىڭ ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى كەسپلىرىدە تۇنجى قېتىم سېلىشتۇرما
ئەدەبىيات دەرسى تەسىس قىلغانلىقى ۋە بۇ دەرسنى ئۆزى بىۋاستە
ئۆتكەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قو-
يۇلغاندىن كېيىن ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە سېلىشتۇرما ئەدە-
بىيات دەرسى تەسىس قىلىنغانلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋات-
قان ئابدۇرۇسۇل راخمان شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردىمۇ بۇ
دەرسنى تەسىس قىلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ،
1983-يىلدىن باشلاپ سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى ئۆگىنىشكە ۋە
تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، 1984-يىلى 9-ئايدىن ئېتىبارەن ئۆزى
ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى
جۇڭگو تىل- ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى
كەسپى ئوقۇغۇچىلىرىغا «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» دەرسىنى تەسىس
قىلىپ ئۆتتى. ئۇ مۇشۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن سېلىشتۇرما ئەدەبى-
ياتقا دائىر دەرسلىك، تەتقىقات كىتابلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرى-
ياللارنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى، يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىمىزدىكى
سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا دائىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا
ئاكتىپ قاتنىشىپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى نو-
پۇزلۇق تەتقىقاتچىلار بىلەن قويۇق ئىلمىي ئالاقىلەردە بولۇپ، سې-
لىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ يېڭى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات نەتىجىلە-
رىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن سېلىشتۇرما ئە-
دەبىياتقا دائىر دەرسلىك ماتېرىيال ئىشلەشنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە
قويدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، ئۇ بىر تە-
رەپتىن «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات»قا دائىر كونسپېكت ئىشلەپ، شۇ
يىللاردىكى ئوقۇ-ئوقۇتۇشنىڭ تەلپىنى قاندۇرغان بولسا، يەنە بىر
تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنى ۋە تەتقىقاتچىلارنى مۇھىم پايدىلىنىش ما-

تېرىيالى بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە لۇ كاڭخۇا، سۇن جىڭياۋ قاتارلىق تەتقىقاتچىلار تۈزگەن، خېيلوڭجياڭ خەلق نەشرىياتى 1984-يىلى نەشر قىلغان، شۇ يىللاردا ئېلىمىز سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەر ھېسابلىنىدىغان «سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا مۇقەددىمە» ناملىق كىتابنى ئۆمەر ئوسمان، مۇھەممەتتۇرسۇن تۇردى، ئابلىمىت مۇھەممەت، مۇھەممەت ھامۇت قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1988-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا باستۇردى. بۇ، ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات كىتابى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇنجى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنى مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئوينىدى. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى مەملىكىتىمىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى، ئېلىمىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇرلاردا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ خېلى گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ۋە يۇقىرى باھالارنى بەردى.

ئابدۇرۇسۇل راخمان شۇ يىللاردا يالغۇز سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ دەرسلىك قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنىمۇ ئىجتىھات بىلەن تەتقىق قىلدى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەدبىقلاش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى؛ ئۆزى قاتناشقان مەملىكەتلىك، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، جۈملىدىن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇرۇپ تۇردى؛ ئەڭ يېڭى ئۇچۇر، نەتىجىلەر ئاساسىدا ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، بېيىتىپ باردى، ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى دەرسخانىغا ئېلىپ كىردى؛ تەتقىقات خاراكتېرىدىكى، قوزغىتىش خاراكتېرىدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى. سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر ئىلمىي لېكسىيە، تەتقىقاتچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىش قاتارلىق دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنى كۆپ تەشكىللەپ، پۈتۈن فاكۇلتېت تەۋەسىدە «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قىزغىنلىقى» شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە، ئوقۇغۇچىلار سېلىشتۇرما ئەدەبىيات دەرسىنى قىزىقىپ ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئىزدىنىش-تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ھالەت شەكىللەندى. شەخسەن مەن ئابدۇرۇسۇل مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا ئالاھىدە قىزىقىپ، كېيىنچە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتقا كىرىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن باشقا ئەل، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنغان بىرقانچە پارچە مەشىق ماقالىسى يازدىم. شۇ ماقالىلىرىمنىڭ بىرى بولغان «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى بىلەن ئېزوپ مەسەللىرىنىڭ ئورتاقلىقى ھەققىدە» ناملىق ماقالەمنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ماقالىسى قىلىپ بېكىتىپ، ئابدۇرۇسۇل مۇئەللىمنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشتىم، ماقالەم ئەلا بولۇپ باھالاندى، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ماقالەم ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى ۋە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ياشلىقتا تۇتاشقان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوتى تاكى ھازىرغىچە لاۋۇلداپ، گەرچە ئۆلچەملىك سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا يېقىنراق كېلىدىغان «پۇشكىن ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى»، «مىڭ بىر كېچە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «كۆپ خىل ئەدەبىياتلار تەسىرىدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتى»، «تېيىپجان ئېلىيوف ۋە ماياكوۋسكى» قاتارلىق ماقالىلەرنى يازدىم. كېيىنكى مەزگىللەردە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ كېلىشىدە، ئەلۋەتتە، مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچى-تەتقىقاتچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن باشقا يەنە ئابدۇرۇسۇل راخمان سالغان ئاساسنىڭ رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولدى دەپ قارايمەن.

ئابدۇرۇسۇل راخمان 1988-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، يېڭى خىزمەت ئورنىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇ مەكتەپنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. ئۇ شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تېخىمۇ ياخشى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشقا يەنە ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا دەرس قىلىپ ئۆتتى، ئۈرۈمچىدىكى باشقا ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ لېكسىيە ياكى دەرس سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەردە خېلى زور دەرىجىدە ئومۇملاشتى ۋە ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولدى. ئۇ يەنە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ساھەسىدىكى داڭلىق تەتقىقاتچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىپ ئىلىم ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئېلىمىزنىڭ داڭلىق سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى لۇ كاڭخۇا ئۆزىنىڭ ئابدۇرۇسۇل راخماننىڭ تەكلىپى بىلەن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىگەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئىككى

ئاي دەرس ئۆتۈپ خاربىنغا قايتىشقا ھازىرلىق كۆرۈۋاتقان چېغىمدا، ئويلىمىغان يەردىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مېنى قەشقەردىن قايتىش سەپىرىمدە ئۈرۈمچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم... ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى فاكۇلتېت ۋە مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن مېنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ تېلېگرامما سالغانىكەن... ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى مەن بىلەن ئۇچرىشىپلا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويغان بەزى مەسىلىلەر توغرىلىق مېنىڭ پىكرىمنى سورىدى. ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى كەمتەر ۋە تەمكىن ھالدا پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، كىتابتىكى بەزى سەۋەنلىكلەر توغرىسىدا چۈشەنچە بېرىشىم ئۈچۈن مېنى ئۆزى دەرس ئۆتۈۋاتقان ئۇيغۇر سىنىپىغا ئېلىپ باردى.» [1] بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرۇسۇل راخمان سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. ئېلىمىزنىڭ سىلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى ئابدۇرۇسۇل راخماننى شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدىلا ئەمەس، بەلكى، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئارىسىدىمۇ سىلىشتۇرما ئەدەبىيات دەرسىنى تۇنجى بولۇپ تەسىس قىلغان ئۇستاز، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە تۆھپىسىگە يۇقىرى باھالارنى بەرگەن ئىدى.

ئابدۇرۇسۇل راخماننىڭ سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى جەھەتتىكى نەتىجىسى گەۋدىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارلىق. ئۇ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر بىر تۈركۈم ماقالىلەرنى ئېلان قىلغاندىن باشقا يەنە ئاساسلىق قىلىپ ئىككى پارچە كىتابنى ئىلىم ئەھلىگە تەقدىم قىلدى. بۇنىڭ بىرى «سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا مۇقەددىمە» ناملىق تەرجىمە ئەسەر، يەنە بىرى «سىلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى» ناملىق ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرىدۇر.

«سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا مۇقەددىمە» ناملىق بۇ كىتاب ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر مەيدانغا كەلگەن تۇنجى ئۇيغۇرچە كىتاب بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ كىتاب سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر نەزەرىيەلەرنى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە كىتاب شەكلى بىلەن تۇنجى قېتىم نىسبەتەن سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارغا سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنى بىلدۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداقلا، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئۆتۈلگەن سىلىشتۇرما ئەدەبىيات دەرسىنى ئۇيغۇرچە دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتاب سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر تەسىر تەتقىقاتى، پاراللېل تەتقىقات، تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش، تېما قاتارلىق كۆپلىگەن مۇھىم چۈشەنچە-ئاتالغۇلارنى ئۇيغۇر تىلىدا توغرا ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلىدى، بۇ پەننىڭ كۆپلىگەن ئاتالغۇلىرى كېيىن مۇشۇ كىتابتا ئېلىنغىنى بويىچە قوللىنىلدى. بۇ كىتاب ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلىم ئالماشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ تەرجىمە كىتاب ئۇنىڭ ئاپتورلىرىدىن بولغان، ئېلىمىزنىڭ سىلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدىغان، كېيىنكى يىللاردا ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىق ساھەسىدىكى كاتتا تەتقىقاتچىغا ئايلانغان لۇ كاڭخۇانى ھاياجانغا سالدى، ئۇ ئۆز كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغىنىدىن خۇشال بولدى، مۇشۇ تەرجىمە كىتابنىڭ رىشتىسى بىلەن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا كۆپ قېتىم كەلدى ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇشلاردا بولدى، مۇشۇ كىتاب ۋە سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر باشقا تەتقىقات نەتىجىلىرى سەۋەبىدىن قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئېلىمىزنىڭ سىلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھاسىدە ھەممە بىلىدىغان ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا ئايلاندى.

«سىلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى» - ئابدۇرۇسۇل راخماننىڭ ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتىدىكى ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان ئىلمىي ئەسەر، شۇنداقلا دەرسلىك كىتاب بولۇپ، 1997-يىلى 4-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب سىلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر ئۇيغۇر تىلىدا رەسمىي نەشر قىلىنغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «سىلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى» ناملىق بۇ كىتاب سىلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدە ئاساسىي چۈشەنچە، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتتىكى تەبىر-ئېنىقلىما ۋە ئىلمىي ئېقىملار، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئالاقىدار پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرى، پەن ئاتلاپ تەتقىق قىلىش، سىلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىق يەتتە بابتىن تەشكىل تاپقان. بۇ سەھىپىلەردە سىلىشتۇرما ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ مەنبە ئاساسلىرى، شەكىللىنىش جەريانى، تەرەققىيات مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساپىسى ۋە شۇ جەرياندا شەكىللەنگەن فرانسىيە ئېقىمى، ئامېرد-
كا ئېقىمى قاتارلىق ئاساسلىق ئېقىملىرى؛ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات
قانداق پەن دېگەنگە ئوخشاش ئاساسلىق چۈشەنچىلەر، ئەدەبى-
ياتنىڭ پەلسەپە، پسىخولوگىيە، دىن قاتارلىق ئىجتىمائىي پەنلەر
بىلەن، تەبىئىي پەنلەر بىلەن، شۇنداقلا سەنئەت شەكىللىرى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛ سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ
پەنگە بېرىلگەن كۆپ خىل تەبىرلەر ۋە بۇنداق بولۇشىنىڭ سە-
ۋەبلىرى قاتارلىق ئاساسلىق تەتقىقات ئۇسۇلى شۇنداقلا تارق-
ىلىش ئىلمى، مەنبە ئىلمى، ۋاسىتە ئىلمى، ئەدەبىي تۈر ئىلمى،
تېما ئىلمى، باش تېما ئىلمى، ئەدەبىي تۈر ئىلمى قاتارلىق
تارماق پەنلەر نىسبەتەن سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان ۋە شەرھ-
لەنگەن. بۇ كىتابتا يەنە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى
ماركسىزمنى ئۆگىنىش، كۆپ خىل تىل بىلىش، ئەدەبىيات،
تارىخ ۋە باشقا پەنلەرگە دائىر مول بىلىملەرگە ئىگە بولۇش،
ئۆتكۈر بولغان تەپەككۇر ئادىتى يېتىلدۈرۈشكە ئوخشاش يېتەك-
چى پرىنسىپ ۋە تەلەپلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئومۇمەن
قىلىپ ئېيتقاندا، ئابدۇرۇسۇل راخمان يازغان مەزكۇر «سېلىش-
تۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى» ناملىق بۇ كىتاب سېلىشتۇرما ئە-
دەبىياتتىن ئىبارەت بۇ پەنگە دائىر ئاساسلىق بىلىملەرنىڭ ھەم-
مىسنى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈن نىسبەتەن سىس-
تېمىلىق، ئەتراپلىق ۋە تولۇق تونۇشتۇرغانلىقى، شۇنداقلا چۈ-
شىنىشلىك قىلىپ شەرھلەپ بەرگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە
خاراكتېرلىقتۇر.

«سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى» ناملىق بۇ كىتابنىڭ
يېزىلىشى ۋە نەشر قىلىنىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئۈچۈن
مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ۋەقە بولدى. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تەت-
قىقاتچى تەرىپىدىن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدە يېزىلغان
تۇنجى كىتاب سۈپىتىدە ئۇيغۇرلاردا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەت-
قىقاتى ئۈچۈن ئابىدە خاراكتېرلىك ئىش ھېسابلىناتتى، دېمىسمۇ،
يول ئېچىش خاراكتېرىدىكى مۇنداق ئىلمي ئەمگەكنىڭ قىممىتى
ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان
داڭلىق ئالىم، ئەدەبىياتشۇناس ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
مەزكۇر كىتاب ئۈچۈن يازغان «ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم
بىر تارمىقى» ناملىق بېغىشلىمىسىدا: «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات-
مىللەتتىن، دۆلەتتىن، رايوندىن، مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن ھالقى-
غان، شۇنىڭدەك مۇئەييەن زامان قاتلىمىدىن ھالقىغان ئىلمي
نەزەر ۋە تارىخىي ئىز قوغلاش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت مەدەنى-
يەتشۇناسلىقىنىڭ ئۇلۇغ بەدىئىي خەزىنىسى بولغان ئەدەبىياتنىڭ
ئۈچۈر قاتلاملىرىنى يورۇتۇپ، بىزنى يېڭى بىر ماھىيەتلەر ئېقى-
مىغا ئېلىپ كىرىدۇ ... ئابدۇرۇسۇل راخمان قەشقەر پېداگوگىكا
ئىنستىتۇتىدا ‹سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا مۇقەددىمە› ناملىق كىتابنى
تەرجىمە قىلىپ، مىخ مەتبەئەدە باستۇرۇپ، بۇ پەن بويىچە
تۇنجى باھار يامغۇرى تۆككەن ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئۇ كۆپلى-
گەن ئىلمي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارا-
لىق سېلىشتۇرما ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى، ئېلى-
مىز ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئارىسىدا بۇ جەھەتتىكى تۇنجى مۇتە-
خەسسىس دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ قولىمىزدىكى ‹سېلىشتۇرما ئەدە-
بىيات قائىدىلىرى› دېگەن كىتابى ئالىي مەكتەپلەردە بۇ دەرس
بويىچە بىر قوللانما سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. بۇ قۇتلۇقلاشقا
ئەرزىيدىغان كاتتا زېھنى ئەمگەك»[2] دەپ يېزىپ، ئابدۇرۇ-
سۇل راخماننىڭ بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۇيغۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىيا-
تى تەتقىقاتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى يۇقىرى باھالىدى. ئېلى-
مىزنىڭ داڭلىق سېلىشتۇرما ئەدەبىياتشۇناسى، ئەينى يىللاردا
جۇڭگو سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئىلمي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى بولغان چېن دۇن ئەپەندى بۇ كىتاب ئۈچۈن كىرىش
سۆز يېزىپ، ئابدۇرۇسۇل راخمانغا ۋە بۇ كىتابقا «تەبرىكلەشكە
ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ... بىرقىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئالىملىرى
ئاللىقاچان ئاڭلىق ھالدا مىللەتلەر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى سېلىش-
تۇرما تەتقىقاتنى باشلاپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.
پروفېسسور ئابدۇرۇسۇل راخمان دەل ئاشۇ ئالىملارنىڭ
بىرى... ئاز سانلىق مىللەتتىن چىققان بىر ئالىمنىڭ ئاز سانلىق
مىللەت يېزىقىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىياتقا دائىر ئىلمي ئەسەرنى
نەشر قىلدۇرۇشى ئېلىمىزدە تېخى تۇنجى قېتىملىق ئىش. مەن
پروفېسسور ئابدۇرۇسۇل راخمانغا چىن قەلبىمدىن ئېھتىرام
بىلدۈرىمەن.»[3] دەپ يۇقىرى باھا بەردى. بۇ كىتابنىڭ يېزىلى-
شى ۋە نەشر قىلىنىشى ئېلىمىزنىڭ سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقا-
تى ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى، ئېلىمىزنىڭ داڭلىق سېلىش-
تۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى لۇ كاڭخۇا ئەپەندىمۇ بۇ كىتاب
ھەققىدە «جاپالىق ئەجىر، مول مېۋە» دېگەن تېمىدا كىرىش
سۆز يېزىپ، ئۇنىڭدا ئابدۇرۇسۇل راخماننىڭ بۇ كىتابىنىڭ سې-
لىشتۇرما ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى ئا-
لاھىدە تەكىتلىدى، شۇنداقلا ئابدۇرۇسۇل راخماننىڭ سېلىشتۇر-
ما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىسىنى تولۇق
مۇئەييەنلەشتۈردى.

«سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇھىم ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بەزى يېتەرسىزلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس. ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ھەققىدىكى نەزەرىيە قاراشلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلمەسلىكى ۋە سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەڭ زور دەرىجىدە باغلانماسلىقىدۇر. ھەممىمىز بىلىمىز، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىختىن بېرى باشقا ئەل، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن قويۇق ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن ئەدەبىيات بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، شۇنداقلا يەنە بىرمۇنچە جەھەتلەردە باشقا ئەل، باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن تەسىرسىز ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇشتەك دۇنياۋىيلىقى بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇق پەلسەپىۋىلىككە، دىنىي مەزمۇنغا، تارىخى تەركىبلەرگە ئىگە بولۇشتەك ئۆزگىچىلىكى بىلەن سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم تېمىلارنى تەمىنلىسىمۇ، ئەمما ئابدۇرۇسۇل راخمان مەزكۇر كىتابىدا سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشقا كۆپ ئەجىر قىلىپ، بۇ پەننى ئۆزلەشتۈرۈشكە، ئۇنىڭ نەزەرىيەۋى مەسىلىلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىساللىرى ئاساسىدا شەرھلەشكە ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان. مېنىڭ قارىشىمچە، مەزكۇر كىتابتا بۇنداق يېتەرسىزلىك-نۇقسانلار بولۇشىنىڭ بىرقىسىم مۇھىم سەۋەبلىرى بار بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئابدۇرۇسۇل راخمان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتىنى باشلىغان شۇ مەزگىللەردە بۇ پەن ھەققىدىكى تەتقىقاتلار تولىمۇ يېتەرسىز بولۇپ، ئۇ پايدىلىنىدىغان، مىسال ئالىدىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئۇ ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزىگە يېقىن تۇتىدىغان تەتقىقاتچىلار يوق دىيەرلىك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ يىللاردا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارمۇ ئەمدىلەتىن نەتىجە بېرىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋەتلەر تارىخى تېخى بىر بوشلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، ئابدۇرۇسۇل راخمان ئالىي مەكتەپنى خەنزۇ تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپتە خىزمەت قىلغاندىمۇ ئۇزۇن مەزگىل خەنزۇ ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان بولغاچقا، خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلىملىرىگە پىششىق بولغىنى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر تونۇشى ۋە تەتقىقاتى سەل يېتەرسىز بولغاچقا، سېلىشتۇرما ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇنداق سەھنىسى چوڭ، مۇناسىۋەتلىرى كەڭ، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇقىرى بىر تەتقىقاتنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن مىسال ئېلىشقا ھەقىقەتەن ئاجىز كېلەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئابدۇرۇسۇل راخمان سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقى، شۇنداقلا بارلىقىنى ئىلىمگە بېغىشلاشتەك قىممەتلىك روھى، جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى، شۇنداقلا ئېلىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەسىرى «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يېزىپ چىقتى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنى بىر پەن سۈپىتىدە تونۇش زۆرۈر بولۇۋاتقان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى يېڭى قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ پەن تارىخىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش مۇھىم ۋە تەخىرسىز خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىنىڭ بىر مۇھىم تارمىقى يېڭى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئاساس سالغان، بۇ پەن تەتقىقاتى بويىچە ئاز بولمىغان ئىلمىي ئەمگەكلەرنى قىلغان، ئۇيغۇر سېلىشتۇرما ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى ئىلىم ئەھلىگە نامايىش قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ پەنگە كۆيگەن ۋە بۇ پەن ئىشقىدا كۆيۈپ تۈگىگەن ئابدۇرۇسۇل راخمان مۇئەللىمنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىق تاردىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئىزاھاتلار:

[1] لۇ كاڭخۇا: «جاپالىق ئەجىر، مول مېۋە»، «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى»، 2-، 6-، 7-بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىل 4-ئاي نەشرى.
[2]، [4] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى»، «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى»، 9-بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىل 4-ئاي نەشرى.
[3] چېن دۇن: «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى»گە كىرىش سۆز»، «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات قائىدىلىرى»، 5-، 6-بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىل 4-ئاي نەشرى.

(ئاتۇر قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسورى، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى)

بۇلبۇل ئەكرەم



# «بالىلىقتا سوئال كۆپ»نىڭ ئېلىپ كەلگەنلىرى تېخىمۇ كۆپ

يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇتنىڭ تۇنجى بالىلار رومانى «بالىلىقتا سوئال كۆپ» 2006-يىلى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. روماندا ئىلھامدىن ئىبارەت باش پېرسوناژنىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ تاكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغۇچە بولغان ئۇزاق جەرياندىكى ھايات پائالىيەتلىرى، زىددىيەت توقۇنۇشلار بىلەن تولغان ئەگرى-توقاي كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدىكى بالىلار تۇرمۇشىنىڭ رېئال كارتىنىسى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى بالىلىق ھاياتىنىڭ قايناق قايناملىرىغا چۆمدۈرۈپ، زور ئېستېتىك زوقا ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە مۇھىمى ئۇلارغا ئەخلاق-پەزىلەتنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىش، ئىلىم-پەن بىلەن قوراللىنىش، ئىرادىلىك، قەيسەر، تىرىشچان بولۇش، تۇرمۇشقا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەربىيەسى سىڭدۈرۈلگەن. بولۇپمۇ رومانىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن ئوقۇغۇچىلارنى يېزىقچىلىققا قانداق جەلپ قىلىش، ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە قانداق تەشكىللەش، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئالغاندا، دەرسلەرنى قانداق ئۆزلەشتۈرۈش، يېزىقچىلىقنى قانداق ئۆگىنىش تەجرىبىلىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك. تۆۋەندە رومانىنىڭ ئېستېتىك قىممىتى توغرىلىق توختىلىپ ئۆتىمىز.

**1. خاراكتېر خاسلىقى ئېلىپ كەلگەن تەربىيەۋى قىممەت**

«بالىلىقتا سوئال كۆپ» رومانىنىڭ ئاساسلىق باش تېمىسى بالىلارغا ئەدەپ-ئەخلاق ۋە غايە تەربىيەسى بېرىشكە نىشانلانغان بولۇپ ، بۇ تۈپكى مەقسەت ئىلھام ئوبرازىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. شۇڭا ئىلھام ئوبرازى كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ قەلب دۇنياسىدا ئىلھامنى ھۆرمەتلەش،ئىلھامدىن ئۆگىنىش تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، بالىلار ئەدەبىياتىدا يارىتىلغان ھەر بىر ئوبراز بالىلارنىڭ ئىدىيەۋى ئېڭى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە، تۇرمۇش قارىشى، غايىسى، ئىرادىسىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان ياخشى بىر پارچە ئەسەر بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم مەنىۋى ئوزۇق ھېسابلىنىدۇ.

بالىلار ئەدەبىياتى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن بالىلارنى تەربىيەلەشتە بەدىئىي ئوبرازنىڭ ياردىمىگە تايىنىدۇ، ياخشى يارىتىلغان پېرسوناژ ئوبرازى بالىلارنىڭ ئىدىيىسىگىلا ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. روماندىكى باش پېرسوناژ ئىلھام دەل ئاپتور ئالاھىدە مەقسەت بىلەن ياراتقان بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاپتورنىڭ بالىلار تەربىيەسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى، بالىلارغا قويىدىغان تەلەپلىرى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلھام ئاپتور تىلەكلىرى ھەم ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن پۈتكەن بەدىئىي تىپ. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلبى ھەم جىسمىدا ئۈلگىلىك ئامىللار ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغاچقا،ئۇ ھەر قايسى جەھەتلەردىن بالىلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولالايدۇ.

بالىلار ئوقۇشلۇقلىرى بالىلارنىڭ ئىككىنچى دەرسلىكى، بالىلارغا ئوبرازلىق تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم ۋاستىلەرنىڭ بىرى. ھەر بىر مىللەتتە بالىلارنى ئەخلاقلىق، بىلىملىك قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش تەلىپى ۋە تەقەززاسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، 6-7 ياشلاردىكى بالىلارنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقى زور دەرىجىدە ئېشىپ، كاللىسى «نېمە ئۈچۈن؟»لار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولىدۇ. روماندىكى ئىلھام دەل كاللىسىنى سوئاللار ئامبىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئىنتىلىشچان بالا.ئۇ

ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنچە بەك قىزىقـ
دۇ. دەرسلىكتىن باشقا كىتابلارنىمۇ قىزىقىش بىلەن ئوقۇيدۇ،
ياقۇپ مۇئەللىم بەرگەن كىتابلارنى شۇنچە ئەستايىدىللىق
بىلەن ئوقۇپ تۈگىتىپلا يەنە ياقۇپ مۇئەللىمدىن كىتاب سورايـ
دۇ. كىتابلار بەرگەن تەسىرات ھەم ھاسىلاتلار تۈرتكىسىدە ئەـ
دەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلاپ،ئەدەبىي ئەسەر يېزىشقا
باشلايدۇ. ئاستا ـ ئاستا شېئىر ۋە ماقالىلەردىكى ئارتۇقچىلىق
ھەم نۇقسانلارنىمۇ ھېس قىلالايدۇ ھەم ئۇلارنى تۈزىتەلەيدۇ.
شېئىرلىرىنى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىگە ئەۋەتەلەيدۇ ۋە
بۇ جەرياندا نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىلھامنىڭ ھايات مۇساپىسى بالىلىقـ
تىكى شوخلۇق، كەپسىزلىكلەردىن ئاستا ـ ئاستا قول ئۈزۈپ
ئەقلى ھوشىنى تېپىش، تىرىشىپ يول ئېچىش، نىشانغا يەتمىگۈـ
چە توختاپ قالماسلىق، مۇستەھكەم ئىرادىنى كۈچ ـ غەيرەتكە
ئايلاندۇرۇپ ئۇتۇق قازىنىپ، ھەممەيلەننىڭ قابىللىقى ھەم ماـ
يىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك سەمەرىلىك پۇتۇكلەرنى يازغان،
ئىلھامبەخش كارتىنىلارنى سىزغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ھەم مەـ
نىلىك مۇساپە. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى بالىلارنى تەسىرلەنـ
دۈرىدۇ ھەم زور ئىلھامغا ئىگە قىلىدۇ. «ئۈلگىنىڭ رولى تەڭـ
داشسىزدۇر»، شۇنداق، روماندا ئاپتور ئۈلگە تىكلىدى، تېخىمۇ
كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا،ئىلھامدىن ئىبارەت بۇ ئۈلگىنىڭ ئۈلـ
گىلىك تەرەپلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆسمۈر بالىلارغا
بىر تەرەپتىن بىلىم ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلـ
دۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتى ۋە ئاـ
لىيجاناب مىجەزـ خۇلقىنى تەربىيەلەش، نەزەر دائىرىسىنى كېـ
ڭەيتىشنىڭ، بولۇپمۇ، بالىلارنىڭ نازۇك قەلبىدە كىشىلىك
تۇرمۇش، تەبىئەت ھەم شەيئىلەر توغرىلىق مۇئەييەن چۈشەنـ
چە، كۆز قاراش شەكىللەندۈرۈشنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى
تىكلىدى.

**2. بالىلارچە سوئاللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئەھمىيەتـ
لىك باش تېما**

بالىلار قىزىقىدىغان، كۆپ ئويلايدىغان سوئاللارنى تاپقانـ
لىق، ئەمەلىيەتتە، بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقانلىق، بالىلار قەلب
دېرىزىسىنى ئېچىپ، ئۇلارنىڭ پىسخىك دۇنياسىغا ئىچكىرلەپ
كىرگەنلىكتۇر. «بالىلىقتا سوئال كۆپ»رومانى ھەقىقەتەن بالىـ
لىقتىكى تۈگىمەس سوئاللارنى چوڭقۇر قېزىپ ھەم ئالاھىدە ماـ
ھارەت بىلەن يېزىپ، بالىلارنىڭ سوئاللىرىنى قىزىقارلىق تەپسىـ
لاتلارغا باغلاپ يەنە بالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردى.

«بالىلىقتا سوئال كۆپ»، شۇنداق، بالىلىقتا ھەقىقەتەن
سوئال كۆپ. بالىلار قەلبى سوئاللار دېڭىزى، بالىلار تەپەككۇـ
رى نۇرغۇنلىغان «نېمە ئۈچۈن»لەر ئامبىرى. بالىلاردىكى مانا
مۇشۇ ئۆزگىچىلىككە نىشانلانغان رومان ماۋزۇسىلا كىچىك ئوـ
قۇرمەنلەردە دەرھاللا بىر خىل قىزىقىش تۇيغۇسى قوزغايدۇ.
بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش ھەم تەربىيەلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتـ
قانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىلىدىغانلىرى، چۈشىنىدىغانلىرى كۆپ
ئەمەس، ئەتراپتىكى تۈرلۈك شەيئى ھەم باشقا مەۋجۇتلۇقلار
ئۇلارغا ھامان شۇنچە يېڭى، شۇنچە سىرلىق بىلىنىدۇ. شۇنداق
بولغاچقا ئۇلار ھەممىگە ئوخشاشلا قىزىقىدۇ، كۆرگەن، ئاڭلىـ
غانلىرىنى تولۇق بىلىشكە،چۈشىنىشكە ئىنتىلىدۇ. مانا بۇ خىل
پىسخىك قىزىقىش ئۇلارنىڭ كاللىسىدا كۆپلىگەن «نېمە ئۈـ
چۈن»لەرنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنى چوڭلاردىن توختىماسـ
تىن سوئال سوراشقا ئۈندەيدۇ. رومان ماۋزۇسى بالىلاردىكى
بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى جانلىق ھەم ئوبرازلىق ھالدا گەۋدىلەنـ
دۈرۈپ بەرگەن.

ئاپتور بالىلىقتا سوئالنىڭ كۆپلۈكىنى يالغۇز رومانىنىڭ «باـ
لىلىقتا سوئال كۆپ»دېگەن ماۋزۇسىدا نامايان قىلىش بىلەنلا
توختاپ قالمىغان، بەلكى، رومانىنىڭ سۇژىت تەرەققىيات باسـ
قۇچلىرىدىنمۇ ئاز بولمىغان سوئاللارنى تەبىئىي ھالدا شەكىللەنـ
دۈرۈپ، رومان ماۋزۇسى بىلەن مەزمۇنىنى زىچ باغلىنىشقا ئىگە
قىلىشقا تىرىشقان. بىز رومانغا قارايدىغان بولساق، ھەر بىر
باب، ھەر بىر تارماق ماۋزۇ ئاستىدىكى سۇژىت بۆلەكلىرى
تەركىبىگە بالىلارچە نۇرغۇن سوئاللارنىڭ سىڭدۈرۈۋېتىلگەنلىـ
كىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن: « ـ مۇئەللىم، نېمىشقا مېنى تىلـ
لايسىز ؟ »(«بالىلىقتا سوئال كۆپ» رومانى 30 ـ بەت)، «نېـ
مىشقا ھەممە مۇئەللىملەر ياقۇپ مۇئەللىمدەك ياخشى
ئەمەس ؟» (33 ـ بەت)، «ھەممە مۇئەللىملەر تاتلىق نەسھەت
قىلىشنى ئۆگەنسە بولمامدۇ ؟» (33 ـ بەت)، «...ئەمىسە بىز نېـ
مىشقا يازالمايمىز ؟ بۇنىڭدىكى گەپ نەدە؟ نېمە ئۈچۈن بەزى
شېئىرلارنى ئوقۇغىمىز كېلىپلا تۇرىدۇ ؟» (78 ـ بەت)، «ئۇ ئاـ
شۇنداق يارىلاندۇرىدىغان قولمۇ ؟» (106 ـ بەت) دېگەندەك.
شۇنداق، بالىلارنىڭ سوئاللىرى تولىمۇ تاتلىق ھەم تەبىئىي
بولۇپ، ئۇنى بالىلار قەلبىنىڭ ئەينىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.
بالىلار سوئاللىرىنى ئۆز تەركىبىگە تەبىئىي سىڭدۈرەلىگەن ئەـ
سەرلەر بالىلارنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى چىنلىق بىلەن ئىپاـ



TURPAN LITERATURE 2015.2

دىلەش بىلەن بىللە، ئوقۇرمەنلەرنىمۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزىگە
جەلپ قىلىپ، بالىلىقنىڭ گۈزەل تۇيغۇلىرىغا چۆمدۈرۈپ ھۇ-
زۇرلاندۇرىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ،
بىلىم زاپىسىنى بېيىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بالىلىقتىكى سوئاللار
كۆپ بولغان ئەسەرلەرنىڭ تېما ھەم مەزمۇن دائىرىسىمۇ تەبى-
ئىي يوسۇندا كېڭىيىپ بارىدۇ. چۈنكى، باللار ئەسەرلىرىدىكى
سوئاللارنىڭ بەزىلىرى باللارنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەتنى چۈشى-
نىش ئارزۇلىرىنى، ئىلىم- پەن بىلىملىرىگە بولغان ئوتتەك قىزى-
قىشلىرىنى ئىپادىلىسە، يەنە بەزىلىرى رېئال تۇرمۇشتىكى ئەمە-
لىي مەسىلىلەرگە، كىشىلەرنىڭ مىجەز- خۇلقى ۋە پسىخىك ئالا-
ھىدىلىكلىرىگە باغلىنىدۇ.

ئاپتور روماندا ئىلھامنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تاكى ئىگىلىك
تىكلىگەنگە قەدەر بولغان بىر پۈتۈن جاپا- مۇشەققەتلىك ھايات
مۇساپىسىنى ئوبرازلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق باللارغا پەقەت
پۈتمەس- تۈگىمەس ئىرادە كەمرىنى مەھكەم باغلاپ، ئىزچىل
تىرىشقاندىلا ھەر قانداق جاپا- مۇشەققەت ۋە توسالغۇلارنىڭ
ئۈستىدىن غالىب كەلگىلى بولىدىغانلىقى، ئاقكۆڭۈل، ساپ
دىل، پاك دىيانەتلىك، راستچىل، مېھرى مۇھەببەتلىك بولغان-
دىلا ھەر قانداق ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارغىلى بولىدى-
غانلىقىدەك تۇرمۇش ھەقىقىتىنى چوڭقۇر تونۇتقان. مانا بۇ بالى-
لارغا زور ئۈمىد، ئىشەنچ بېغىشلايدىغان،زور تەربىيەۋي
قىممەت بىلەن تويۇنغان باش تېمىدۇر.

**3.ئىش- ھەرىكەت تەسۋىرى بىلەن پسىخىك تەسۋىرنىڭ
ماسلىقىدىن شەكىللەنگەن بەدىئىي ئۇنۇم**

باللار ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە بايان، تەسۋىر ئوبرازلىق ۋە
كونكرېت بولىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى كۆپرەك يېزىلى-
دۇ. چۈنكى، باللار جىمجىتلىقتىن خالىي، ھەرىكەت قىلىشقا
ئامراق. شۇڭا، باللار ئەسەرلىرى قىزىقارلىق ئىش- ھەرىكەت-
لەرنى كۆپرەك يازغاندا باللارنىڭ دىگەن يېرىدىن چىقىپ،ئۇ-
لارنى ئاسانلا قىزىقتۇرالايدۇ. ئاپتور«بالىلىقتا سوئال كۆپ»تە
دەل مۇشۇ يولدىن مېڭىپ، نۇرغۇنلىغان قىزىقارلىق ھەم باللار
تۇرمۇشى، باللارنىڭ قەلب دۇنياسىنى چىنلىق بىلەن گەۋدىلەن-
دۈرۈپ بېرەلەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئىش- ھەرىكەت ھەم كۆرۈ-
نۈشلەرنى يازغان. رومان ئىلھامنى مەركەز قىلغان كۆپلىگەن
ۋەقەلىكلەر ھەم تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى بىلەن باغلىنىدۇ. ئاپتور
روماننىڭ مۇقەددىمە قىسمىدىلا بىر چوڭ داغدۇغا پەيدا قى-
لىپ،ئوقۇرمەنلەرنى تەبىئىي ھالدىلا بۇ تەنتەنىلىك مۇراسىمنىڭ
باش-ئايىقى ھەم سەۋەب -جەريانلىرىنى بىلىشكە قىزىقتۇرىدۇ.
ئانا مەكتىپىگە 30 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلغان مەرىپەتپەرۋەر تىجا-
رەتچى ئىلھام ئەپەندىنى مەكتەپنى ئۆزى يالغۇز ئايلىنىش پۇر-
ستىگە ئىگە قىلىپ ۋە تونۇش ئۈجمە كۆتىكى يېنىغا ئېلىپ
كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ،ئۇنىڭ بالىلىق بەتلىرىنى ئاستا- ئاستا ۋا-
راقلاش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ئەسلى ھېكايە ئىچىگە تەدرى-
جىي باشلاپ كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر بىرىگە مەھكەم باغلى-
نىپ كەتكەن كۈلكىلىك ھەم مەنىلەرگە باي چاتما ھېكايىلەر ئو-
قۇرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا كەينى كەينىدىن نامايان
بولىدۇ.

«- ھەي نىياز، سەن يەنە پاراڭ قىلىسەنغۇ؟

نىياز ئاستا ئورنىدىن تۇردى:

- مۇئەللىم، مەن ئەمەس.

...

غاپپار مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

- قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتقىنىنى؟ قوپە!

نىياز ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

- پارتىنىڭ ئۈستىگە چىقە!

...

ئىلھام غاپپار مۇئەللىمگە قاراپ ئېھتىيات بىلەن دېدى:

- شەپقەت قىلايلى، شەپقەت قىلايلى!

سىنىپ ئىچىدە ‹پاراققىدە› كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

غاپپار مۇئەللىمنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتتى- دە، ئىلھامغا
چەكچىيىپ قاراپ:

- ئىت- مۈشۈكلىرىڭگە شەپقەت قىل، ھۇ، دۆت!

خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىلھام ئورنىدىن
چاچراپ تۇردى:

- مۇئەللىم، نېمشقا مېنى تىللايسىز؟

غاپپار مۇئەللىم ئۇنىڭ پېشانىسىگە قاتتىق نوقۇدى:

- ھەممىسى سېنىڭ كاساپىتىڭدىن! يوقال، ھۇ قاپاق باش!

- كەتسەم كەتتىم!

ئىلھام شۇنداق دەپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.» (3-، 4-
بەتلەر) مانا بۇ باش پېرسوناژ ئىلھام ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى،
باراۋەرلىكنى ياقلايدىغان، ناھەقچىلىككە، ئۈۋالچىلىقلارغا دادىل
قارشى تۇرىدىغان يۈرەكلىك، ھەققانىيەتچى ئىلھام.

«ئىلھام يەنە سۇغا سەكرىدى، يوق. نەپەسلىنىۋاتقان
ئىلھام ھېرىپ، قىينىلىپ كۆل تەكتىنى تەكرار قېزىپ چىقتى،





www.uyghurkitap.com

يوق. ئۆلهام يەنە سۇغا سەكرىدى، يەنە... يەنە... ئۆلهام ئۇ-
چىنچى بالىنى قىرغاقتا ئېلىپ چىققاندا ھالىدىن كەتتى. كۆل بو-
يىنى يىغا- زار قاپلىدى.»(137- بەت) مانا بۇ ھەرىكەت تەسۋى-
رىدە ئۆلهامنىڭ قەيسەر، باتۇرلۇقى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى
خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

«— ئۆلهام، بۇ قېتىم سەن مۇسابىقىنىڭ قانداق بولىدىغان-
لىقىنى كۆرۈپ باقساڭلا بولىدى. شۇڭا، بەك كۈچەپ كەتمە، —
دېدى مۇئەللىم.

— ياق، مۇئەللىم، — دېدى ئۆلهام ئويلىمىغاندا كەسكىنلىك
بىلەن، — مەن نەتىجىگە ئېرىشمەي قويمايمەن.»(«باللىقتا
سوئال كۆپ» رومانى 21- بەت) بۇ يەردە ئۆلهامنىڭ قەتئىي،
كەسكىن، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغان قەيسەر
خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن.

بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئوبيېكتلىرى بولغان بالىلار ساددا،
سەبىي، ساختىلىق ۋە ياسالمىلىقتىن خالىي. يەنە بىر تەرەپتىن
ئۇلارنىڭ تونۇش، چۈشەنچىلىرى كونكرېت ۋە ئوبيېكتىپ بول-
غانلىقتىن، ئۇلار ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ چىن، ھەققىي ھەم تەبىئىي
بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدى-
كى ۋەقەلەر چىن، ھەققىي بولۇشى، ھەر بىر تەپسىلات، ھەر
بىر سۆز، ھەر بىر دېتالغىچە تۇرمۇش پاكىتلىرىغا ئۇيغۇن بولۇ-
شى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا قىزىقارلىق، يېقىملىقلىقى، رەڭدار ۋە
جەلپكارلىقى بىلەن كىچىك ئوقۇرمەنلەرنى مەھلىيا قىلىپ،
ئۇلارغا ھەققىي ھۇزۇر بېغىشلىيالىشى كېرەك. چۈنكى، قىزىقار-
لىق ۋە يېقىملىق بولۇش ئەسەرنىڭ تەسىرى ۋە تەربىيەۋى
ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنچىكە كۆزىتىدىغان
بولساق، روماندىكى ھەربىر تۇرمۇش ۋەقەلىكى، يەنى ئۆلهام-
نىڭ سىنىپى ھەم مەكتەپ سىرتىدىكى ھەربىر ئىش- ھەرىكىتى،
گەپ- سۆزلىرى شۇنداق تەبىئىي. ئۆلهامنىڭ قويغا ئامراقلىقى،
دەرسلەرگە ئاستىدىن قىزىقىپ قېلىشى، كېيىن مەكتەپتىن ھەي-
دەلگەنلىكى، كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن بالىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ
قويۇش بەدىلىگە يەنە مەكتەپكە قايتىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە
بولۇشى ھەم بۇ جەرياندىكى ئۆلهامدىكى خىلمۇ-خىل ئۆزگىرىش-
لەر روماندا شۇنداق چىن ۋە ھەققىي ئىپادىلەنگەن بولۇپ، تو-
قۇلمىلاردىن خالىي. تېخىمۇ گەۋدىلىك تەرىپى شۇكى، روماندى-
كى ھەر بىر ئىش- ھەرىكەت، ھەر بىر ھېكايىدىن تەبىئىي
ھالدىلا بىر خىل كۈلكە، يۇمۇرلۇق تۈس پۇراپلا تۇرىدۇ.
ئاپتور رومانىنى «ساۋاقداشلار، باغقا بارايلى»، «جىمىرلايدۇ
يۇلتۇزلار»، «بالام، ئالدىڭغا قارا» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا
بۆلۈپ يازغان بولۇپ، ھەربىر قىسىم ئىچىدە يەنە كىچىك-
كىچىك ماۋزۇلار ئاستىدىكى قىسقا ھېكايىلەر بار. يەنى، بىرىن-
چى قىسىمغا قارايدىغان بولساق: 1. كەپسىز ئۆلهام، 2. بالىلار
ئوقۇسۇن، 3. ياقۇپ مۇئەللىم، 4. ئۆتكۈر بالا، 5. چېمپىيون بو-
لالمىدى، لېكىن، چېمپىيون ئاتالدى، 6. ھەققىي چېمپىيون، 7-
مۇئەللىمنىڭ مۇكاپاتى... دېگەندەك ماۋزۇلار كۆزىمىزگە چېلى-
قىدۇ. مانا بۇ روماندىكى ئوبرازلىق، جانلىق ھەم چىن ھەرى-
كەت تەسۋىرلىرىدىن شەكىللەنگەن تارماق ھېكايىلەر بولۇپ،
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىلمۇ تۇرالايدۇ ھەم
دەسلەپكى ھېكايە بىلەن كېيىنكىسى تەبىئىي ھالدا بىر بىرىگە
زىچ باغلىنىپ، رومانىنىڭ بىر پۈتۈن سۇژېت لىنىيەسىنى ھاسىل
قىلىدۇ.

پىسخىك تەسۋىرى ئەسەر مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئە-
سەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان باش تېمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش،
ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە
كۆرۈنەرلىك رول ئوينايدۇ.

«باللىقتا سوئال كۆپ»تە پىسخىك دۇنيانىڭ جانلىق، ئوب-
رازلىق ھەم ھەققىي كارتىنىسى سۈرەتلەنگەن. بۇ ھال پېرسو-
ناژلار ئوبرازىنى كونكرېت، جانلىق، خاراكتېرىنى چىنلىققا ئىگە
قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مۇنداق تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەرگە
ئىگە بولغان پېرسوناژ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇ-
تۇپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرغان. چۈنكى، ئىچكى
دۇنياسى ياخشى يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە
ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى خۇددى شۇ پېرسوناژ
دۇچ كەلگەن قىسمەتكە ئۆزى يولۇققاندەك، شۇ پېرسوناژ ئۆ-
زىنىڭ يېقىن تونۇشىدەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن: «
مەكتەپ! — ئۆلهامنىڭ يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. بۇ يەردىن ھەر
باھانىلەر بىلەن ئۆتمىگىلى ئون كۈندىن ئېشىپتۇ. ئۆلهام دەرۋازا
ئالدىدا توختاپ قالدى. دەرس ۋاقتى بولغاچقا مەيداندا ھېچكىم
يوق. ئۆلهام مەكتەپ ئىچىگە تويماي قاراپ كەتتى. ئەنە سىنى-
پى، بەلكى... بەلكى... ئۇنىڭ ئورنى شۇ تاپتا بوشتۇ؟ بەلكى
ئوسمان مۇئەللىم سوئال سوراپ ‹ئۆلهام!›دەپ تاشلىغاندۇ.
بەلكى ئەلى بىرەر قىيىن مەسىلىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن ئىختى-
يارسىز يېنىغا قارىغاندۇ؟ بەلكى... بەلكى... ئۆلهامنىڭ يۈرىكى
ئېچىشىپ كەتتى، كۆزىدە ياش لىغىرلىدى.» (153- ، 154-
بەتلەر) مانا بۇ ھەرىكەتلىك ھالەتتىكى پىسخىكا تەسۋىرى ئەل-

www.uyghurkitap.com

ھامىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشقا ھېرىسمەنلىكى، مەكتەپتىن، سىنىپىدىن ھەم ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ھېس-تۇيغۇسىنى جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

**4. ئاممىباب، قائىدىلىك بولۇشتىن شەكىللەنگەن تىل پاساھىتى**


باللار ئەدەبىياتى باللارغا خاس تىل سەنئىتى. باللار ئەدەبىياتى تىلىنىڭ ئاممىباب، قائىدىلىك، راۋان، ئوبرازلىق، يېنىك ۋە يېقىملىق، چۈشىنىشلىك ھەم مەندار بولۇشى-باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. رومانغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا باللار چۈشىنەلمىگىدەك، ئاڭقىرالمىغىدەك ھېچقانداق مۇجمەل ياكى ئابستىراكىت سۆز-جۈملىلەرنى ئۇچرىتالمايمىز. ئاپتور باللارنىڭ تىل، تەپەككۇر جەھەتتە تېخى ئاجىز، بىلىدىغان سۆزلىرىنىڭ نىسبەتەن ئاز بولۇشىدەك ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇنداقلا، رومانىي ئوقۇرمەنلەرنى بىر خىل چۈشىنىكسىزلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان زېرىكىشلىك تۇيغۇسىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن قائىدىلىك، يېقىملىق، ئاممىباب سۆز جۈملىلەرنى تاللاپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن: ماتېماتىكىدىن زېھىن سىناش باشلانغاندا، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماتېماتىكىلىق سوئاللار «دەرەختە بەش قۇشقاچ بولسا، ئوۋچى ئۇلاردىن بىرىنى ئېتىۋەتسە دەرەختە قانچە قۇشقاچ قالىدۇ؟» (27-بەت) دېگەندەك ئىنتايىن ساددا، ئېنىق سۆز-جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن. ئەگەر بۇلارنىڭ ئورنىدا كەسپىي ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەر، فورمۇلالار بېرىلگەن بولسا، شەكسىزكى بۇ نۇرغۇن باللارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارى ھەم قىزىقىشىغا ماسلاشالماي قالاتتى. بۇلاردىن باشقا روماندا ئاپتور ئابستىراكىت، مەۋھۇم بىلىملەرنى ئىمكان بار ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا ۋە باللارنىڭ دائىملىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە، ئوبرازلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

ئاپتور رومانغا يەنە «ساۋاقداشلار، ساۋاقداشلار،/ تاغقا بارايلى،/ چېپىپ يۈرۈپ دۆڭدىن دۆڭگە،/ خۇشال يايرايلى، ھۇررا!»(«باللىقتا سوئال كۆپ»رومانى، 39-بەت) دېگەندەك ئويۇن خاراكتېرلىكى يېنىك ھەم ئاددىي باللار قوشاقلىرىنىمۇ كىرگۈزۈپ، رومانىنىڭ لىرىكىلىق تۈسى ھەم بەدىئىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا روماندا ئوقۇرمەنلەرگە باللار ئۆزلىرى توقۇپ، ئۆزلىرى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەكلا تۇيغۇ بېرىدىغان قىزىقارلىق تۇرمۇش ھېكايىلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇ ھېكايىلەر باللار تۇرمۇشىغا يېقىنلىقى، ئاددىي، قىزىقارلىقلىقى،ئاغزاكى بايان ئۇسلۇبىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن باللارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ قەلب ئېتىزىغا تىرىشچانلىق، سەممىيلىك، باتۇرلۇق ھەم كۆيۈمچانلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

دېمەك، يازغۇچى ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆسمۈرلەر ۋە باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئاكتىپ ۋە چوڭقۇر تەسىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى، رولىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەۋلادلارغا بولغان چوڭقۇر مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى تونۇپ، ئۆزىمىزنىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ۋە ۋەتەننىڭ كەلگۈسىدىكى ئۈمىدى بولغان باللار ئۈچۈن «باللىقتا سوئال كۆپ» ناملىق باللار رومانىنى يېزىپ ۋە نەشردىن چىقىرىپ، يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدىكى باللار رومانچىلىقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.

(ئاپتور قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى)





# ئادىلجان تۇنيازنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى

(شائىرنىڭ «تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تەشكىللىگەن قەلەمكەشلەر يىغىلىشىدا سۆزلىگەن لېكسىيەسىدىن ئۈزۈندە)

شېئىردا شائىر مەلۇم بىر پىكىرنى، مەقسەتنى ئىپادىلەپ شۇنىڭدىن نەتىجىگە ئېرىشەلىسە، شۇ شائىرنىڭ پاساھەت بالاغىتىنىڭ كامالىتى. شېئىر ئوقۇغاندا مەيلى چۈشىنىڭلار ياكى چۈشەنمەڭلار ئۇنى شۇ بويىچە ئوقۇساڭلار، ئەجەب بۇ شېئىردا ماۋۇ سۆزنى بۇ يەرگە ئىشلىتىپتىغۇ، دەپ ئويلىغىنىڭلارنىڭ ئۆزى كاللاڭلارنىڭ يەنىلا تەپەككۇر ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

شېئىر – تەپەككۇرنىڭ بىلەي تېشى، شېئىر بىر تىلنىڭ قايمىقى. شۇڭا، ئانا تىلنىڭ قايمىقىنى بالاڭلارغا يېگۈزۈپ قويۇڭلار. بالىلىرىڭلاردا شېئىر ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈڭلار، بالىلىرىڭلارغا شېئىر توپلاملىرىنى ئېلىپ بېرىڭلار. مۇشۇنداق بولغاندا باللار بىر تەرەپتىن ئانا تىلغا پىشىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تەپەككۇرى ئېچىلىپ نېمىنى تەپەككۇر قىلسا شۇنى قىلالايدىغان بىر يارامىلىق پەرزەنت بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئادەم قورساق ئاچقاندا نان يەيدۇ، شېئىر ئوقۇشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، يەنى، شېئىر تەپەككۇر قەھەتچىلىكىگە بېرىلىدىغان نان، ئادەم مەنىۋى قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن شېئىر ئوقۇيدۇ. ئىسرائىلىيەنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك زۇڭلىسى رابىنمۇ ھەر كۈنى ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق شائىرى مەھمۇد دەرۋىشنىڭ بىر پارچە شېئىرىنى ئوقۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مەھمۇد دەرۋىش ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ كاتتا شائىرى، ئۇ بەدىئىيلىك بىلەن سىياسىيۋىيلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازالىغان.

شائىر قانداق ئادەم دېگەندە، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، شائىر – مۇناسىۋەت تورلىرىنىڭ سىرتىدىكى، ئادەم كۆزى چۈشمەيدىغان بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىكى تىل تورلىرىدىن شېئىر توقۇۋاتقان بىر تەنھا ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇ. ئۇ قانداقتۇر قەغەز ئايروپىلانلارغا چىقىپ غارقىراپ ئۇچۇپ كەتمەيدۇ، زامانىڭ كەينىدىن ھەدەپ يۈگۈرۈپ كەتمەيدۇ، كىشىلەر توپىدا كېتىۋاتقان، توپنىڭ سىرتىدىكى بىر ئادەم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ جەمئىيەتنى سىرتتىن كۆزەتكۈچى بىر تەنھا ئادەم. شۇڭا، شائىرلار ياكى شېئىرغا ھەۋەس قىلىدىغانلار مەن چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتەلمىدىم، دەپ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق. ھەممە نەرسە ئۆلچەملىشىپ كەتكەن، قېلىپلاشقان جەمئىيەتكە نىسبەتەن شائىر زامانغا ئەگىشىپ بولالمايدىغان بىر ئاز كالامپايراق ئادەم. شائىر- بىر ئاشىق، يەنى ئەدەبىياتنىڭ ئاشىقى. شائىرنىڭ خىيال-مەقسىتى قىلىۋاتقان ئىشىدا ئەمەس، بەلكى شېئىردا. شائىر بىر ئىشنى پۈتۈن زېھنىنى بېرىپ قىلىپ بولالمايدۇ، شائىرنىڭ كېچىلىرىنى شېئىر تارتىۋالىدۇ. كۈندۈزى يەنە بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا ئۇنى يەنە شېئىر باشلاپ كېتىدۇ. ئەمدى مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن باشقىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئويغىتىدىغان، تەپەككۇر يوللىرىنى ئېچىشقا ئۈگىتىدىغان كىشىلەر ئىنتايىن زۆرۈر. شائىر قارىماققا بىر ئارتۇقچە ئادەمدەك قىلغان بىلەن ھەرگىز ئارتۇقچە ئەمەس. شېئىر توپلاملىرى كىتابخانىلاردا توپا بېسىپ تۇرغان كىتابتەك قىلغان بىلەن ئۇ جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئىنتايىن ئېھتىياجلىق نەرسە. شۇڭا، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆيىدە بىردىن شېئىر توپلىمى بولسۇن، سىلەر مەيلى قايسى ساھەدىن بولۇڭلار ھەركۈنى بىر پارچىدىن شېئىر ئوقۇپ بېرىڭ-


لار. شېئىر يازىدىغانلار، شېئىرغا ھەۋەس قىلىدىغانلار مېنى پات - پات ئىزدەپ كېلىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەندە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر بالا مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئادىل ئاكا، شېئىرنى قانداق يازىمىز؟ دېۋىدى، مەن، شېئىرنى كارىۋاتتا يازىمىز ئۇكام، دېدىم. ئادەتتە، مەن شېئىرنى يېتىپ تۇرۇپ يازىمەن. سىرتتا بىر نەرسە كاللامغا تەسىر قىلغان بولسا، دەرھال ئۆيگە ئالدىرايمەن-دە، كارىۋاتتا دومىلاپ تۇرۇپ يېزىپ كېتىمەن. شائىرلىق سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىپ قويۇشى كېرەك، ئاددىيسى، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پاشا-چۈنىلەرمۇ سىزنى ھاياجانلاندۇرىدىغان بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ بەش سەزگۈ ئەزايىڭىزنىڭ ھەممىسى تىلىڭىزغا توپلىنىشى كېرەك، تىلىڭىزغا ئەگەشسىڭىز سىز شائىرلىق يولىغا كىرگەن بولىسىز، يەنى، شائىر دېگەن ئالدى بىلەن سۆزگە ئەگىشىدۇ. مەن دائىم`بىز بىلەن دەۋرداش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ تۇرىمەن، بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرىدىكى پىكىر ھەقىقەتەن ياخشى، لېكىن، ئىچكىردىلەپ ئوقۇساق ئۇ بىر تەرجىمە شېئىردەك تەسىر بېرىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر تىلنىڭ مۇزىكىسى بولىدۇ، قاپىيەسى بولىدۇ. بىز ئۇنى ئوقۇغاندا شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلەلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ پىكرى قانچىلىك ئېسىل بولۇپ كەتسۇن، ئۇ شېئىرنى ئوقۇغان ھەربىر ئوقۇرمەن ئۇ شېئىرنىڭ مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ ماڭالايدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇنى خۇددى باشقا بىر تىلدىن تەرجىمە قىلىپ كەلگەندەك ئېسىل، دەبدەبىلىك سۆزلەر بىلەن يۆگەپ قويساق تازا ياخشى بولماسمىكىن دەيمەن. شۇڭا، شېئىر يازىدىغانلار ئۇچۇن شېئىردا ئىپادىلەش بەك مۇھىم نەرسە. شېئىرنىڭ مەقسىتىنى مەن ئىپادىلەش، دەيمەن. كۆرگىنىڭىزنى ئەڭ ياخشى ھالەتتە ئىپادىلىسىڭىز لا بولىدى. مېنىڭ «گۈزەل ئەخلەتخانا» ناملىق شېئىرىمدىمۇ ئىپادىلىگىنىم نېمە دېگەندە، تېنچ بىر جەمئىيەتتە ئۇرغۇپ تۇرغان بىر كۈچنى يازدىم. دېمەك، شائىر شېئىردا مەقسىتىنى ئىپادىلەپ بەرسىلا بولىدۇ.

شائىر ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. نېمىشقا ئۆگىنىمىز دېگەندە، بىزگە ئىلھام مەنبەسى بولۇشى كېرەك، ئىلھام مەنبەسىنى تۇرمۇشتىن ئالىمىز. بەزىلەر دەيدۇ: يازىدىغان نەرسىلەر قالمايۋاتىدۇ، دەپ. مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس، مەن ھەر نەرسىنى كۆرسەم ھەرقاچان ۋاقتىم بولسىلا يازىمەن. شېئىرلار ئۆچرەت بولۇپ مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بىزگە نىسبەتەن ھەممە نەرسە بىزنىڭ ئىلھام مەنبەيىمىز بولالايدۇ. مېنىڭچە، تۇرمۇش ئۆگىنىمىز دېگەن قۇرۇق گەپ. سىزنىڭ كۆرگەن-تۇتقان نەرسىلىرىڭىز، كوچىلاردىكى ماشىنىلارنىڭ ئاۋازىمۇ سىزگە ئىلھام-ئۇچۇر بېرەلەيدۇ. سەزگۈ ئەزالىرىڭىز توغرا يەتكۈزۈپ بېرەلىسە، سىز ئۇنى توغرا خاتىرىلىيەلىسىڭىز ئاشۇنىڭ ئۆزى بىر شېئىر. مەسىلەن: مەن تۆت كۈننىڭ ئالدىدا كىتابخانا ئاچىدىغانغا بىر دۇكان ئىجارە ئېلىپ، توختام تۈزۈشتۈم. توختام تۈزۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، كەچكىچە ھاياجانلىنىپ «دۇكان ئىجارە ئېلىش توختامى» دەيدىغان بىر پارچە شېئىر يازدىم. دېمەك، شېئىرنىڭ ئىلھام مەنبەسى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى شۇ، ئەمما، شائىر ئۆگەنمىسە ئاشۇنى جايىدا ئىپادىلىيەلمەيدۇ. يەنى ياغاچ ئۆلچەملىك بولسىمۇ، لېكىن، ياغاچچى ھۈنەردە چالا بولسا ياغاچنى كېرەكتىن چىقىرىپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن شائىر توختىماي ئۆگىنىشى كېرەك. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا مەن چەت ئەل تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان بارلىق شېئىر توپلاملىرىنى ئوقۇپ بولغان ئىدىم. كېيىنچە خىزمەتكە چىقىپ قارىسام، شېئىر توپلاملىرى مېنىڭ ئېھتىياجىمنى قاندۇرالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. ھازىر ئىنگلىز تىلىدىكى شېئىرلارنى ئوقۇيمەن، دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدىكى شائىرنىڭ قانداق ئۇسلۇبتا شېئىر يازىدىغانلىقىنى تولۇق دەپ بېرەلەيمەن، ئۇلارنىڭ شېئىرنى قانداق يازىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. باشقىلارنىڭ شېئىرىنى ئوقۇش، چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شېئىر يېزىشتىكى ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. تۇرمۇش ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشى، بىزدە شائىرلىق ھۈنىرى بولغاچقا ئۇنى ياغاچلارنى جايىدا كەلتۈرۈپ ئورۇندۇقنى ياسىغاندەك چىرايلىق ياسىۋەتسەكلا بولىدۇ. شۇڭا، شائىردا تېنىمسىز ئۆگىنىش روھى بولۇشى كېرەك.

(قەلەمگە ئالغۇچى ئابدۇخالىق ئابلىمت تۇرپان خەلق رادىيو ئىستانسىسىدا)

ئەيساجان تۇردى ئاچچىق


# نەقەدەر ئازابلىق ئۆزىنى ئىزدەش



- پىروفېسسور، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى، ئەدىب ئابدۇقادىر جالالىدىن ئەپەندىگە ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن

1

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىدىن بەكمۇ سۆيۈنەتتى ھەم ئۆز ئىسمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىزدىنەتتى... چۈنكى، شەرق ئىقلىمىغا داڭلىق مۇتەپەككۇرلاردىن «ئابدۇقادىر بېدىل» بىلەن «جالالىدىن رومىي» نىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بۇ كاتتا ئىسمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس



ئىدى...

ئۇ تۇيۇقسىز بىر بايقاشقا ئېرىشتى. ئۇ دەل ئۆزىنىڭ ئۆزىگە ئوخشىماي قالغىنىنى بايقاپ قالغان ئىدى.

2

**ئانەش تۇيغۇلار**

ئابدۇقادىر بالكونغا چىقىپ، ئاپتىپىدىن سوغۇقى كۆپ ئۇرۇمچىنىڭ دېرىزىسىدىن مۇڭ باسقان يۇرتى بەشكېرەمگە قاراۋاتاتتى. كىم بىلسۇن، بەشكېرەممۇ ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە نازاكەت بىلەن كۆرۈنۈۋاتاتتى. چۈنكى، بەشكېرەممۇ زامان تەرەققىياتلىرى تەقدىم قىلغان ئۇپا-ئەڭلىكلەرنى يۈز-كۆزىگە تولىمۇ يارىشىمسىز سۈركىۋالغان ئىدى. كوچىلاردا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستلىرى كۆرۈنمەيتتى. ئانارلىق باغلارمۇ سورتىنى ئۆزگەرتىۋاتقان بولۇپ كۆزىگە غەلىتە تۇيۇلۇۋاتاتتى.

3

بىردىنلا رەھمەتلىك دادىسى جالالىدىن قارى ۋە مەرھۇمە ئانىسى شەرۋانىخاننى ئەسلەپ قالدى. يەنە مەھەللىسىدىكى نۇرغۇن خىزىر سۈپەت بوۋايلار ۋە پەرىشتە سۈپەت مومايلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەر، ھېكمەتلەر، قىسسىلەر، داستانلار ئۇنى يىراق ئۆتمۈشكە باشلاپ كەتتى...

4

ئۇ يۇلتۇزسىز ئاسمانغا قارايتتى، ئاسمانغا تۈۋرۈك بولغىدەك بىنالارنىڭ ئۆزىگە قانداق تۇيغۇدا بولۇۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا ئايان بولۇپ قالغان ئىدى. بارغانسېرى كەچ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ باش-ئايىغى يوق خىياللار توردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يوتقانغا چىڭ ئورۇنۇپ ئۇخلىماقچى بولۇپ كارىۋاتقا چىقىۋىدى، كارىۋات ئۇنىڭغا ناتونۇشتەكلا تۇيۇلدى. ئۇ كارىۋاتقا بىر نەچچە جۈملە گەپ قىلماقچى بولۇپ ئېغىزىنى ئېچىۋىدى، كارىۋات قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالدى. ۋاقىت رېزىنكىدەك كېچە قوينىغا سوزۇلماقتا... ئۇ شۇ تاپتا رەھمەتلىك دادىسىنىڭ «ئۇيقۇڭنى ئاچ، ئۇيقۇ دېگەن ئۆلۈمدۇر» دېگەن تەۋەررۇك سۆزىنى ئېسىگە ئالدى.

5

تۇرمۇش غەملىرىدىن چارچىغان جەملە خانىم، تاپشۇرۇقلار دۇنياسىدا ھارغان بابۇر ۋە بۇلبۇلناز ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئۇ قولىغا تېلېفوننى ئېلىپ بىر نەچچە دوستى بىلەن ئەھۋال-

لاشماقچى بولدى... يېرىم كېچىدە ھېچكىم تېلېفوننى ئالمىدى. ئۇ خىيالەن 19 ـ ئەسىردىكى چېخوف قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان ئىئونا بوۋاي بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى. ئىئونا بوۋاي ھەقىقەتەن شۇنداق قىلغان، دەردىنى تۆككىلى ئادەم تاپالماي يېرىم كېچىدە قوتانغا كىرىپ ئۇرۇقلاپ كەتكەن قاراتۇل ئېتىغا دەردىنى تۆككەن ئىدى. بىراق، ھازىر ئابدۇقادىرنىڭ ئېتىمۇ يوق ئىدى، ئېشىكى بولسىمۇ كاشكى... قىزىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بولسا ئۇنىڭغا تولىمۇ يات ئىدى.

6

ئۇنىڭ سوئاللىرى جاۋابسىز قالماقتا... شەھەر ئۇنىڭغا شۇنداق بىپەرۋا ھەم سوغۇق مۇئامىلە قىلماقتا... ئۇ تىلسىز كېچە بىلەن سىرداشماقتا... ئۇ قاراڭغۇ كېچە قوينىغا بارغانچە چوڭقۇرلاپ كىرمەسە بولمايتتى. چۈنكى، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن ئۆتمەي تۇرۇپ يورۇقلۇققا يېتىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقتىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى بىلىپ بولغان ئىدى.

7

قاراڭغۇ كېچە ئۇنىڭغا ئاز بولمىغان ھېكمەتلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ بىلگەنلىرى كۆپەيگەنسېرى، بىلمەيدىغانلىرىمۇ ھەسسىلەپ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇ ماڭماقچى بولغان يوللار ھەم جاۋاب تاپماقچى بولغان سوئاللار بىر ـ بىرىنى تۇغماقتا. بىر قۇش ئۇنىڭ يوقسۇل يۈرىكىنى تىنىمسىز چوقۇماقتا، ئاللىكىملەر ئۇنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس نوقۇماقتا. شۇنداقتىمۇ ئۇ نېسۋە ئىزدەش كويىدا يېڭى بىر شېئىر ۋە يېڭى بىر دۇنيانى توقۇماقتا...

8

ئۇ ھەقىقەتەن ئۇيقۇسىز، ئۇيقۇسىزلىقمۇ بىر كېسەل ئىدى. بۇنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ تاڭ سەھەر دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرەر ئۇچۇرغا ئېرىشمەكچى بولدى. دوختۇر ئۇنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپلا «بۇ روھى كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئەمەس» دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ كارىدوردا «مەن كېسەلمۇ؟ ياكى دوختۇرمۇ؟» دېگىنىچە غەمكىن تۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ، بىرەر بوتۇلكا سۈيۈقلۇق ئېسىپ قويغانغا ياكى چېكىسىگە كۆك رەڭلىك يود سۈرتۈپ قويغانغا ئۇنىڭ كېسىلى ساقايمايتتى...

9

ئاخىرى دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرى بولدى. ئىشىك باقار ئۇنى تونۇمىغاچقا سوغۇق نەزەردە قاراپ قويدى. يولدا كېتىۋېتىپ قەبرىستانلىق ئېتىدىن كەچتى ـ دە، ئۆزىنىڭ قەبرىستانلىقتا قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر ئايرىم ـ ئايرىم دۇنيادەك تۇيۇلۇپ ئۇنى سېھىرلەشكە باشلىدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ دادىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى تاپالمىدى. ئۇ بۇ قېتىم ھەقىقەتەن باشقا بىر قەبرىستانلىقتا كەپقالغان ئىدى. دادىسىنىڭ قەبرىسىنى تېپىۋالغان بولسا قەبرە ئىچىگە كىرىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى... ئۇ دۇنيادا قانداق شەكىلدىكى تېلېفون، قانداق نومۇر ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدە خىيال سۈرۈشكە تەمشەلدى. بىراق، ئۇزاققا بارمايلا بۇ خىيالنى سۈرۈشتىن ۋاز كەچتى بولغاي... ئېغىر ـ ئېغىر قەدەم ئېلىپ قەبرىستانلىقتىن ئايرىلدى. يېرىم يولغا كەلگەندە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلمىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ ئاللىكىملەرنىڭدۇ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ قېتىمقىدەك ئۇزۇن دۇئا قىلىپ باقمىغان ئىدى. بىراق، ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندە شەيتان ئۇنى كۈلدۈرۈۋەتتى...

10

ئۇ تاغ باغرىغا كېلىپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. تاغلارمۇ قەبرىلەردەك جىمجىت ھەم سۈرلۈك ئىدى. ئەمما، تاغلاردىكى يۈكسەكلىك ئۇنىڭغا يېڭىچە ئۈمىد بېغىشلىغاندەك قىلاتتى. ئاخىرى ئۇ غەيرەتكە كېلىپ «مەن كىم؟» دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋاقىرىغان ئىدى. تاغلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن «مەن كىم؟» دېگەن سادا بىر ـ بىرىگە ئۇلىشىپ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلىپ «بەلكىم بۇ تاغلارمۇ ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتقان مەندەك بىچارە ئوخشايدۇ» دەپ جىمىپ كەتتى...

11

ئۇ بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇردى. قارىماققا ئۇ تاش بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بۇ يىگىت قولىدا كىتابى بولمىغاچقا تاغلارغا سىنچىلاپ قاراپ تاشلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسە تاش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تاش بىلەن ھەممە نەرسىلەرنى سېلىشتۇراتتى. ئەڭ ئاخىرىدا تاش بىلەن ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى سېلىشتۇرۇپ باقماقچى بولۇپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش تاشتىن بىرنىمۇ تاپالماي ئەپسۇسلاندى...

12

شۇنداقتىمۇ تاش ئۇنى نائۈمىد قويمىدى. بوۋىسىنىڭ بوۋىلىرى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان، تىرىكچىلىك ئۆتەڭلىرىدە ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان ئاز بولمىغان تاشقاتمىلار ھەققىدە ئۇچۇر بەردى. بىراق، بۇنى تېخىمۇ ئىنچىكە چۈشىنىش ئۈچۈن كاللىسىغا قۇلۇپ سېلىنمىغان تارىخچى بوۋاينى تېپىش كېرەك ئىدى.





www.uyghurkitap.com

13

ئاخىرى شەھەرگە قايتىپ كىرىپ «تارىخ دۆكانلىرى»نى ئارىلاشقا باشلىدى. كىم بىلسۇن؟ ھەممىلا يەردە «تارىخچى» بىلەن «گىرىمچى» ئۆلپەت بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ «ئەتە ئەۋرىشكەم موزىبخانىلارغا خاتا تىزىلىپ قالارمۇ؟» دېگەن غەمگە پېتىپ قالدى.

14

ئۇ بىر نەچچە يېقىن دوستلىرىغا ئۆزىدىكى غەلىتە سېزىمنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى. بىرسىنىڭ ئۆيى ئىجارىگە بېرىلىپ بۇ شەھەردىن كۆچۈپ كېتىپتۇ. بىرسى ئەسلىدىكى ئۆيىنى سېتىۋېتىپ ھاراقخانىغا يېقىنراق بىر جايدىن ئۆي ئېلىپ كۆچۈپ كېتىپتۇ. يەنە بىرسىنى بولسا ئايالى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ... ئاخىرى ئۇ مۇستەقىل مەيدانى يوق، كىم نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان بىر تونۇشىنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالدى-دە، شۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

15

— سەن كىم؟

— چاقچاق قىلمىغىنە، مەن دېگەن مەن شۇ! «ماقۇلەك» ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا، مەن كىم؟

— ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ سەن دېگەن سەن! «ئابدۇقادىر» ئەمەسمۇ؟

— راست گەپ قىلسام يېقىندىن بۇيان ئۆزۈمدىن گۇمانلىنىپلا يۈرىمەن، چوقۇم مەن «مەن» ئەمەس.

— سەن ئۆزۈڭگىلا ئوخشايسەن، ساڭا ھېچكىم ئوخشىمايدۇ. سېنىڭ نامىڭنى بىرەرسى ئىجارىگە ئېلىۋالمىغاندۇ؟

— مېنى كىم ئىجارىگە ئالاتتى. مەندە ئىجارىگە ئالغۇدەك نېمە بار دەيسەن؟

— ۋاي، سەن دېگەن داڭلىق يازغۇچى تۇرساڭ؟!

— ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى يازغۇچى. يازمايدىغان كىم بار دەيسەن؟ ئەمەلىيەتتە، سېنىڭ يازغىنىڭ مېنىڭ يازغىنىمدىن كۆپىقۇ؟ سېنىڭ بىرەر قېتىملىق ئىمزايىڭ مېنىڭ كىتابىمدىن قىممەتلىك بولسا كېرەك...

— ئىككىمىزنىڭ ئىمزاسى ئوخشىمايدۇ. سەن بولساڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاق قەلبىگە ئىمزا قويىسەن، مەن بولسام باشقىچە، تېخى ساڭا ئوقۇرمەنلەر پۇل بەرمەيدىغۇ دەيمەن.

— سەن نەلەردىكى گەپلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن؟ ماڭا پۇل كېرەك ئەمەس، سەندىمۇ ھەم مەندىمۇ يوق بىر نەرسە كېرەك!

— مېنىڭ ھەممە نەرسەم تولۇق. مېنىڭ مۇشۇ تاتلىق ئېغىزىملا بولىدىكەن ھەرقانداق نەرسىگە ئېرىشەمەي قالمايمەن.

— سەن نېمە دېگەن قابىلىيەتلىك. ئۇنداقتا، سەن ماڭا «كىم ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ بەر»، «ئۆزۈمنى تېپىپ بەرگىن» بولامدۇ؟

— ھە چۈشەندىم، ساڭا يەنە بىر كىملىك كېرەككەن-دە! 50 يۈەن پۇل چىقار، مەن يەنە بىرنى ياساتىپ بېرەي، رەسىمخانىلارغا بارساڭلا سېنى باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ...

— سەن پەقەتلا چۈشەنمىدىڭ، ئەگەر شۇنداق قىلسام ئەتە بالام مېنى تاپالامسىچۇ؟

— سەن ئەجدادلىرىڭنى تونۇمسەن؟ مەن بوۋامنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيمەن. ئىسمىنى بىلسەممۇ نېمە پايدىسى... سېنىڭ ماڭا ئاشىق قەبرىستانلىقتىن كەلمەيدىغاندۇ؟

— سەن تولىمۇ چاكىنىلىشىپ كەتتىڭ؟

— سېنىڭ چاكىنىلاشماي جان باققىنىڭنى كۆرەي!

— ھايۋانلارمۇ ئۆزىگە ئوخشايدىكەنغۇ؟

— ئۇ دېگەن ھايۋان تۇرسا؟!

— سەن ئۆزۈڭگە ئوخشايدىكەنسەن-دە!

— مەندە بۇنداق خىيالمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ئۆزۈمگە ئوخشىمىغانسېرى كۆڭلىرىم ياخشىلىنىۋاتسا... پەرۋايىم پەلەك...

— بىراق، مەن ئۆزۈمنى تېپىشىم كېرەك؟

— ئەي بىچارە! «ئۆزىنى ئىزدەش» دېگەن ئۇقۇمنى مەن قوبۇل قىلالمايمەن. بۇ بىر ئاۋارىچىلىققۇ؟ ئۆزۈڭنى تېپىپ نېمە قىلارسەن؟

16

«ماقۇلەك» ئۇنى ھەققەتەن تېرىكتۈردى. كۆڭلىدە «ماقۇلەك»كە ھەم نەپرەتلەندى ھەم ھېسداشلىق قىلغۇسى كەلدى. «ماقۇلەك» بولسا نېمە خىيالدا بولدى؟ ئۇ ئابدۇقادىرغا تولىمۇ ئېنىق بولغاچقا قايتىپ كەلگۈچە «ئۇنى قوتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك، قوتۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك...» دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى تولىمۇ مىسكىن ئىدى. بىراق، بىر يېشىل نۇر ھامان ئۇنى يېتەكلەۋاتقاندەك ئۆز-ئۆزىچە جانلىنىپ قالاتتى.

17

ئۇ ئۆزىنى چۈشەنمەيدىغان ئادەم چىقمايدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. روھى-ھالىتى ۋە قىسمەتلىرى ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كەشىلەرنىڭ كۆپلىكىگە ئىشىنەتتى. بىراق، ئاندىرسوننىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان، پادىشاھنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى ئەڭ بۇرۇن ئاش-

كارىلاپ قويغان ھېلىقى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھېلىگەر تىككۈچى ۋە رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمايۋاتقان زاماندىشلىرىنى يوق، دېيەلمەيتتى. خەتەرلىك يېرى ئۇ چاغدىكى تىككۈچىلەر پادىشاھنى ئالداشقا پېتىنغان، باشقىلار بولسا پادىشاھنىڭ يالىڭاچ كوچىغا چىققانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ «ئالىيلىرى كىيىملىرى بەكمۇ يارىشىپتۇ...» دېيىشىپ ھەق سۆزلەشتىن ئورتاق ھالدا ۋاز كەچكەن. بىراق، بەزىلەرچۇ؟ ئۇۋەتتە، ئۆزىنىڭ «يالىڭاچ» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتىدۇ. ھازىرقى ئانىلار بالىلارنى «ئەقىل» بىلەن قوشۇپ تەك تۇغامدىكىن تاڭ؟ بالىلار تۇغۇلۇپلا «تادان ھەم جان باقتى» بولۇپ كېتىشتى. كىچىك بالىلار «كىچىك بالا» بولغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى... ئۇ بۇ خىياللارنى سۈرۈۋېتىپ ئەتراپقا قارىدى. بىراق، كوچىلاردا پادىشاھ يوق، ئۇ پەس ئاۋازدا «ھەممەسىنىڭ ئۇچىسىدا ئوخشاشلا كىيىم بار ئىكەن» دەپ سالدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان، بىر قىز سىنتۇۋېتىپ «بۇ ئادەم ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ غودۇڭشىپ، كۆز غازاڭلىرىدەك لەيلەپ يۈرگەن ئابدۇقادىرنى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى... ئابدۇقادىر ئۇ قىزنى كۆرۈپلا «بۇ قىزنىڭ يېرىمى يالىڭاچ ئىكەن» دەپ ۋارقىرىدى... بىراق، بۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى.

18

بىراق ئۇ ئۆزىنى ئىزدەش ئىرادىسىدىن ۋاز كېچىدىغاندەك ئەمەس. تورخانىغا كىرىپ مائۇسنى بىر چېكىپلا «بەيدۇكام» بىلەن ئۇچرىشىپ «مەن ئۆزۈمنى تاپماقچى» دېۋىدى، «بەيدۇكام» شۇنداق خاتىرجەم ھالدا «مېنىڭ ئېكىنزارلىقىمدا پەقەت ئۆزۈڭدىن باشقا ھەممە نەرسىنى تاپالايسەن» دەپ قويۇپلا يېڭى مېھمان بىلەن بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ، شۇ ئەمەسمۇ بۇ يەردە ھەممە نەرسە بار ئىكەن. يەنە شۇ ئۆزى ۋە ئۆزىگە ئەزەلدىن تەئەللۇق بولغان ھېلىقى نەرسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى...

19

مەھەللىدىكى كىشىلەر بەزىدە ئۇنى ئەتەي گەپكە سالاتتى. جەمئىيەتنى باشقىچە نەزەردە كۆزىتىۋاتقان ئابدۇقادىر باشقىلارنىڭ غەرىزىنى بىلىپ تۇرۇپ، سەممىي قىياپەتتە ئۆزىنى ئىزدەش جەريانىدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى... بارا-بارا كىشىلەر ئۇنىڭ كەچمىشلىرىگە خۇمار بولۇپ قېلىشتى...

20

بىر كۈنى مەھەللىسىدىكى بىر كىچىك بالا ئۇنىڭ بىر قېتىملىق دەرسىنى ئاڭلاپلا «ئاكا سىز مەن ئىكەنسىز، مەن بولسام سىز ئىكەنمەن» دەپ سالدى. ئۇ شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتتى... ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ يېرىمىنى تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى ۋە ھېلىقى بالىنىڭ مەڭزىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ قويدى. بىراق، ئۇ ئۆزىنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ سىرغىپ چۈشكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

21

يەكشەنبە كۈنى مەھەللىدىكى بالىلار ئۇنى ئورىۋالدى ۋە مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك «ئاكا، سىز بىز ئىكەنسىز، بىز سىز ئىكەنمىز» دەپ چۇقان سېلىشتى. بۈگۈن بالىلار تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بالىلارنىڭ بىرسى «ئاكا، سىز بىزگە چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ» بولامدۇ؟ دەپ تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ تولىمۇ مەمنۇن بولغان ھالدا ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا «چۆچەك»نى باشلىدى.

22

ھەممىمىز ھاياتلىق سەپىرىمىزدە ئالدىراش كېتىۋاتىمىز، بەزىلەر چىغىر يولدا، بەزىلەر ئاسفالت يولدا، بەزىلەر تاغ يولدا، بەزىلەر سۇ يولدا، بەزىلەر ھاۋا يولدا... ئەلۋەتتە، ئۇلار ئىشلەتكەن قاتناش ۋاستىسىنىڭ ماركىسى ئوخشىمايدۇ! يەنە بەزىلەر ھېچقانداق ماركا چاپلانمىغان كونا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يول يۈرمەكتە، پىيادە يول يۈرىۋاتقانلارمۇ ئىنتايىن كۆپ. يەنە بەزىلەر ئىككى پۇتى بىلەن تىك ئۆرە تۇرۇپ يول يۈرۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان. ئايروپىلان مىنىۋالغان ئۇ ئەپەندىنىڭ بىر چاغلاردا بىرەر كونا ماشىنىسىمۇ يوق ئىدى! يىلدا بىر قېتىم كىچىك ماشىنا ئالماشتۇرىدىغان ئاۋۇ چىرايلىق خېنىمنىڭ تويى بولغاندا يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئات ھارۋىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ئىدى. ھەي، ئاۋۇ يەرنى قولى بىلەن تاتىلاپ، گۆشى قالمىغان ساغرىسىنى يەرگە سۈركەپ كېتىۋاتقان بىچارە بىر چاغلاردا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان كۆچتۈڭگۈر مەردانە يىگىت ئىدى. تولىمۇ ئەپسۇس، بىر قېتىم ئاۋۇ ھەشەمەتلىك داچىلاردا ئولتۇرۇۋاتقان ئاسمانغا تۆۋرۈك قىلسىمۇ چانمىغىدەك يوغىناپ كەتكەن خوجايىنغا ياردەم قىلمەن دەپ ئىككى پۇتىدىن ۋە مال-دۇنياسىدىن ئايرىلدى. شۇ چاغلاردا بۇ مەجروھنىڭ مەقستى ھازىر باشقىلارنىڭ كۆز-يېشى بەدىلىگە غوجايىن ئاتالغان بۇ كىشىنى قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. بىراق، بۇ غوجايىنىنىڭ مەقستى ئۇ مەردانە يىگىتنى بۇگۈنكىدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قالدۇرماقچى ئىدى... ئاخىرقى ھېسابتا تارىخ ھەر ئىككىسىنى مۇرادىغا يەتكۈزدى... بىراق، ۋاقىت قەلبىگە باشقىچە بىر ھېكمەتنى پۈتتۈۋالدى...

23

دۇنيادا ھەممە كېسەلنىڭ دورىسى بار. بىراق، بىز كۆپ ھالـ
لاردا دورىنى خاتا ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن. دورىنى بايقاش
ئۇ باشقا بىر سەنئەت. ھەممە نەرسىنىڭ كۇشەندىسى بار. ھايات
ئەڭ ھېلىگەر تۈلكە بولغىنى بىلەن، مامات ئەڭ ئۇستا ئوۋچىدۇر.
تەبىئەت ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە لايىھەلەنگەن كاتتا قۇرۇلۇش.
ئۇنىڭ خەرىتىسىنى ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ تېپىشى مۇمكىن
ئەمەس! بىزنىڭ بايقىغانلىرىمىز پەقەت ئۇنىڭ زەررىچىسى، پەقەت
ئۇنىڭ سايىسى، خالاس. كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر بىر يىپقا باغـ
لانغان، بىرەر شەيئىنى شەرت قىلماي تۇرۇپ يەككە-يېگانە
مەۋجۇت بولالايدىغان بىرمۇ شەيئى يارىتىلمىغان. بىر شەيئىنىڭ
رىزقى يەنە بىر شەيئىنىڭ ئالقىنىدا پاكىز ساقلانماقتا. پەقەت تەدـ
بىركار دۇنيا ئادەم بالىسىنى بۇ دۇنياغا بېشچىلاپ كەلتۈرگەن،
ئېلىپ كېتىدىغان چاغدا پۇتى ئەڭ ئاۋۋال، بېشى ئەڭ ئاخىرىدا
كىرىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا، ئەلۋەتتە، ھېكمەت بار، ئۇنىڭدا ئىنسان
بالىسىنىڭ يورۇقلۇققا ئىنتىلىش ۋە قانماسلىق مەسلىسى ناھايىتى
ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىشى ھاياتىغا ھامان بىر كۈنى چېكىت
قويۇلىدۇ، دۇنيادا تولۇق قانغان ئارزۇ بولمايدۇ. بۇ ھاياتنىڭ قىسـ
قىلىقى ۋە ئارزۇنىڭ تولۇق قانماسلىقى ھاياتنى قىزىقارلىققا ئىگە
قىلغان ھەم كىشىلەرنى ياشاشقا قىزىقتۇرغان. ئادەم ئاتا لايدىن ياـ
سىلىپ روھقا ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ بىر
نەرسىگە تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى ياراتقۇچىغا ئېيتىدۇ، ياراتقۇچى بۇ
خىل مۇھتاجلىقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن
بىر تال ئېلىپ ھەۋۋا ئانىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ھەۋۋا ئانا ئادەم ئاتىـ
نىڭ كۆزىدىن بالقىپ تۇرغان تەشنالىقنى بايقاپ «كەلمەمسەن
قېنى!» دەيدۇ، ئادەم ئاتا ھاياجىنىنى باسالماي قوغلايدۇ، ھەۋۋا
ئانا نازلىنىپ قاچىدۇ، ئاخىرى ئۇلار شىمالى مۇز ئوكياندا ئارام تېـ
پىشىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئەنجۇر يوپۇرماقلىرى ئۇلارنىڭ ھېلىقى يەرـ
لىرىگە يېپىنچا بولىدۇ. بۇ خىل تەشنالىق بىز ئىنسانلارنى ئاپىرىدە
قىلغان بولسا ئەنە شۇ ئەنجۈر يوپۇرماقلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنسانىـ
يەت تارىخىدىكى ئەخلاق ۋە ھايانىڭ باشلىنىش سىزىقى بولۇپ
قالغان...

ھەممە شەيئى مۇئەييەن بېسىم ئىچىدە مەۋجۇت بولماقتا.شۇڭا
ھەممە شەيئى مۇئەييەن تايىنىش كۈچىگە مۇھتاج. ئارخىمېد يېتەرـ
لىك تايىنىش نۇقتىسىغا ئېرىشۋالسا يەر شارىنى ئۆز ئوز ئورىتىسەـ
دىن قوزغىۋەتمەكچىمۇ بولغان. پەقەت ئاسمانلا تۈۋرۈكسىز يارىتىلـ
غان. پەقەت ئىيسا ئەلەيھىسسالاملا ئاتىسىز يارىتىلغان. شۇڭا، ئۇ
ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن. لوقمان ھېكىم ئۆزى يېتىشتۈرگەن شاگىرـ
تى تەرىپىدىن قەستلەنگەندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ،
2500 يىللىق ھاياتىمۇ قانماي، ئوغلىنى دەرھال دورا ئېلىپ كېلىشـ
كە بۇيرۇغان. پىرئەۋن 2000 يىللىق ھاياتىدا مىسىردەك شۇنچە
چوڭ مەملىكەتكە پادىشاھ بولۇپ تۇرۇپمۇ، ھوقۇقنى كىچىك
چاغلاپ خۇدادىن مەرتىۋە تالاشقان. يەتتە ئىقلىمنى بويسۇندۇرغان
ئىسكەندەر 47 يېشىدا تاۋۇت ئىچىدە بۇ دۇنيادىن قۇرۇق قول قايـ
تىدىغانلىق توغرىسىدا «ئوچۇق دەرس» ئۆتۈپ بەرگەن.
پۇشكىن، مۇزات، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مەمتىلى
ئەپەندى... قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ 40-باھارىنى كۆرۈشكىمۇ مۇـ
يەسسەر بولالمىغان بولسىمۇ، بۈگۈنگىچە ھۆرمەت بىلەن ئەسلەنـ
مەكتە. شۇنچە كەڭ موڭغۇل يايلاقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگۈچى
باتۇر چىڭگىزخان ئۆز يۇرتى ۋە مېھرىبان ئانىسىنى ئاخىرقى قېتىم
كۆرۈش ئارزۇيىغا يېتەلمەي يات ئەللەردە جېنىدىن ئايرىلغان. بۈـ
نىڭدىن 100 نەچچە يىل ئىلگىرى ھازىر يەر شارىدا ياشاۋاتقان 6
مىلياردتىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بىرىمىزمۇ يوق ئىدۇق. يەنە ئاز كەم
100 نەچچە يىلدىن كېيىن بەزىلىرىمىزنىڭ پەقەت سۆڭەكلا سېسىپ
كەتمەسلىكى مۇمكىن. ھەتتا، ھېلىلا تۇغۇلغان بەزى بوۋاقلار دۇنياـ
غا خاتا كېلىپ قالغاندەك، يەر شارىنىڭ ھېچقانداق ھېممىتىگە
ئېغىز تەككۈزمەستىنلا غىپپىدە قايتىپ كېتىشى ھەرگىز ئېھتىمالدىن
يىراق ئەمەس. دۇنيادا ياشاۋاتقان ھېچقانداق ئادەم خەتەر ۋە
ئۆلۈم تەھدىتىنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۆلۈم ئاخىرقى ھېسابتا ھېچـ
كىمنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۆلۈمدىن ئىبارەت داڭدار كۈتكۈچى
ھامان بىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھەر بىر يۇتۇم سۇ ئىچكەنـ
دە، ھەر بىر قېتىم نەپەس ئالغاندا ئۆلۈم ئالدىدا جاۋابكار ئىكەنلىـ
كىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

بۇ ھايات قەبرە ئۈستىدە بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان چېچەك. بۇ
دۇنيا يىغا ۋە كۈلكىدىن پۈتكەن بىر تەخسە غىزا. يەر شارىغا نۇرـ
غۇنلىغان تىللا چېچىۋېتىلگەن، بەزىلەر ئىنتايىن كۆپ تېرىۋېلىپمۇ
تويماي، تىللا ئىزدەش سەپىرىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئىنـ
تايىن ئاز تېرىپمۇ قانائەت قىلىپ ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ، يەنە
بەزىلەر بولسا بىر تالمۇ تىللا تاپالماي ئالەمدىن يانىدۇ. بەخت تۇيـ
غۇسى ئۇ باشقا بىر گەپ، قانائەت ئۇ باشقا بىر گەپ. قانداقلا
بولسۇن، ھەر كىم ئۆز ھاياتىنىڭ جاۋابكارى. ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى
بولغىنىغا ئوخشاش، يامانلىقنىڭ جازاسى بولىدۇ. دوزاخ بىلەن
جەننەت دەل شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان.

تارىخ يوقۇتۇش ۋە ئېرىشىش جەريانى بولسا كېرەك. بىراق،
سەن يېرىڭگە قوناق ئۇرۇقى چېچىپ، بۇغداي چۇشەۋاتىسەن! ئۇـ

ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com

رۇقۇڭنىڭ پۇچەكلىكىگە باقماي مۇنبەت تۇپراقلاردىن قاخشاۋاتى-
سەن! كىم سېنىڭ ئۇساڭنى بالدۇر تاۋلاشتۇرۇپ قويىدى؟ كىم
سېنىڭ ئارپاڭنى بالدۇر ئورۇۋېتەلەيدۇ؟ ئامەت دېگەن كۆكتىن
تامغان ئەمەس! يەردىن ئۈنگەن ئەمەس! ئۇ ئەسلىدە سېنىڭ ياد-
چۇقىڭدىمۇ بار ئىدى. بىراق، سەن ھە دېسىلا باشقىلارنىڭ يانچۇ-
قىنى كوچىلاش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆ-
زۈڭنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىپ بېقىشنى خالىماستىن چاپىنىڭنى قىمار-
دا ئۇتتۇرۇپ قويدۇڭ!

سەن تېخى نېمەڭ كەملىكىنى، نېمەڭنى يوقىتىپ قويغانلىقىڭنى
بىلمەيدىغان تۇرساڭ؟ موھتاجلىق دېگەن ئوقۇمنى چۈشىنەمسەن؟
سەن يوقىتىپ قويغان نەرسە ئەسلىدە «نان» ئەمەس، ناننى ئۇ-
لۇغلاشتەك گۈزەل روھ ئىدى. شۇڭا، سەن ھەممە نەرسىدىن گۇ-
مانلىنىسەن، ئەينەككە قاراشقىمۇ پېتىنالمايسەن؟

ھەممىمىز ئۆزىمىزنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇندۇق، گىرىمچىنىڭ خې-
رىدارى كۆپەيدى. قاپقارا قېشىڭ، قاپقارا چېچىڭ، قاپقارا كۆزۈڭ...
بىرلىشىپ ئاپپاق يۈزۈڭنى ۋە يۈرىكىڭنىمۇ قاپقارا قىلىۋەتكەن
تۇرسا يېشىل رەڭنى تەسەۋۋۇر قىلالامسەن؟ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ
مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك! ئۆيلەر يېقىنلاشتى، بىراق، قەلبلەر يى-
راقلاشتى. بەزىلەر تېشىدىن قىرىماقتا، بەزىلەر بولسا ئىچىدىن قىرد-
ماقتا. بۇ يەردە بۈگۈن ئاتا-بالا ئولتۇرىسىدىمۇ سودا توختامى تۈ-
زۈلۈپ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈلمەكتە. سالام-سائەتلەرنى-
مۇ پۇلغا سېتىۋېلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. قىزلار چىرايلىق سۆزلىمەي
تۇرۇپ يىگىتلەرگە گۈزەللىكىنى نامايان قىلالمايدۇ. يىگىتلەر دورا
يېمەي تۇرۇپ قىزلارغا خاتىرجەم تەلەپ قويالمايدۇ.

سەن يۈزۈڭگە گىرىم قىلدىڭ، ئۇ كۆزىگە گىرىم قىلدى، مەن
بولسام سۆزۈمگە گىرىم قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، بىز ھەممىمىز ئۆزىمىز-
نى ئىزدەش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان ئىدۇق. كىملىكىمىز ئوغرىلاند-
غان، قولىمىزدىكى پاسپورتمۇ يالغان. مەنزىلىمىز ئانچە يىراق
ئەمەس ئىدى، بىراق، يوللار تۇيۇقلاشتى... قىزىق يېرى شۇكى،
باشقىلارنىڭ بېلى ئاغرىيدۇ، چۈنكى، ئۇلار بىر-بىرىنى يېتىلەشتىن،
يۆلەشتىن باش تارتمايدۇ. بىزنىڭ كۆپ ھاللاردا چىشىمىز ئاغرىي-
دۇ، چۈنكى، بىز تاغلاردا ياۋاش پاقلانغا ئايلىنىپ كەتكىنىمىز بىلەن
ئۆزىمىزنىڭ بېغىدا ئەڭ غالجىر ئىتقا ئايلىنالايدىغان تۇرساق...
توغرا، شەيتان تائاملىرىمنى يېيەلەيدۇ، بىراق، غېمىمنى يېيەلمەيدۇ.
كىملىكنى يوقىتىپ قويغان كىشىنىڭ ھەممە نەرسىسى بولسىمۇ
ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يول يۈرۈشىمۇ خەتەرلىك، ياتاق-
لاردا قونۇشىمۇ ئەندىشە ئىچىدە بولىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇنىڭ
ئەۋرىشكىسىمۇ مۇزېيخانىلارغا خاتا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ تارىخي كەچ-
مىشلىرى قەلبى قۇلۇپلانغان دوختۇر يىگىت تەرىپىدىن تەتقىق قىلى-
نىدۇ. مەن كىملىكىمنى يوقىتىپ قويغان ئىدىم. مۇخبىر مېنىڭ دۆھ-
بەمگە ئېلان يازماقچى بولدى، بىراق، يېزىلغىنى تارىخ ئىكەن ئە-
مەسمۇ! رەسسام مېنىڭ قىياپىتىمنى سىزىپ چىقتى، بىراق، ماڭا ئوخ-
شىماپتۇ. چۈنكى، ھەقىقەت مېنىڭ دىلىمدا، ئۇنىڭ قولىدا ئىدى.
ھەممە مەندىن گۇمانلانماقتا، باشلىقىم بۇرۇتۇمدىن، ئاشنام خوتۇ-
نۇمدىن، خوتۇنۇم ئەرلىكىمدىن، شەيتان يەرلىكىمدىن، شاگىرتىم
ھىممىتىمدىن، دوستلىرىم قىممىتىمدىن، ئەجدادلىرىم قىسمىتىمدىن...
ئوخشاشلا گۇمانلانماقتا. تالاي گۈللەر ئېچىلدى توزۇدى، تالاي
پاختىلار ئېچىلدى سېتىلدى، ھەتتا، تالاي جەسەتلەر ئېچىلىپ مۇ-
زېيخانىلارغا قايتا تىزىلدى... بىراق، سىرىم ئېچىلمىدى، كۆزۈم
ئېچىلمىدى.

24

ئابدۇقادىرنىڭ ئۆزىگە بولغان ئاشىقلىقى بارغانچە پىشىپ يېتىل-
مەكتە... ئۇ ئۆزىنى تاپمىسا، بوۋىسىنىڭ روھى قورۇنىدىغانلىقىنى
ئوبدان بىلەتتى، ئەڭ مۇھىمى، ئوغلىنىڭ بەزى سوئاللىرى مەڭگۈ
جاۋابسىز قالاتتى... قىزىنىڭ كۆزلىرى قان بۇلىقىغا ئايلىنىپ قېلىشى-
دا شەك يوق ئىدى.

ئۇ «كىچىككىنە ماركو جېنىدا ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ
ئۆز ئانىسىنى ئاخىرى تاپقانغۇ؟ ئۇ ئىتالىيەلىك ئىدى، دېڭىز سەپى-
رى قىلدى، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن كەچۈردى. ئەمما،
بىر قېتىممۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئىرادىسىدىن ۋاز كەچمىدى، ئۇنىڭ
ئانىسى ئارگېنتىنادىن تېپىلدى... مەنمۇ دېڭىز سەپىرى قىلىشىم كې-
رەكمۇ؟ مەن، بەلكىم، ئارگېنتىنادا بولماسلىقىم مۇمكىن...» دېگەند-
ەك ئايىقى ئۈزۈلمەيدىغان خىياللار تورىغا كىرىپ قالدى.

ئۇ ئاۋۋال ياپونىيەگە چىقتى... ئەنگلىيەگە چىقتى... ئۇ
نۇرغۇن مۇساپىر باللار بىلەن يەنە نۇرغۇن ئالىملار بىلەن سىر-
داشتى... غادا كەرمى ئۇنىڭدا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرسا
كېرەك! چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىسمى ۋە جىنسىي ئوخشىمىغىنى بىلەن
روھى ۋە يولۇققان قىسمەتلىرى پەرقسىز ئىدى. غادا كەرمى بولسا
شەكلى ئۆزگەرگەن ئابدۇقادىر، ئابدۇقادىر بولسا ماھىيەتتە غادا
كەرمى ئىدى... غادا كەرمى، ئېھ! بىچارە ئايال، ئۇ ئۆزىنىڭ مە-
دەنىيەت ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن جايلارغا بېرىپتۇ... ھەر
خىل كىملىكلەرگە ئېرىشىپتۇ... زەن سېلىپ قارىسا يەنىلا ئۆزى
ئەمەس، ھەتتا، ئۆزى تۇغۇلغان پەلەستىنمۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋاپ-
تۇ... ئۆزى چوڭ بولغان مەھەللىگە باللىقىدا چېچىۋەتكەن شوخ



2015.2 TURPAN LITERATURE

كۆلكىلىرى ئاللىقاچان غايىب بولغان ئىكەن. ئۇ يەنىلا ئەنگلىيەگە قايتىپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئەنگلىيە ئۇنىڭغا «سەن سەن ئەمەس، كەچ كىرگىچە چوقۇم ئۆزۈڭنى تېپىۋېلىشىڭ زۆرۈر» دېگەن ئۇلتىماتومنى تاپشۇرغان تۇرسا...

ئابدۇقادىر تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىپ باقاتتى، تەگرى تېغىغا چىقىپ «مەن كىم؟ ئابدۇقادىر، سەن قەيەردە؟ ئەي دۇنيا، سەن مېنىڭ يۈرىكىمدە ئەمەسمۇ؟ نېمشقا سېنىڭ يۈرەكىڭدە مەن يوق؟» دەپ توۋلاپ باقاتتى... بۈيۈك تاغلارنىڭ باغرىدىن يۇلۇنۇپ چىققان ئاۋازلار تولىمۇ غەلىتە، تولىمۇ رىتىمسىز بولۇپ، ئۇنى تەمتىرىتىپ قوياتتى... بىراق، ئۇ ھەممىگە قوتاز كالدەك بەرداشلىق بەرمەسە بولمايتتى...

ئۇ قەدىمي كىتابلاردىن دەقيانۇس زامانىسىدىكى ئەسھابۇل كەھف غارىدا 309 يىل ئۇيقۇغا بەند قىلىنىپ، ئويغىنىپ مەھەللىسىنى تاپالمىغان، ئۆزىنى ئىسپاتلاشقا قادىر بولالمىغان بەش يىگىت بىلەن مۇنازىرە قىلىشتى... شەھەرگە ئوزۇق-تۈلۈككە كىرگەن يەملىخا ئابدۇقادىرغا بەزى بىشارەتلەرنى بەردى... ئۇ يەملىخادىن ئۆزى ھەققىدە يەنە بىر سوئال سورىماقچى ئىدى... ئۇ يەنە غارغا كىرىپ كەتتى، غار ئالدىغا كەلسە، غار ئېغىزى بىلىنگۈسىز ھالدا ئېتىۋېتىلىپتۇ ئەمەسمۇ! غار ئالدىدا ئۇنىڭ بارماقلىرى مىدىرلايتتى... ئۇنىڭ قىياپىتىدىن قىيىن بىر تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئىزدەۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى... بىر چاغدا ئۇ شۇنچە يەڭگىل ئاۋازدا، شۇنچە مىسكىن قىياپەتتە «مەن 618 يىل ئۇخلاپتىمەن....» دېدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى تاغدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى... ئابدۇقادىر تاغ-تاشلارنىڭ تىلىنى ئېنىق تەرجىمە قىلالمىسىمۇ، تاغ-تاشلار ھەققىدىكى تۇيغۇلارغا تولىمۇ باي بولغاچقا غار ئالدىدىكى بىر تال تاشنى ئاۋايلاپ يانچۇقىغا سالدى. ئۇ تاش ئۇنىڭغا تاشتىنمۇ قاتتىق بۇ رىئاللىق ھەققىدە نېمىلەرنى سۆزلەپ بېرەر... تاش تاش بولغاچقىلا باغرى قاتتىق بولماسلىقى مۇمكىن... تاشلارمۇ چوقۇم ئوخشاش بولمىغان تۇيغۇلارغا ئىگە. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ئوخشىمايدىغۇ! پاختا بىلەن توقۇلغان قامچىلار بىلەن نەچچە ئوغلانلار ئۆلۈپ كەتتىغۇ؟

25

«ئۇ تىلەمچى بولغاچقا مۇتەپەككۇر بولغانمىدۇ؟ ياكى مۇتەپەككۇر بولغاچقا تىلەمچى بولغانمىدۇ؟»، «چېكتى يوق تارازىلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان زامان مۇئەككەللىرى» ئۇنى شۇنچە تەلەپسىز قىلىپ توقۇپ چىققانمىدۇ؟ ئۇ بۈگۈن باشقىچە جانلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلگەنلىرى كۆپەيگەنسېرى... كىتابقا ۋە ئۆزىگە چۈكۈپ كېتىۋاتاتتى، قەدىم زامانلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن كۆلتۈر قۇشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنىمسىز چوقۇماقتا، رىئاللىق ئۇنى ئوڭ ۋە سولدىن ئەنسىز نوقۇماقتا... ھېلقى «چۆچەكخۇمار بالىلار» مۇ چوڭ بولۇپ قاپتۇ... كىم بىلسۇن، ئۇ بالىلارنىڭ بەزىلىرى «چۆچەك دۇنياسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ»... ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز چۆچەكلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ... ئۇ قالدى بالىلارغا چۆچەك ئېيتىپ بەرمىسە، مۇھىمى، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمىسە بولمايدۇ. ساناقسىز بالىلار ئۇنىڭغا چەكسىز ئىشىنىپ شۇ تاپشۇرۇقنى بەرگەن ئەمەسمۇ؟! ئۇ بۈگۈن تولىمۇ سالاپەتلىك بولۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن ئەڭ قەدىمي ئەۋرىشىكىمىزنىڭ ئىزنالىرى كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ تىنىقلىرىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى بالقىپ تۇراتتى، ۋۇجۇدىدىن تىنىمسىز چىقىۋاتقان كۆك نۇر ۋۇجۇدلىرىمىزغا سىڭىشمەكتە ئىدى...

ئۇ ئۆزىنى يەنىلا تاپالماپتۇ... بىراق، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تولىمۇ ئېنىق بايقىۋاپتۇ... ئۇ بالىلارغا شۇنچە مېھرىبانلىق بىلەن «مەن ئابدۇقادىر، ئابدۇقادىر مەن» دەپ جاكارلىدى. بالىلاردىن بىرسى «مۇئەللىم! مەن سىزگە ئوخشايدىكەنمەن، مەنمۇ چوقۇم مەن بولۇشۇم كېرەككەن-دە؟» دەپ سورىدى. بالىلارنىڭ ھەممىسى «بىز چوقۇم بىز بولۇشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟ باشقىلار بىز، بىز باشقىلارغا ئايلىنىپ قالساق... تەبىئەت ئانا چوقۇم غەزەپلىنىدۇ» دەپ چۇقان سېلىشتى... ئارقىدا ئولتۇرغان ياشتا ئەڭ كىچىك بىر بالا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «مۇئەللىم! مەنسۇر ھەللاجى (مەنەلھەق ئەنەلھەق) دېگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شاگىرتى، يېتۈك ئاشىق شائىر بابارەھىم مەشرەپ ئۇستازى مەنسۇر ھەللاجىغا ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا دارغا ئېسىلغان ئىكەن. مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇقادىر داموللا، مەخسۇت مۇھىتى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ... قاتارلىق ئۇستازلارمۇ ئۆزىنى ئىسپاتلاش يولىدا ھەق سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن، بۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان رىئاللىق ...» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تەمشەلگەن ئىدى. ئابدۇقادىر تولىمۇ تەمكىنلىك بىلەن «شۇ چاغدىمۇ قۇياش شەرقتىن چىقاتتى، بىراق، ھازىر جاھان مۇئەككەللىرىنىڭ ئىككى كۆزى تولۇق» دەپ جاۋاب بەردى...

بۇ سوئالدىن كېيىن بىردىنلا ئۇ گىرېك ئەپسانىلىرىدىكى كاساندىرانى ئەسلەپ قالدى. ئۇنداقتا كاساندىرا كىم؟ كاساندىرا تىرويا پادىشاھى پرىئامنىڭ قىزى بولۇپ، گىرېك ئەپسانىلىرىدە ئايال

قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. قۇياش ۋە سەنئەت ئىلاھى ئاپوللو كاساندراغا بېشارەت تالانتى ئاتا قىلىدۇ. ئەمما، كاساندرا ئاپوللونىڭ مۇھەببەت ئىلتىجاسىغا پىسەنت قىلمىغانلىقتىن، ئاپوللو ئۇنى سېھىرلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر كاساندرانىڭ خېيىمخەتەر ۋە بالايى-ئاپەت ھەققىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا ئىشەنمەس بولۇپ قالىدۇ...

ئۇ باللارغا كاساندرا ۋە ئاپوللوغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ھېكايەتلەرنى سۆزلەپ بەردى، باللار بۇ قېتىملىق دەرستىن ھەققەتەن مەمنۇن بولۇشتى... باللارنىڭ قەلبىدە نۇرغۇن ھېكمەتلەر پارلىماقتا، ئۇلار ئاللىقانداقتۇر بىر شەپىنى سەزمەكتە، ساناقسىز قەلبلەردە ئابدۇقادىرنىڭ نۇردىن كەشتىلەنگەن ھەيكىلى تىكلەنمەكتە... بەزى باللار قەلب دۇنياسىدا، «ئابدۇقادىر كىتابخانىسى»، «ئابدۇقادىر شېئىرىيەت كۇلۇبى»، «ئابدۇقادىر چايخانىسى»، «ئابدۇقادىر سوئالخانىسى» قاتارلىق ئورۇنلارنى قۇرۇپ چىقىشتى. ئۇلار بۇ ئارزۇلىرىنى ئاتا-ئانىلىرىغا ئېيتقان ئىدى، كۆپ ساندىكى ئاتا-ئانىلار مەمنۇن بولۇپ باللىرىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇشتى. بىر قىسىملار بولسا «ئۇ ناخشا ئېيتالمايدىغان تۇرسا، ھېچ بولمىسا تولغىما ئۇسسۇل ئوينىيالىغان بولسىمۇ بولاتتى...» دەپ غۇدۇڭشۇپ قويۇشتى. يەنە بەزىلەر بولسا «ئۇ قايسى ئورۇننىڭ رەھبىرى، دەرىجىسچۇ؟» دەپ سوئال قويۇشتى... توۋا! رەھبەر بولۇش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلمىگەن ئىكەن، چۈنكى، ئۇ جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «مەن قېرىنداشلىرىمنىڭ تېنىنى ئەمەس، روھىنى داۋالىشىم كېرەك» دېگەن ھېكمىتىنى بەشكېرەمنىڭ توپىلىق يوللىرىدا يالاڭئاياق يۈگۈرۈپ ئويناۋاتقان چاغلىرىدىلا قەلب دەپتىرىگە خاتىرىلىۋالغان، خىزمەتكە چىقىپ ئۇزىمايلا مەشھۇر فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېيىننىڭ ئىسرائىلىيە خەلقىگە «ئەگەر مەن زۇڭتۇڭ بولسام، نىسپىيلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن قايسىڭلار شۇغۇللىنىسىلەر؟!» دېگەن جاۋابىنى ھەزىم قىلىۋالغان ئىدى. ياراتقۇچى ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىش تالانتىنى ۋە ئۇسسۇل ئويناش تاپشۇرۇقىنى بەرمىگەن ئىكەن. بىراق، رۇمى ساما سالغاندا مۇزىكىسى ئۆزىدىن ئىدى، ئاۋازسىز... بۇ، بەلكىم، ئۇنىڭ گۇناھى بولمىسا كېرەك... ئۇ پەلەك شاھى ئادىل ھوشۇردىن، ۋاسكېتبول مەيدانىدىكى سېھىرگەر شىرئەلىجاندىن، بىزگە مەھمۇد قەشقىرى بوۋىمىزنى ۋە ئاشىق شائىر بابارەھىم مەشرەپنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان تالانتلىق ناخشىچى شىرئەلى ئەلتېكىندىن شۇنداق سۆيۈنۈپ... «ئۇلار روھىنىڭ سىمۋولى، ئۇلار بىزگە ھوزۇر دېگەندىن كۆرە، بېمىرلىمەس ئىرادە تەقدىم قىلدى، مەن ئەگەر كىملىكىمنى ئەنە شۇلاردەك ھېس قىلالىغان بولسام...» دەيدۇ، بىر قېتىملىق نۇتۇقىدا... ئۇ ئەڭ ئاددىي قېرىنداشلىرى ئالدىدا تىزلىنىشقا تەييار، ئۇ ھايات تۇرۇپمۇ «ئۆلۈم» ناملىق تېخى يېزىلىپ بولالمىغان بۇ كىتابنى تىنىمسىز ئوقۇيدۇ. بەلكىم «ئۆلۈم» ناملىق بۇ كىتاب يېزىلىپ بولالمىغاچقىلا ھايات قىزىقارلىقلىققا ئىگە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن .... ئۇ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان، ئىچىش، چېكىش، ئويناش مۇسابىقىسى تەكرار ئۆتكۈزۈلىدىغان «چاي» لارغا بارالمىغاچقىمۇ قانداق «غەيۋەت ئىلمى»دە ساۋاتسىز قالدى. ئۇ ھاراق ئىچمەيمۇ مەست بولۇشنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، تېيىپجان ئېلىيوف، روزى سايىت، زوردۇن سابىر، ئىمىن تۇرسۇن، ئەسقەر ھۈسەيىن، زۇنۇن قادىر قاتارلىق ئۇستازلىرىنى چوڭقۇر ئەسلەش ئارقىلىقمۇ، ئازاد رەھمەتۇللا سۇلتان، ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر، پەرھات ئىلياس، ئەزىزى، ۋاھىتجان ئوسمان، يالقۇن روزى، ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، ئابدۇقەييۇم ئىمىن، بەگمەت يۈسۈپ، ئىلھامجان روزى، ئادىلجان تۇنىياز، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق قەلەمكەش دوستلىرى بىلەن سىردىشىپمۇ، مۇنبەردە ساناقسىز قەلبلەرگە شەپىسىز كىرىپمۇ، ئۈرۈمچى كوچىسىدا ھاياتلىق رىتىمى بىلەن كەسكىن كۆرەش قىلىپ، تىرىكچىلىك ئۆتكەللىرىدە تەمتىرەپ قېلىۋاتقان ئاددىي قېرىنداشلىرىنىڭ مىسكىن قىياپىتىگە قاراپمۇ... مەست بولالايدۇ... قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىگە كىرىپ، ئۇلار ئۈچۈن پىكىر قىلىش شەكلى ئارقىلىق مەست بولۇش، بۇ مەستلىكتىن يېشىلىش ئۈچۈن تىنىمسىز تىرىكىشىش ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىكەن.

ئاشۇ كىشى ئابدۇقادىر جالالىدىن بولىدۇ. بىز ھېچكىمنى ئېتىراپ قىلماسلىقىمىز زۆرۈرمۇ؟ ئۇنداقتا، «كوچىلاش ھۈنىرى»مىزنى ئىشقا سالساقلا ئۇنىڭ پەرىشتە ئەمەسلىكىنى، تېنىدە تولىمۇ ياداپ كەتكەن بىر شەيتاننىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئەسلىدە بەندە ئىكەنلىكىنى... ئەلۋەتتە بايقاپ قالىمىز... بىز ئۇنىڭغا «سەن نېمىشكە ئاتاڭدىن بۇرۇن تۇغۇلمىغان؟ سەن ئەدىب بولغىچە رەئىس بولساڭ بولمامدۇ؟ سەن نېمىشكە ئايروپىلان ھەيدىمەيسەن؟ سەن ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىمەپسەنغۇ؟ ئاران بىر خوتۇنۇڭ بار ئىكەنغۇ؟ سېنىڭ بىز قايىل بولغۇدەك پۇلۇڭ يوق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە ئالتۇن مېدال ئالساڭ بولاتتى.... بەلكىم، سەن ئۆلگەندىن كېيىن بىز ساڭا ئەگىشىمىز، بىراق، سەن بىزنىڭ ئازابلىرىمىزنى قوبۇل قىلىشىڭ زۆرۈر....» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇش ھوقۇقىمىز بار ئەمەسمۇ؟ يولباشچىلىرىغا ئىشەنمىگەن خەلق ئىچىدىن «خاتا» گەپ قىلىدىغان بىرمۇ ئادەمنى تاپقىلى بول-

مايدۇ، شۇڭا، ئۇلارغا توغرا يول نېسىپ بولمايدۇ. نادان ھەم شور پېشانە قەۋملەر ئۆزىدىن يېتىشىپ چىققان يولباشچىلارنى، ئۆزى ئازابلاش ۋە قەتلى قىلىپ قويۇشتەك خاتالىقلارنى پات-پاتلا سادىر قىلىپ قويۇشىدۇ.


ئۇ بىزگە ئوخشايدۇ، تىلى ئوخشايدۇ، دىلى ئوخشايدۇ، قائىدە-يوسۇنى ئوخشايدۇ، پەيغەمبىرى ئوخشايدۇ... ئۇ ھەرقانچە غېرىبلىق ئىچىدىمۇ، تەپەككۇرىغا ئاچقۇچسىز قۇلۇپ سېلىنغان تەقدىردىمۇ يېشىل نۇرلار ئارىسىدىن بىر ھەقىقەتنى ئىزدەيدۇ... ئۇ بىزگە «خالايىق، ئاۋۇ ھېچنېمىنىڭ ئاستىدىكى، ئاۋۇ ھېچنېمىنىڭ ئۈستىدىكى؛ ئاۋۇ ھېچنېمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى، ئاۋۇ ھېچنېمىنىڭ سول تەرىپىدىكى ... ئاۋۇ ھېچنېمىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئاشۇ ھېچنېمە دەل بىز ئىزدەۋاتقان ھەقىقەتتۇر» دەيدىغان مۇتەپەككۇرلاردىن ئەلۋەتتە پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىزنى ھەقىقەتكە ئېرىشتۈرۈشتىكى تۇتقان يولى سەل ئۆزگىچە... شۇڭا، ئۇنىڭغا ساناقسىز كىشىلەر خۇمار بولۇپ قېلىشتى... چۈنكى، بىزگە پۇل، ھوقۇق، مەرتىۋە ۋە ماددىي مەئىشەتلەردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ئاجايىپ تۇيغۇ، روھ ئاتا قىلدى... ئۇنىڭ قەدەم ئىزىدىن يېشىل نۇرلار چاچراپ تۇرىدۇ... بەزىلەر بۇ نۇرلارنى تىكەن ۋە خوخا-يانتاق دەپ قارايدۇ، شۇڭا، ئۇلار ساھىبجامال ھالال ئايالنى باشقىلاردىن كۆنلەشنى ئۇنتۇپ قېلىشىپ، ئابدۇقادىرنىڭ ساناقسىز قەلبلەردە يىلتىز تارتىپ قېلىشىدىن شۇ قەدەر ئەنسىرەيدۇ... ئۇ بىر ئاددىي ئادەم قىسقا ھاياتىدا نەچچە مىليون ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ بولالمايدۇ... ئۇنىڭ سۆيمەكچى بولغىنى ۋەتەنىنىڭ كالپۇكى... ئۇ ۋەتەنىنىڭ كالپۇكىنى تېپىپ سۆيۈۋالسا، ئۇ دەل ھەممىمىزنى سۆيگىنى ئەمەسمۇ؟!

نەقەدەر ئازابلىق ئۆزىنى ئىزدەش،
تىكەنلىك، بەكمۇ تار چىغىر يول ئارا.
ئۆزىنى تاپقاندا، گۈلگە ئايلىنار
يۈرەكتىن جاي ئالغان ساقايماس يارا.
تۈنۈگۈن زاۋۇتتىن چىققان خەرىتە
بەرمىدى ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇيغۇ.
بالىسى سورىغان كونا سوئاللار
تەگلەيدۇ ئۇنىڭغا يېڭى بىر قايغۇ.
كۆزى ۋە سۆزلىرى ئوچۇق تۇرۇپمۇ،
ھاياتتىن خوشلىشىش نېمانچە قىيىن.

بەزىدە دۇنيانى سېتىۋالمىز،
يانچۇقتا يوق تۇرۇپ ھەتتا بىر تىيىن.
چۆچەكلەر شەھرىگە كەتسەكمۇ كىرىپ،
رىئاللىق يۈرەكنى تۇرىدۇ نوقۇپ.
چاچلىرى ئاقارغان دۇنيا قۇش كەبى
ئەڭ پاكىز روھلارنى يېمەكتە چوقۇپ.
قىرانلىق ياشتىكى ئابدۇقادىرنىڭ،
قەبرىسى كولانغان تۇغۇلغان كۈنى.
غېرىبلىق ئۇنىڭغا قىلىنغان تەقسىم،
شۇڭلاشقا دۇنياغا ئاڭلانماس ئۈنى.
تارىخچى يىگىتنىڭ تەپەككۇرىغا،
سېلىندى كاللامدەك ئاچقۇچسىز قۇلۇپ.
مەشرەپمۇ ئۆلۈمنىڭ، دارنىڭ ئالدىدا،
يۈرەكتىن بىر شېئىرنى بەرگەنتى يۇلۇپ.
مېنىڭ تېنىمدە سەمرىگەن شەيتان،
ئۇنىڭ تېنىدە كەتتى ئورۇقلاپ.
ياش تۆكۈپ يىغلىسا تارىم ۋادىسى،
ۋاقىت ئېڭىمدا قالىدۇ توختاپ.
مۇنبەردە يۈرىكى تېپىرلىماقتا،
ئەڭ قەدىم ناخشىنى ئېيتىپ بولالماي.
كېلىچەك شېۋىسى كونا ئېڭىمدا،
قايتماقتا ئارقىغا ئەركىن ئاقالماي.
ئۇ ھەرگىز ئەتىدىن ئۈزمىدى ئۈمىد،
بۈركۈتكە ئوخشايدۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى.
بىر قانچە ئەسىر ئۆتسىمۇ يەنە،
مۇنبەردە ياڭرايدۇ ئاچچىق سۆزلىرى.
بەزىلەر تۇپراقنىڭ نېنىنى يېسە،
يېدى ئۇ دوستىنىڭ غېمىنى ئۈچ ۋاق.
پەرىنىڭ كالپۇكى تېپىلغان كۈنى،
ئۇنتۇلار مىڭ يىللىق ئاشىقلىق، پىراق.

(ئاپتور كەلپىن ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

ئابدۇۋاھىد خۇدابەردى مۆلجەرى





# جىگدە دەرىخىگە مەدھىيە

(نەسر)

جىگدە دىيارىمىزدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە خېلى نامى بار ئۆزگىچە خىسلەتكە ئىگە بىر خىل دەرەخ. مەن جىگدە ناھايىتى كۆپ سەھرادا ئۆسۈپ چوڭ بولغانمەن. شۇ يېشىمغىچە جىگدە بىلەن باغلىنىشلىق نۇرغۇن قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. نۇرغۇن تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلدۈم. ئاخىرى جىگدە دەرىخى ئاتا قىلغان قايناق ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنىڭ تەرىپىگە بېغىشلانغان تۆت ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى دېگۈم كەلدى.

باھار كېلىپ ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەلگەندىكى جىگدە چېچەكلىگەن مەزگىل چېچەك پەسلىنىڭ ئەڭ گۈزەل پەيتىدۇر. شۇ مەزگىلدە جىگدە چېچىكى شۇنچىلىك خۇشبۇي پۇرايدۇكى، كىشى جىگدە دەرىخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، ئاشۇ خۇشپۇراقتىن مەست بولۇپ، بىر پەس خۇدىنى يوقۇتۇپ ئىختىيارسىز تاتلىق ھېسلارغا، شېرىن مۇھەببەت قاينىمىغا شۇڭغۇپ كېتىدۇ. ئەمما، بۇ پۇراق ئادەمنى ھەرگىزمۇ ھاۋايى-ھەۋەسكە، شەھۋانىيلىققا، پەسكەشلىككە ئەمەس، بەلكى پاك مۇھەببەت قاينىمىغا سۆرەيدۇ، ۋىسال شادلىقىغا ئىنتىلدۇرىدۇ. شۇنداق كۈنلەردە ئادەملەر تۇرماق كېپىنەك، ھەرىلەرمۇ جىگدە دەرىخىنى ئەگىپ كېتەلمەيدۇ. بەزى جايلاردا ھەسەل ھەرىسىنى باقىدىغان كىشىلەر ساندۇق-ساندۇقلارنى ئەكېلىپ ھەسەل ھەرىلىرىنى جىگدىلىككە قويۇپ بېرىشىدۇ، نەتىجىدە، ھەسەل ھەرىلىرى بىرەر ئاي ئەتراپىدا جىگدە چېچەكلىرىگە قونۇپ شىرنە يىغىپ، شېرىن-تاتلىق ھەسەل ئىشلەپچىقىرىدۇ. جىگدە دەرىخىدىكى بۇ خىل جەلپكارلىق ۋە خىسلەتلەر باشقا ھېچبىر مېۋىلىك دەرەختە بولمىسا كېرەك. شۇڭا، ساڭا مەدھىيە ئوقۇيمەن ئەي جىگدە دەرىخى! چېچىكىڭنىڭ مەستخۇش ھىدى سېنىڭ پەقەت بىرلا خىسلىتىڭدۇر، خالاس. يەنە باشقىمۇ نۇرغۇن خىسلەتلىرىڭ بار. ئاشۇ خىسلەتلىرىڭنى بىر-بىرلەپ بايان قىلمىسام كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

سەن ئۈچۈن يۇرتۇمنىڭ كۆلىمۇ، چۆلىمۇ، بېغىمۇ، تېغىمۇ، شورلۇق يېرىمۇ ئوخشاش. تاغدىمۇ بارسەن، باغدىمۇ، چۆلدىمۇ بارسەن، كۆل بويىدىمۇ. چۆلدە بولساڭ سۇسىزلىقتىن دادلىمايسەن. كۆلدە بولساڭ نەم-زەيلىكتىن ۋايسىمايسەن. قارا بوران شاخ-يوپۇرماقلىرىڭنى قايرىپ سۇندۇرماقچى بولسىمۇ، مۆلدۈر كېلىپ باش-كۆزلىرىڭنى يېغىر قىلماقچى بولسىمۇ زار قاخشىمايسەن. نەدىلا بولساڭ مۇشۇ زېمىننى باغاشلاپ باراقسانلاپ كۆكلەپ، شېرىن مېۋەڭنى خەلقىمىزدىن ئايىمايسەن. ئەجەبكى سېنىڭ مېۋەڭ بىز ئادەملەرگىلا لەززەتلىك، شېرىن يېمەكلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى، يەنە ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشقاچ-كەپتەرلەردىن تارتىپ يەردە ئۆمىلەپ يۈرگەن قۇرت-چۈمۈلىلەرگىچە ئوزۇق بولالايدۇ. سەندىكى بۇنچە سېخىيلىق، مەردلىك ۋە كامالەت نەدىن كەلدىكىن؟

سېنىڭ يىلىمىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان تەبىئىي چاچ ئوزۇقى بولۇپ كەلگەنكى، ئاشۇ يىلىمىڭ بىلەن بىزنىڭ قىز-ئاياللىرىمىز چېچىنى تارايدۇ، پاكىزلايدۇ ۋە ئاسرايدۇ. سەن ئۇلارنىڭ چېچىغا پاكىزلىق، پاكلىق، گۈزەللىك، خۇشپۇراق ئاتا قىلىسەن. سېنىڭ يىلىمىڭ بىلەن چېچىنى تارىغان ئاياللار ئەرلىرىگە تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ جەلپكار، مۇھەببەتلىك كۆرۈنىدۇ. مەيلى جاھان تەرەققىي قىلىپ قانچىلىك ئالىي مەلھەملەر ياسالمىسۇن، مەن قىز-ئاياللىرىمىز ئۈچۈن يەنىلا سېنىڭ يىلىمىڭنى ھەممىدىن ئەلا بىلىمەن. سېنىڭ بىلەن يۇيۇپ تارالغان بىر جۈپ قاپقارا، توم ۋە ئۇزۇن چېچى گويا جۈپ يىلاندەك تېقىمىغىچە سويلاپ تۇرغان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى ۋە قىرىق تال ئۆرۈلگەن قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى چىمەن دوپپا ئارىسىدىن مەجنۇنتالنىڭ شېخىدەك قاتار مارىلاپ تۇرىدىغان غۇنچە بوي قىز-جۇۋانلار كىمنىڭمۇ مەستلىكىنى كەلتۈرمىسۇن؟ شۇنداق قىز-ئاياللارغا كىممۇ تەھسىن ئېيتمىسۇن؟

بىزنىڭ سەھرالاردا ھېلىمۇ قىز-ئاياللار جىگدە يىلىمىنى چاچ مەلھىمى ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ھەر قېتىم جىگدىلىكتە كەكە-قىڭراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ جىگدە يىلىمىنى ئالغىلى كەلگەن قىز-جۇۋان-

2015.2 TURPAN LITERATURE

لارنى كۆرگىنىمدە، قىرى جىگدىلەر گويا ئۆز تىلى بىلەن ئاشۇ قىز-جۇۋانلارغا: «كەل ئەي قىزىم، مېنىڭ يىلىمىم ساڭا تەسەددۇق بولسۇن. مەندىن يىلىم ئېلىش ئۈچۈن بەدىنىمنىڭ مىلىك يېرىگە كەكە چاپساڭمۇ سەندىن رەنجىمەيمەن. ئەمما، شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، سەن مۇشۇ گۆھەر زېمىنىنىڭ، ئۇلۇغ قوۋمىنىڭ بەختىيار پەرزەنتىسەن، ئىچىڭمۇ-تېشىڭمۇ خۇددى بىزدەك گۈزەل بولسۇن. قارا، مېنىڭ تېنىمگە، خۇددى تۆمۈرگە ئوخشايدۇ، شۇڭا، ئانا زېمىندا مەزمۇت تۇرالايمەن؛ نى-نى بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلەيمەن، سۇسىزلىق-تەشنالىققا چىدالايمەن؛ يوپۇرمىقىم كۈمۈشكە ئوخشايدۇ، بۇ پاكلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى؛ چېچىكىم بىلەن مېۋەم ئالتۇننىڭ رەڭگىدە، بۇ چىنلىقنىڭ، ساپلىقنىڭ سىمۋولى. سەنمۇ مەندەك خىسلەتكە ئىگە بول! ساڭا بەرگەن يىلىمىم ئۈچۈن سەندىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمەن. ئەمما، مەندىكى بۇنداق خىسلەت سەندە بولمىسا، بەرگەن يىلىمىمغا ھەرگىز رازى بولمايمەن!» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەكلا تۇيۇلىدۇ.

تارىخى كىتابلار ۋە تارىختىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ بايانىغا كۆرە، ئەينى چاغدا مەشھۇر ئۇيغۇر قىزى ئىپارخان چيەنلۇڭ خان ئوردىسىغا بارغاندا ئانا يۇرتىنى سېغىنىپ يىغلاپتۇ. چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننىڭ يىغلىشىدىكى سەۋەبنى سورىغاندا، ئىپارخان سېغىنچنى مۇنداق ئىزھار ئەيلەپتۇ: «مېنىڭ يۇرتۇمدا بىر مېۋىلىك دەرەخ بار. ئۇنىڭ مېۋىسى ئالتۇندىن، يوپۇرماقلىرى كۈمۈشتىن، غولى تۆمۈردىن، يىلىمى ئەتىردىن ئىدى. شۇ يادىمغا كېلىپ يىغلايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. چيەنلۇڭ خان ئىپارخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ: «ئۈچتۇرپاندا شۇنداق بىر دەرەخ بار ئىمىش، ئۇ تېزلىك بىلەن يەتكۈزۈپ كېلىنسۇن! بۇ دەرەخ مېنىڭ باغچىلىرىمغا لايىق ئىكەن» دەپ يارلىق بېرىپتۇ. ئەينى چاغدا ئىپارخاننىڭ چيەنلۇڭ خانغا جىگدىنى ئاشۇنداق شائىرانە تىل بىلەن تەرىپلەپ بېرىشى ئۈچتۇرپاندىن بېيجىڭغا جىگدە كۆچۈرۈش ئالۋىڭىنى ۋە ئاخىردا مەشھۇر «جىگدە يىغلىقى»نى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىكەن. مانا بۇمۇ سېنىڭ سېھرىي كارامىتىڭ ئەمەسمۇ؟!

بۇ ئاجايىپ باغلىنىشنى كۆرۈڭ، بىر ئۇيغۇر قىزى ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ شۇنچە يىراقتىكى خان ئوردىسىغا بارغاندا، دىيارىمىزدىكى شۇنچە كۆپ مېۋىلەر ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ جىگدە دەرىخىنى سېغىندى. نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ھەرگىزمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. جىگدە بىلەن ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى شۇنداق مۇستەھكەم باغلانغان ئىدى. پاكلىق، گۈزەللىك، ئانا يۇرتقا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببەت سەندە مۇجەسسەم ئەمەسمىدى؟ سېنىڭ يىلتىزىڭ ئانا تۇپراقنىڭ قات-قېتىغا چىرماشقان، ئانا يۇرتنىڭ مۇھەببىتى سېنىڭ جانۇ-جىسمىڭغا ئورناشقان ئەمەسمىدى؟ سېنىڭ ئاشۇ تۆمۈرنىڭ رەڭگىدىكى تېنىڭ، كۈمۈشكە ئوخشايدىغان يوپۇرماقلىرىڭ ھەم ئالتۇنغا ئوخشايدىغان مېۋىلىرىڭ ئانا يۇرتىمىزنىڭ سىمۋولى، غورۇرى ۋە ئىپتىخارى ئەمەسمىدى؟ شۇڭلاشقىمۇ گۆھەر زېمىن شىنجاڭدىكى نۇرغۇن جايلار جىگدە نامى بىلەن ئاتالغان. پەقەت ئانا يۇرتۇم ئۈچتۇرپاندىلا «كۆك جىگدە»، «جىگدىلىك كەنت»، «جىگدە مازار» دېگەندەك بىرمۇنچە يەرناملىرى بار. پۈتۈن شىنجاڭدىكى سېنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق يەر-جاي ناملىرىنى ساناپ كەلسەك بەك جىق، بەك جىق.

شۇڭا، ئىپارخان ئانا يۇرتىنىڭ، قوۋمى-قېرىنداشلىرىنىڭ ھىدىنى سېنىڭدىن ئالماقچى بولدى. ئانا يۇرتىغا بولغان سېغىنىشى، سۆيگۈ-مۇھەببىتىگە سەن ئارقىلىق قانماقچى بولدى. قىسقىسى ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى سېنىڭ بىلەن باغلانغان، تارىختىلا ئەمەس، ھازىرمۇ شۇنداق. رىۋايەتلەردىلا ئەمەس، رېئاللىقتىمۇ شۇنداق.

ئېھ! جىگدە دەرىخى، سېنىڭ چېچىكىڭنى تەرىپلەيمۇ، يا تەن-يوپۇرماقلىرىڭنى؟ يىلىمىڭنى تەرىپلەيمۇ يا شىرىنلىك مېۋىلىرىڭنى؟ ۋە ياكى مېۋەڭنىڭ دورىلىق قىممىتىنى؟ سەندىكى خىسلەت-كامالەتلەر ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىغا تەققاس، قىز-ئاياللىرىمىزدىكى ئەخلاق-پەزىلەتلەر گويا سېنىڭ تۆمۈر رەڭگىدىكى تېنىڭ-شېخىڭ، كۈمۈش رەڭلىك يوپۇرماقلىرىڭ ۋە ئالتۇن رەڭلىك چېچەك، مېۋىلىرىڭگە ئەنداز.

سېنىڭ تەرىپىڭگە قانچە داستان يازسام يەنە ئاز، ئەي جىگدە دەرىخى! ياخشىسى، سۆزۈمنى قىسقا قىلاي، سەن ئانا يۇرتىمىزنىڭ شانۇ-شەۋكىتىسەن. دىيارىمىز سەندىن پەخىرلىنىدۇ! خەلقىمىز سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىدۇ! بولۇپمۇ، قىز-ئاياللىرىمىز سېنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. تېخىمۇ باراقسانلاپ كۆكلە، خۇش ھىدىڭ بىلەن يۇرتىمىز ھاۋاسىنى ساپلىغىن! شېرىن مېۋىلىرىڭ بىلەن بىزگە داۋاملىق قۇۋۋەت بەر، ئەي جىگدە دەرىخى!

(ئاپتور ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

ئابلىز ياقۇپ

# تۇرپان يېڭى مائارىپى يېتىشتۈرگەن تۇنجى ئوقۇتقۇچى، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي-ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى



تۇرپان ئاستانىدىكى مەشھۇر مەرىپەتپەرۋەر زات، تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي مەخسۇت مۇھىتى (1885 ـ 1933) تەرىپىدىن 1913 ـ يىلى قۇرۇلغان «مەخسۇدىيە مەكتىپى» بىر ئەسىردىن ئارتۇق مۇساپىسىدە نۇرغۇنلىغان بىلىم باغۇەنلىرىنى، ھۆرمەتكە سازاۋەر زىيالىيلارنى، جامائەت ئەربابلىرىنى، قابىل رەھبەرلەرنى، ئاتاقلىق گېنېراللارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ ماقالىدە مانا مۇشۇ مۆھتەرەم ساھىبى كاتتىلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

مەرھۇم ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى 1899 ـ يىلى تۇرپان شەھىرى ئاستانە يېزىسىنىڭ غوجائالدى (ئەششا) مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئاتىسى ئابدۇقەييۇمى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتىدىن بولۇپ 1890 ـ يىللىرى تۇرپان شەھىرىنىڭ ئاستانە يېزىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇملار تۆت ئاكا ـ ئۇكا بولۇپ، ئۇلاردىن سېتىۋالدى ئابدۇقەييۇمى 1896 ـ يىللىرى ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ، 1948 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان، بىر ئۆمۈر دېھقان بولۇپ ئۆتكەن. ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى 1899 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1967 ـ يىلى ۋاپات بولغان، بۇلار بىر ئانىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئابدۇقەييۇم ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالىنىڭ سىڭلىسى بىلەن 1908 ـ يىللىرى ئەتراپىدا توي قىلغان، شۇنىڭ بىلەن 1910 ـ يىلى ئابدۇۋاھاپ ئابدۇقەييۇمى تۇغۇلۇپ، 1988 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋاپات بولغان، ئۇمۇ ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن 1912 ـ يىلى ئابدۇغېنى ئابدۇقەييۇمى تۇغۇلۇپ، 1988 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋاپات بولغان، ئۇ بىر ئۆمۈر تىككۈچى (سەيپۇڭ)لۇق بىلەن شۇغۇللانغان.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى 1899 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلغىچە ئائىلە تەربىيەسىدە ۋە دىنىي تەلىم ـ تەربىيەدە بولغان، تولۇق ساۋاتلىق بولۇشتىن تاشقىرى، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى ئۆگەنگەن بولۇپ، بىلىمگە، يېڭىلىققا ئىنتىلگەن يۈرىكى ئۇنى تېخىمۇ يىراقلارغا نەزەر سېلىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىشقا ئۈندىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شەيخ سەئىدىنىڭ «بوستان»، «گۈلىستان»، ئەلشىر نەۋائىينىڭ داستان غەزەللىرى، ئۇنىڭدىن باشقا كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى زور قىزىقىش ئىشتىياقى بىلەن ئوقۇشقا باشلىغان.

يارقىن ئابدىلەر

2015.2 TURPAN LITERATURE

جاھاننى نادانلىق قاپلىغان بىر پەيتتە، پەلەكنىڭ چاقى
ئايلىنىپ، 1913 ـ يىلى كۈزگە كەلگەندە، دىيارىمىزنىڭ ئوت
يۈرەك مەرىپەتپەرۋەر ئوغلانى مەخسۇت مۇھىتى ئاستانىدە
شەرقىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئىلىم ـ مەرىپەت مەشئىلى «مە-
ەخسۇدىيە مەكتىپى»نى ئاچقان ۋە قازان شەھىرىدىن تاتار زى-
يالىي ھەيدەر سايرانى(1886ـ 1943) ئەپەندىنى ئوقۇتقۇچىلىققا
تەكلىپ قىلغان. بۇ مەكتەپنىڭ ئېچىلىشى خەلق ئاممىسى
ئۈچۈن پارلاق بىر يول ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، بىلىم ئاشىنالى-
رى ئۈچۈن، خۇددى تۈن قاراڭغۇسىغا چىراغ يېقىلغاندەك بىر
ئىش بولغان. بۇ يېڭىچە مەكتەپنى ئېچىش مەخسۇت مۇھىتى
ئۈچۈن ئاسانغا توختىمىغان. مەكتەپ سېلىش، ئوقۇتقۇچىنىڭ
ئىش ھەققىنى بېرىش، ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تېپىش ۋە
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنىڭ خىراجىتىنى ھەل
قىلىش قاتارلىق بىر قاتار ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى جاسارەت ۋە
باتۇرلۇق بىلەن ھەل قىلغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن كىشىلەر پەر-
زەنتلىرىنىڭ بۇ يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇشىغا قارشى چىققان. جەم-
ئىيەتتە ئاساسەن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان مۇتەئەسسىپ
كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىنى يېڭىش مەخسۇت مۇھىتى ئۈچۈن قە-
ۋەتلا مۈشكۈل كەلگەن. شۇنداق شارائىتتا مەخسۇت مۇھىتى
ئاچقان بۇ يېڭىچە مەكتەپتە 1913 ـ يىلى كۈزدە ئوقۇش
باشلاپ، ئوقۇتۇشنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، نادان خەلق «بۇ-
بۇ‹جەدىت›لىق ئىدىيەسىنى سىڭدۈرىدىغان مەكتەپ، باللار
كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، يامان بولىدۇ» دەپ قاراپ، باللىرىنى
مەكتەپكە بېرىشكە قارشى تۇرغان. شۇنداق شارائىتتا،
مەخسۇت مۇھىتى ھەيدەر سايراننى يىراقتىن ئىش ھەققى
بېرىش توختامى بىلەن ئېلىپ كەلگەنلىكى، ئەڭ مۇھىمى ئۆزى-
نىڭ يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ئارقىلىق خەلقنى ئاقارتىشتىن ئىبا-
رەت ئۇلۇغۋار ئىدىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆز جەمەتىدىكى
خوتۇن ـ باللىرىنى، كۈيئوغۇل، كېلىنلىرىنى ئوقۇتۇشقا مەجبۇر
بولۇپ، بىر يىل شۇنداق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان. بۇ بىر
يىل جەريانىدا، مۇھتىلار جەمەتى پەرزەنتلىرىنىڭ يېقىن ئارى-
دىكى تەڭتۇشلىرى ئارىسالدى ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ، قىش كۈن-
لىرى بۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. ئوقۇغان باللار ئىچىدە
دەل ئابدۇرۇسۇل قاتارلىق چوڭ ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارمۇ بار
ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئوقۇغان باللار ئوقۇشقا قىزىقىپ قالغان
ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىغا «ئوقۇيمىز» دەپ قاتتىق تەلەپ قويغان
ھەمدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭمۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇتماسلىق پوزىتسىيە-
سى سەل بوشىغان. شۇنداقلا، بىر قىسىم ئاتا ـ ئانىلار ئەمگەك
قىلىشقا يارىمايدىغان بەك كىچىك باللىرىنىڭ ئوقۇشىغا قوشۇل-
غان. بىلىم نۇرىغا ئىنتىلگەن ئابدۇرۇسۇل خۇددى پەرۋانىدەك
بۇ بىلىم چىرىقىغا ئۆزىنى ئۇرغان. ئىلغار ئىدىيەدىكى ئابدۇ-
قەييۇمى ئوغلىنىڭ بۇ بىلىم ئوچىقىدا تاۋلىنىشىغا تەشەببۇسكار
پوزىتسىيەدە بولغان، بۇ ئىش ئابدۇرۇسۇل ئۈچۈن خۇددى
يولۋاسقا قانات چىققاندەك بىر ئىش بولغان.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى مۇھتىلار جەمەتىنىڭ ئەۋلاد-
لىرىلا ئوقۇۋاتقان (باشقا كىشىلەر بۇ مەكتەپتە باللىرىنى ئوقۇ-
تۇشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن) بۇ مەكتەپتە بىر تەرەپتىن ئاكتىپ-
لىق بىلەن تىرىشىپ ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرمۇشنىڭ
ھەلەكچىلىكى تۈپەيلى ئائىلە ئىشلىرى ۋە ئائىلىنىڭ دېھقانچى-
لىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان.

1914 ـ يىلىغا كەلگەندە ھەيدەر سايرانى ئوقۇتۇش لايىھە-
لىرىنى تۈزۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدىن باشلاپ
سىنىپ ئېچىپ، 1 ـ يىللىقتىن 6 ـ يىللىققىچە ئوقۇيدىغان، 6
يىللىق تۈزۈمدىكى ئوقۇتۇشنى ئېلىپ بارغان. شۇنىڭ بىلەن
خېلى مۇنتىزىم ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ مەكتەپكە
بىر قەدەر ئىلغار ئىدىيەدىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يېشى چوڭ بال-
لىرىمۇ ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇشقا كىرگەن.

بۇ مەكتەپ رەسمىي 6 يىللىق مۇنتىزىم ئوقۇتۇشنى باشلى-
غاندىن كېيىن، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇممۇ پۈتۈنلەي ئوقۇش
بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە ئۇ بۇ مەكتەپتىكى ئەڭ ئالدىنقى قا-
تاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان. ھەيدەر سايرانى ئە-
پەندىمۇ بۇ ئوقۇغۇچىسىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولۇپ سۆيۈن-
گەن. ئابدۇرۇسۇل كۈندىلىك دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن
تاشقىرى يەنە مەخسۇت مۇھىتى ۋە ھەيدەر سايرانى ئەپەندى
روسىيەدىن ئېلىپ كەلگەن پۇشكىن، ئابدۇللا توقاي قاتارلىق
ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇغان. شۇنىڭ بىلەن ئاب-
دۇرۇسۇلنىڭ دۇنيا قارىشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىلغار
ئىدىيە بىلەن قوراللانغان.

ئابدۇرۇسۇل مەكتەپتە ئوقۇپ، كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە
چەتئەل يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش بىلەن
بىرگە، تاتار، روس، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنىمۇ
ئۆگىنىشكە باشلىغان. دېمەك، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى
كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسەك پەللىگە قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





مەخسۇدىيە مەكتىپى 1913 - يىلى قۇرۇلۇپ، 1917 - يىلىغا كەلگەندە، مەخسۇت مۇھىتى «ئەمدى مەكتەپ ئېچىش ئىشىمىز ھەر نېمە بولسا خېلى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ!» دەپ تۇرۇشىغا، خۇراپىي روھانىي كۈچلەر بۇ مەكتەپكە قارشى تۇرۇپ، « بۇ مەكتەپ بالىلارنى زەھەرلەۋاتىدۇ، جەدىدلىق ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلىدىغان مەكتەپ، ئوغۇل، قىزلار بىرگە ئوقۇسا يامان بولىدۇ، بۇ مەكتەپنى تاقىۋېتىش زۆرۈر» دەپ، شىنجاڭدىكى مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن (1911 - يىلىدىن 1928 - يىلىغىچە شىنجاڭدا مۇستەبىتلىك بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئەمەلدار) ھۆكۈمىتىگە چېقىپ، ئەرز سۇنۇپ، تاقاتقۇزۇۋەتمەكچى بولغان. مۇھىتلار جەمەتىدىكى چوڭ ياشلىق كىشىلەر مەخسۇت مۇھىتىغا مەكتەپ ئېچىشتا ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن زور قىينچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، شۇڭا، ھازىرچە بولسىمۇ قىز - ئاياللارنى ئوقۇتمايلا، ئوغۇل بالىلارنى ئوقۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مەخسۇت مۇھىتى دەرھال كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ تېخى بىرنى تاللاشتەك قىين ھالەتكە كېلىپ قالمىغانلىقىنى، شۇنداق بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئوغۇللار مەكتىپىنى ئېچىشتىن ۋاز كېچىپ، قىزلار مەكتىپىنى ئېچىشنى تاللايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنداق تاللىشىدىكى سەۋەبنى چۈشەندۈرۈپ، قىزلارنىڭ كەلگۈسىدە چوقۇم ئانا بولىدىغانلىقى، ئانىلارنىڭ ئائىلىدە بالىلارنى تەربىيەلەشتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن، قىزلارنى ساپالىق قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ مۇھىملىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن چۈشەندۈرۈپ، قىزلار مەكتىپىنى ئېچىشتىن قەتئىي ۋاز كېچىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قىينچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارنى زور چىدام، غەيرەت بىلەن يېڭىپ، ئىككى مەكتەپنى تەڭ ئېچىشقا بەل باغلىغان ھەمدە بۇ ئەھۋالغا قارىتا دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، ئاكىسى مۇسۇل مۇھىتى ئارقىلىق ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتىگە يول مېڭىپ، ئىلتىماس سۇنۇپ، بۇ مەكتەپنى ئەنگە ئالدۇرۇپ قايتىدىن ئاچقان.

ئاردىن ئىككى يىل ئۆتۈپ، 1919 - يىلىغا كەلگەندە، مەخسۇت مۇھىتى يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئەلى ئىبراھىم، ھېسام باھاۋىدىن، شاھى شەرەپ، خەسەن پەھمى، مۇھەببۇللا ئابدۇللىن (1880 - 1922)، گۈلەندەم خەببۇللىنا ئابىستاي (1889 - 1973) (بۇلار ئەر-خوتۇن) قاتارلىق ئالتە ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىپ، مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستاينى ئاستانىگە (قالغان تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىدىن ئەلى ئىبراھىمنى تۇرپان بازىرىغا، خەسەن پەھمى بىلەن شاھى شەرەپنى لۈكچۈنگە، ھېسام باھاۋىدىننى گۇچۇڭغا) ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوغۇل، قىزلارنى ئايرىپ، ئوغۇللار مەكتىپى، قىزلار مەكتىپى دەپ ئىككى مەكتەپ قۇرغان.

گۈلەندەم ئابىستاينىڭ كېلىشى بىلەن قىز، ئوغۇللار ئايرىم - ئايرىم سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان شارائىت ھازىرلانغاندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ نارازىلىقى ئاساسەن بېسىلغان. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ مەكتەپ ئېچىشىغا قارشى تۇرغۇچىلار بېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما، سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئىش ھەققى بېرىش، مەكتەپ خىراجىتى، ئوقۇغۇچىلار خىراجىتى قاتارلىق مەسىلىلەر مەخسۇت مۇھىتىنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغان. مەخسۇت مۇھىتى قىينچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرى ئارقىلىق تاپقان پۇللىرىنى مەكتەپ خىراجىتىگە ئىشلەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا يېتىشمىگەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ھازىرقى تۇرپان شەھىرىنىڭ چاتقال يېزىسىغا تەۋە بولغان قاراغوجاكارىز مەھەللىسى ئەتراپىدىكى بىر قىسىم كارىز ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىنى سېتىپ، مەكتەپ خىراجىتىگە سەرپ قىلغان. 1919 - يىلى «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نىڭ تۇنجى قارار ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى، دۇگامەت (داۋامەت ئەپەندىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەڭلىك بولۇپ، ھەيدەر سايرانى ئەپەندى داۋامەت، دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان. بۇ بىلىم ئېلىشنى داۋام ئەت، دېگەن سۆز. دۇگامەت - تۇرپان شېۋىسى ) خۇدايارى (خۇديارى)، مۆمىن ئەخمەت، شاۋدۇن ئەپەندى، قۇربان سەئىدى، ھەۋەيدۇللا توختىھاجى، ئابدۇللا پەرسا، ئابباس نەجمى، ئەخمەت نەزەرى، مۆمىن ئىمىنھاجى (ئىمىن باي، بۇ باي دېھقان ئادەم)، لىتىپ باقى، گۇسۇل مۇھىتى، ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ھەۋەيدۇللا رەئىس (رېس)، نىياز ھېۋزۇللا، قاسىم مۇسۇل قاتارلىق 40 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتكۈزگەن.

1914 - يىلىدىكى «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى، ئابدۇللا پەرسا، داۋامەت خۇدايارى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا 1919 - يىلى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن سىرتتىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئازىيىشقا باشلىغان.

1919 - يىلى ئاستانىگە ئوقۇتقۇچىلىققا كەلگەن تاتار (ئەر--

خوتۇن) ئوقۇتقۇچىلار مۇھەببۇللا ئابدۇللىن بىلەن گۈلەندەم خەبىبۇللىنا ئابىستاي يېڭى كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشى قىيىنغا توختىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا تىل ئۆتكىلى ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالغان. دەل مۇشۇ پەيتتە ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى تىلماچلىق جەھەتتە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببۇللا ئەپەندى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمنى ياردەمچى ئوقۇتقۇچى قىلىۋالغان. چېچەن، ئەقىللىك، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى ئۆزىنىڭ دەرسلىرىنى كەچلىكلىرى ھەم دەم ئېلىش كۈنلىرى تولۇقلاپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1920-يىلى 9-ئايدا، مۇھەببۇللا ئەپەندى مەخسۇت مۇھەتىغا تەكلىپ بېرىپ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمنى رەسمىي قوشۇمچە (مەلۇم دەرىجىدە ھەق بېرىدىغان) ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان.

1919-يىلى ئەتراپىدا مۇھەببۇللا ئابدۇللىن بىلەن گۈلەندەم ئابىستاي ھەيدەر سايرانى ئەپەندى تەرىپىدىن 4-يىللىق سىنىپنى پۈتكۈزگەن ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى، ئابدۇللا پەرسا، قۇربان سەئىدى، ئەخمەت نەزەرى، گۇسۇل مۇھتى، قاسىم مۇسۇل، داۋامەت خۇدايارى، شاۋدۇن ئەپەندى، ھەمدۇللا نىياز، ھەۋەيدۇللا توختىھاجى، ئابباس نەجمى، مۆمىن ئىمىن ھاجى (ئىمىنباي)، مۆمىن ئەھمەت، لىتىپ باقى، ئابدۇرېھىم ئەپەندى، ھەۋەيدۇللا رەئىس (رېس)، نىياز ھېۋزۇللا قاتارلىق 40 نەپەر 15-16 ياشلار ئەتراپىدىكى چوڭ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ، ئوقۇتقان. بولۇپمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقىللىقلىقى، گۈزەل خۇلقى، تەربىيەلىكلىكى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى مۇھەببۇللا ئەپەندىگە ئالاھىدە ياردەمدە بولۇپ، مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن گۈلەندەم ئابىستايلارغا نىسبەتەن يات تىللىق بولغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەشتە چوڭ رول ئوينىغان.

مۇھەببۇللا ئەپەندىلەرنىڭ تەلىيگە شاگىرتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەنە شۇنداق يېتىشكەن ياشلارنىڭ بولۇشى ئۇلارغا بەك ئەزگۈ مۇمكىنچىلىكلەرنى يارىتىپ بەرگەنكى، ئۇلارنىڭ تىلى، ئۆرپ-ئادىتى مەلۇم جەھەتتە پەرقلىق بولغان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئۆز-ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشىدا، خەلق ئاممىسىغا مەرىپەت-مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى يەتكۈزۈشدە ھەم خەلقنىڭ ئۆز مىللىتىنى ئۆزلىرى يېتەكلەيدىغان ئاقارتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش جەھەتتە مۇھەببۇللا ئەپەندىلەر ئۈچۈن كۆپ قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

«قاراڭغۇ يەردە چىراغ يورۇقراق يانۇر» دېگەندەك مەخسۇت مۇھىتى ياققان «مەشئەل»نىڭ يورۇقى يىراقلارغا كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاستانە يېزىسى ئەتراپىدىكى باشقا يەرلەردىن، يەنى، قاراغوجا، تۇيۇق، ئاۋات، چوڭكارىز قاتارلىق جايلاردىن باللار ئوقۇشقا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 70 كە يەتكەن. شۇ سەۋەبلىك مۇھەببۇللا ئەپەندىگە ئوقۇغۇچىلارنى يالغۇز ئۆزى ئوقۇتۇش ئېغىر كەلگەن، شۇنداق قىلىپ، مۇھەببۇللا ئەپەندى مەخسۇت مۇھتى بىلەن كېڭىشىپ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمنى ياردەمچى ئوقۇتقۇچى قىلىپ بېكىتكەن. ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى ئۆزىنىڭ دەرسىنى كەچقۇرۇنلۇقى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى كېلىپ تولۇقلىغان.

1920-يىلى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەن، ئالدىنقى يىلدىكى 9 قىزغا يەنە 6-7 قىز كېلىپ قوشۇلغان. ئايشەمخان سەئىدى 3-يىللىق سىنىپ دەرىجىسىدە بولۇپ، قالغانلىرى 2-يىللىق سىنىپ، يېڭى كەلگەنلىرى 1-يىللىق سىنىپتا ئوقۇشقا باشلىغان. ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارمۇ كۆپەيگەن. ئابدۇللا پەرسا 1-يىللىق سىنىپلارغا ياردەملەشكەن. مۇھەببۇللا ئەپەندى كەچقۇرۇنلىرى بىر تۈركۈم چوڭ ياشلىق كىشىلەرنى ئوقۇتقان.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى، ئابدۇللا پەرسا قاتارلىق چوڭ ئوقۇغۇچىلار مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەت سوراپ كىرىپ، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نىڭ تەرەققىي قىلىشىدا، بولۇپمۇ، تۇرپان خەلقىنىڭ بىلىم بىلەن قورال لىنىپ، خۇراپاتلىقتىن، نادانلىقتىن، جاھالەت ۋە زۇلمەت قاپلىغان مۇدھىش جەمئىيەتتىن قۇتۇلۇپ، يورۇق، ئازادە بەختىيار زامانغا ئېرىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى 1921-يىلى ئايشەمخان (ئائىشە خانىم، يەنى، ئائىشە سەئىدى ھاجى قىزى 1907-يىلى تۇغۇلۇپ، 1975-يىلى ۋاپات بولغان) سەئىدى ھاجى (1875-يىللىرى تۇغۇلغان، 1938-يىللىرى ئەتراپىدا تۇرپان ئاستانىنىڭ يۇقىرى چىنكە مەھەللىسىدىكى ئەزنە مەسچىتىنىڭ غەرب تەرىپىگە غوجام سۇيىدىن پايدىلىنىپ يۇرۇشىدىغان بىر پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، تۇرپان تەۋەسىدە تۇنجى

بولۇپ سانائەتكە يۈزلەنگەن. 1940 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولغان) بىلەن تويى قىلغان بولۇپ، 1922 ـ يىلى 5 ـ ئايلاردا تۇنجى پەرزەنتى زەيتۇنەنى تۇغقان. ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى ۋە ئايشەمخان سەئىدىلەر پۈتۈن ئۆمرىدە 16 بالىلىق بولۇپ، 12 بالىسى تۇغۇلۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋاپات بولۇپ كېتىپ، پەقەت زەيتۇنە (1975 ـ 1922)، مەريەمخان ( 1971 ـ 1924)، ھەنىپخان ( 2011 ـ 1935)، ھەسەن (1942 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھازىر ھايات) قاتارلىق 4 نەپەر پەرزەنتى قالغان.

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى بىر تەرەپتىن ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇش، يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بولۇش جەريانىدا ئۇستازىغا ئىنتايىن سادىق، كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان بولغان.

مۇھىبۇللا ئەپەندى ئاغرىپ قېلىپ، 1922 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمىنى چاقىرتقان. ئۇ ئۇستازى-نىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇستازىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بەكمۇ چۆچۈپ، ھودۇقۇپ كەتكەن ۋە ئۇستازىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغان. مۇھىبۇللا ئەپەندى بىر ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزى-نىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى، بۇ يەردە دوختۇرنىڭ يوقلىقىنى، ئۇ-رۇمچىگە چىقىشقا يولنىڭ يىراقلىقىنى، قاتناشنىڭ قولايسىز ئە-كەنلىكىنى ئېيتىپ، كۆز يېشى قىلغان ۋە ئېچىنغان ھەمدە ئۆزى-نىڭ كېسىلىنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى ئېيتىپ، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇ-قەييۇمغا، ئۆزىنىڭ كېسىلى ساقىيىپ بولغىچە، مەكتەپنى ۋە ئو-قۇغۇچىلارنى باشقۇرۇپ تۇرۇشنى ھەم 5 ـ ۋە 6 ـ يىللىق سى-نىپلارنىڭ دەرسلىرىنى ئۆتۈپ تۇرۇشنى تاپشۇرغان. شۇنداق-لا، ھەر بىر سائەتلىك دەرسلەردە ئۆتىلىدىغان مەزمۇنلار توغ-رىسىدا قانداق سۆزلەشنى چۈشەندۈرگەن.

ئەتىسى، 4 ـ مارت ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلار ئۇستازى مۇھىبۇللا ئەپەندىنى يەنە يوقلاپ كىرگەن، ئەمما، مۇھىبۇللا ئەپەندىنىڭ سۆز قىلغۇدەك مادارى قالمىغان. ئۇلار ئۇستازىنىڭ كېسىلىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بەكمۇ ھەسرەتلەنگەن ۋە ئېچىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇستازىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇس-تازىغا بولغان مۇھەببىتىنى، ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى ئۇستازلىرىغا ھېس قىلدۇرغان ھەمدە ئۇستازلىرىنىڭ ئازابلىنىۋاتقان مۇڭلۇق قەلبىگە زور رازىمەنلىك ھېس ـ تۇيغۇ، ئەزگۈ ئىز قالدۇرغان.

1922 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مۇھىبۇللا ئەپەندى 42 يې-شىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇ-تۇش ۋە ئوغۇللار مەكتىپىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئابدۇرۇ-سۇل ئابدۇقەييۇمى بىلەن ئابدۇللا پەرسا قاتارلىقلارنىڭ زىم-مىسىگە يۈكلەنگەن. 1922 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گۈلەندەم ئابىستاي ئاستانىدىن چۆچەككە قايتىدىغان ۋاقتىدا، ئارتۇق كىتاب، دەرسلىكلەرنى، خەرىتە ـ دەپتەرلەرنى «مەخسۇدىيە مەكتىپى»نىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئابدۇرۇ-سۇل ئابدۇقەييۇمغا تاپشۇرغان.

قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇستازى گۈلەندەم ئابىستاي چۆ-چەككە قايتىش ئالدىدىكى كېچىسى ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى بىلەن ئايشەمخان سەئىدى ئەر ـ خوتۇن گۈلەندەم ئابىستاينىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ، ئۇستازلىرىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن.

دېمەك، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى 1919 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1922 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولغان بولسا، 1922 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. ئۇ 1922 ـ يىلدىن تاكى 1938 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىللىي مائارىپقا زور ئىشتىياق باغلاپ، كۆپلىگەن ئەجىرلەرنى سىڭدۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئىختىساس ئە-گىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ھەم ئانا تۇپراقتىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا كىشىلەر ھۆرمەتلەپ « ئاب-دۇرۇسۇل ئەپەندى» دەپ ئاتىغان.

1922 ـ يىلى مۇھىبۇللا ئەپەندى ۋاپات بولۇپ، گۈلەندەم ئابىستاي چۆچەككە كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەي-يۇمى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئىچىدىن يېتىشىپ چىقىپ، يەرلىكتىن ئوقۇتقۇچى بولماسلىقتەك بوشلۇقنى تولدۇرغان.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى 1922 ـ يىلدىن كېيىن ئۆز خىزمىتى-دە ئاجايىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ كىشىلەرگە بىلىم بېرىشتىن تاشقىرى مول تۇرمۇش بىلىملىرىنىمۇ ئۆگەت-كەن. مەسىلەن: كەمىنە مۇئەللىپنىڭ كىچىك ۋاقتىلىرىمدا چۈشلۈك تامىقىمنى يەپ بولۇپلا يېتىۋالىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. مەرھۇم ئاتام (ياقۇپ نەمتۇللا) رەھمىتى « تامىقىڭنى يەپ بولۇپلا مۇنداق يېتىۋالما، بالام، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتلارنى 15ـ 10 مىنۇت ئايلانسا، تاماق ئادەمگە ياخشى سىڭىدۇ، ئا-دەمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولىدۇ، دەيدىغان. سەنمۇ شۇ ئا-دەتنى ئۆزۈڭدە يېتىلدۈرگىن.» دېگەن سۆزنى كۆپ قېتىم

تىلغا ئالغان ئىدى.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئابدۇللا توقاي، پۇشكىن، شەيخ سەئىدى، يۈسۈپ خاس هاجىپ، ئەلشىر ناۋائىي، جۈملىدىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەسەرلىرى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ئابدۇللا توقاينىڭ:

«ئەي توغان تىل، ئەي ماتور تىل،
(ئەتكەم ئەنكەمنىڭ تىلى.)
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم،
سەن توغان تىل ئارقىلىق.»

دېگەن شېئىرىنى «مەكتەپ مارشى» قىلىپ ئۆگەتكەن. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ئۆزىمۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان. (ئاستانىدىكى چوڭ ياشلىق كىشىلەرنىڭ بايانى) ئەمما، ئۇنىڭ شېئىرلىرى هازىرغا يېتىپ كېلەلمىگەن ياكى خاتىرىسى قالدۇرۇلمىغان، پەقەت تۆۋەندىكى ئىككى كوپلېت شېئىرىلا (مۇئەللىپكە) مەلۇم:

«ئەجەب بىر زامان بولدى، ئارىمىزدا مۇهەببەت يوق،
بايلاردىن بىرى ئۆلسە كېلۇر قازى بىلەن مۇپتى.
مەگەر ئۆلسە پەقىرلەردىن نامازىغا جامائەت يوق،
هازا قىلۇر پەقەتلا شۇ مىسكىن بالا بىلەن جۈپتى.»

بۇ رىشىت هوشۇر (1934 - يىلى ئاستانىدە تۇغۇلغان، هازىر هايات)نىڭ بەرگەن ئۇچۇرى.

«سۇسىز چۆللەردە، قاراڭغۇ تۈندە،
تاشلىق، قۇملۇقتا چىققاندا بوران.
سۇ تاپالماستىن، كۆز ئاچالماستىن،
يۈرۈۋېتىمىز بىز، سوقۇلۇپ هەريان.»

(مەرھۇم مۇقىيت شېرىپىنىڭ «مەخسۇدىيە مەكتىپى» توغرىسىدا يازغان خاتىرىسىدىن)

1934 - يىلى، تۇرپان ناهىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاستانىدە بىۋاستە تارماق ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان. ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەييۇمى ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1934 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە تۇرپان ناهىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، ئاستانە بىۋاستە تارماق ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

شۇ يىلى، يەنى 1934 - يىلى، تۇرپان ناهىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاستانە بىۋاستە تارماق ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئاستانىدە ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى (داۋامەت خۇدايارى ۋە ئابدۇرېهىم توختىنىيازلار بىلەن بىرگە) تۇرپان، پىچان، توقسۇن، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن مۇهەممەت زەيدى، قېيۇم هوشۇر، زۇنۇن تۇردى، مۇهەممەت مەنىك، ئەسەيدۇللا ئەپەندى، ئەخمەت ۋاجىدى، ئابدۇرازاق نىياز، ئابدۇرىشىت ئەپەندى، ئابدۇرېهىم هوشۇر، ئابدۇللاخان، ئىسمايىل ئىسلام، پەخرىدىن نۇر، ئابدۇۋاهىت زەيدى، نەمتۇللا قارى (نەمۇگدىكى)، ئابدۇرېهىم نۇرۇللا، مەمتىلى هاجى، ئىمىن ئەپەندى، نەسرۇللا ئەپەندى، ئابدۇراهمان پازىلى، ئابلىم سەئىدى، ئىلى سوۋۇرۇپ، ئەنەيتۇللا ئەپەندى، ئابلىز خالىق، قاسىم سادىر، ئابدۇرېهىم ئابدۇراخمان، قاسىم هابىلى، هەمدۇللا نىياز، ئىلى ئەپەندى، ئابلىتىپ هامىل، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، داۋامەت ئەپەندى، ئابلاجان قېيۇم، ئايشەم ئاۋۇستەي، پاتەم ئاۋۇستەي، مۇيدىن ئەپەندى، ئا جەنشىڭ، پى لاۋ شى، كې لاۋشى، رەجەپ هاشىم، ئابلىز نەمەت، ئابدۇراخمان بەكرى، ئىسمايىل مىجىت، رېقىپ قۇربان، هەمدۇللا سېتى قاتارلىق ياشلارنى تەربىيەلەپ، ئوقۇتقۇچى قىلىپ يېتىشتۈرگەن.

1913 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە مەخسۇت مۇهىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ مەكتەپ 1913 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە 36 يىل «مەخسۇدىيە مەكتىپى» نامىدا ئاتالغان بولسا، 1949 - يىلدىن 2009 - يىلى 6 - ئايغىچە جەمئىي 60 يىل «ئاستانە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ» نامىدا ئاتالغان. 2009 - يىلى مائارىپ ئىسلاهاتىنىڭ ئېهتىياجىغا ئاساسەن، ئاستانە يېزىسى تەۋەسىدىكى بارلىق مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، 2009 - يىلدىن هازىرغىچە «ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپ» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

1933 - يىلى ئەتىيازدا سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ سوتسىيالىستىك كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە قارشى تۇردىغان، بۇرۇنقى چاررۇسىيەنىڭ ئاقسۆڭەك قالدۇق كۈچلىرىنىڭ بىر ئوچۇم ئىسيانكارلىرى شىنجاڭغا ئېقىپ كىرىپ، شېڭ شىسەي (1933 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە 11 يىل 5 ئاي شىنجاڭدا هۆكۈم سۈرگەن جاللات ئەمەلدار)گە ياللىنىپ تۇرپاندا قوزغالغان دېهقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاستانىگە كېلىپ، ئۇدۇل كەلگەنلا ئادەمنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. مۇشۇن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





داق قالايمىقانچىلىقتا، كىشىلەر قورقۇپ كېتىپ، ئۇياق-بۇياققا
قېچىشقا باشلىغان. دەل شۇ ۋاقىتتا تۇرپان ئاستانىدىكى يېڭى-
تۇر مەھەللىسىگە تەۋە بولغان سەكەن مەھەللىلىك ئابدۇللا تۆ-
مۈرچى قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا، باندىتلار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، ئېلىپ
ماڭماقچى بولغان، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى بۇ ئىشنىڭ دەل
ئۈستىگە كېلىپ قېلىپ، راۋان رۇس تىلى بىلەن: «ئەي سولداد
(ئەسكەر)لار! بۇ ئادەم ئېغىز (سىڭگىم ئېغىزى)غا چىقمىغان
ھەم ئىنقىلابقا قاتناشمىغان، بۇ بىر دېھقان، تۆمۈرچى، گۇناھ-
سىز، قويۇپ بەرگەن بولساڭلار» دېگەندىن كېيىن ئابدۇللا
تۆمۈرچىنى قويۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستانىدىكى بى-
گۇناھ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەر توپىدىن ئامان قېلىپ، ھايات
قالغان. ئابدۇللا تۆمۈرچى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىگە بىر ئۆمۈر
مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى مائارىپ ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى
سەرپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى، ئۆ-
مۈرلۈك جۈپتى بولغان ئايشەمخان سەئىدى ھاجى قىزىمۇ بىر
ئۆمۈر تۇرپان ئاياللار مائارىپى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان،
تۇرپان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىن، شۇنداقلا «مەخسۇدىيە
مەكتىپى»دىن تۇنجى يېتىشىپ چىققان مۇئەللىمە ئابىستەي
ئىدى. بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك 1919-يىلى گۈلەن-
دەم ئابىستاي ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن ئايشەمخان سەئىدى
ھاجى قىزى ئۇنىڭ تۇنجى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ،
ئوقۇش پۈتكۈزگەن ۋە 1922-يىلى 6-ئايدا گۈلەندەم ئابىس-
تاي چۆچەككە قايتقاندىن كېيىن، تۇرپاندىكى قىز ئوقۇغۇچى-
لارنى ئوقۇتۇش ئىشى ئايشەمخان ئابىستاي سەئىدى ھاجى
قىزى بىلەن پاتەمخان ئابىستاي (مەخسۇت مۇھىتنىڭ قىزى) غا
يۈكلەنگەن ئىدى.

چەت ئەلدىن ئايال ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىش ئىشى
بولسا، 1919-يىلدىن 1922-يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان
گۈلەندەم ئابىستايىنى تەكلىپ قىلىشتىن ئىبارەت بىرلا قېتىم
بولغان. گۈلەندەم ئابىستايىنىڭ يولدىشى ۋاپات بولغاندىن
كېيىن، گۈلەندەم ئابىستاي ئامالسىز چۆچەككە قايتىشقا مەجبۇر
بولغان. شۇنىڭ بىلەن قىز ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەش، ئوقۇ-
تۇش ئىشى ئايشەمخان سەئىدى ۋە پاتەمخان قاتارلىق ئابىس-
تايلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەندىن كېيىن، ئايشەمخان سەئى-
دى ئۇستازى ئۆگەتكەن دەرسلەردىن تارتىپ، كىيىم-كېچەك
تىكىش ۋە گۈل كەشتىلەش قاتارلىق قول-ھۈنەر كەسپلىرىگى-
چە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگەتكەن.

دېمەك، ئايشەمخان سەئىدىمۇ ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىگە
ئوخشاشلا 1922-يىلدىن باشلاپ تاكى 1950-يىللارغىچە تۇر-
پاندىكى سانسىزلىغان قىز ئوقۇغۇچىلارنى يارامىلىق تەربىيە-
لەپ، كەلگۈسىدە ۋەتەن، يۇرت-خەلق ئۈچۈن، بىر قولىدا
بۆشۈكنى، بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدىغان بۈيۈك ئانىلارنى
يېتىشتۈرۈپ چىققان.

1936-يىلىغا كەلگەندە قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ
سەركەردىسى ۋە ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆ-
كۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان غوجىنىياز ھاجى تۇرپان
ئاستانە يېزىسىنىڭ يۇقىرى مەھەللىسىگە ئۇنىۋېرسال بولغان
خېلى زور دەرىجىدىكى پاختا پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن ماي تارتىش، چىقىرىش قاتارلىقلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈل-
گەن زامانىۋىي ئىلغار زاۋۇت قۇرماقچى بولغان. بۇ چاغدا ئاب-
دۇرۇسۇل ئەپەندى غوجىنىياز ھاجىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن،
مۇھىتلار ئائىلىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا،
ئۆزى سۆيۈپ ئىشلىگەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئايرىلىپ،
1937-يىلغىچە زاۋۇت قۇرۇلۇشىنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل
بولۇپ ئىشلىگەن. 1937-يىلدىن كېيىن يەنە ئوقۇتقۇچىلىق
خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرغان.

ئىنسانىنىڭ پۈتكۈل ھاياتى پۈتۈنلەي ئازاب-ئوقۇبەت، خا-
رۇزارلىقتا ئۆتۈپ كەتمىگىنىگە ئوخشاش، پۈتكۈل ئۆمرى
خۇشال-خوراملىق ۋە بەخت-سائادەتتىلا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.
1938-يىلىغا كەلگەندە، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنى جاھالەتلىك
زامانىنىڭ قارا بورانلىرى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغان. شۇ يىلى
ئۇ شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئاي-
شەمخان سەئىدىنىڭ زىممىسىگە، قىز ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيە-
لەشتىن تاشقىرى، يەنە زەيتۇنە، مەريەمخان، ھەنىپخان قاتار-
لىق پەرزەنتلىرىنى بېقىش، تەربىيەلەش، قاتارغا قوشۇش، بو-
لۇپمۇ، شۇنداق ۋەھىملىك، تۈرمۇش قىيىنچىلىقلىرى ئېغىر بو-
لۇۋاتقان شارائىتتىكى مۇشكۈلاتلارنى يېڭىشتىن ئىبارەت ۋەزى-
پە يۈكلەنگەن. باتۇر، جاسارەتلىك ئايشەمخان سەئىدى بۇ مۇ-
شەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، پارلاق مەنزىلگە قاراپ ئالغا
ئىلگىرىلىگەن. كاج پەلەكنىڭ تەقدىرى بىلەن «بالا-قازا
كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك، ئايشەمخان ئابىستايىنىڭ ئا-
تىسى سەئىدى ھاجى 1940-يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولۇپ
كەتكەن. ئايشەمخان سەئىدى ئۈچۈن ئائىلە قىيىنچىلىقلىرىنى

يېڭىش، يولدىشى ئۈچۈن ئېچىنىش، ئاتىسى ئۈچۈن قايغۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ قايغۇ-ئەلەملەر بەكمۇ ئېغىر كەلگەن.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى 1942-يىلى تۈرمىدىن ھايات قايتىپ چىققان. ئۇ تۈرمىدە ئىنتايىن ئېغىر قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى ۋە غۇرۇرىنى ساقلاپ، مىللەت ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلمىغان. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى تۈرمىدىن چىققاندا، قېيىنئاتىسى سەئىدى ھاجى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، سەئىدى ھاجىنىڭ يالغۇز ئوغلى قۇربان سەئىدى (تاشكەنتتە ئوقۇغان) شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە قازا قىلغانلىقى ئۈچۈن سەئىدى ھاجىنىڭ ئىقتىسادى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى تەبىئىيلا ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆيۈپ ئىشلەيدىغان ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ بايان قىلىمىزكى، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ 1910-يىلى تۇغۇلغان ئۇكىسى ئابدۇۋاھاپ 1925-يىلى مەخسۇدىيە مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ، شۇ يىلى 9-ئايدا شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، تاكى 1962-يىلغىچە 37 يىل ئوقۇتقۇچى بولغان. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ئۇنىڭغا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تەربىيە ۋە مەدەت بەرگەن. ئۇ ئاساسەن تارىخ دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولغان، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى بولسا ئائىلە ئىشلىرى ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇشتىن تاشقىرى نەزەربەند قىلىنىپ، تەقىب ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ئەنە شۇنداق ئىزتىراپلىق ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنى 1944-يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ۋولقاندەك پارتلىغان. تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى ئابدۇراھمان مۇھتى تۇرپاندىن قوشۇن تەشكىللەپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قوشۇلۇپ، ۋەتەن، خەلقنىڭ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش توغرىسىدا كېڭەش قىلغاندا، ئابدۇراخمان مۇھتى، سىراجىدىن زەپەر، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى قاتارلىقلار بىرگە مەسلىھەتلەشكەن. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى تۇرپان قوشۇنلىرىنىڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قاتنىشىشىغا مەدەت بەرگەن. ئەمما، ئۆزى قېيىنئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، غۇلجىغا بېرىشقا ئامالسىز قېلىپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»غا قاتنىشالمىغان.

ئىنسان دۇنياغا كەلگەن ئىكەن، جاھاننىڭ خىلمۇ-خىل قىسمەتلىرىگە دۇچار بولىدۇ. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇپ، 1950-يىللىرى مەملىكىتىمىزدە ئاھالىلەرنىڭ سىنىپي تەركىبى ئايرىلغاندا ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ تەركىبى (قېيىنئاتىسىنىڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 50 مودىن ئارتۇق يەرنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن) «پومېشچىك» دەپ ئايرىلىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئاما ئىچىدە كېچە-كۈندۈز كۈرەش، سازايى، تەنقىد قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايشەمخان ئابىستايمۇ سازايى قىلىنىشتىن مۇستەسنا بولالمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سەئىدى ھاجىنىڭ ۋە ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ بارلىق ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداشلىرى تۇرمۇش كەچۈرۈشتە تاسقاقچىلىققا قېلىپ، بەختسىزلىككە ئۇچراشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا قۇربان سەئىدىنىڭ ئايالى توختىخان تۇل قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىگە-چاقىسىز بولۇپ قېلىپ، ئېغىر تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا ئۇچرىغاندا، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىشى بىلەن توختىخاننى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ئائىلىسىگە ئېلىپ كېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئالغان.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنى كۈندە كۈرەش، سازايى قىلغاندىن سىرت، 1952-يىلغا كەلگەندە، ئاستانە يېزا غوجامئالدى مەھەللە (ئەسلىدىكى يالقۇنتاغ گۇڭشې قىزىل بايراق 2-چوڭ ئەترەت)دىن چاتقال يېزا قاراغوجاكارىز مەھەللە (ئەسلىدىكى قىزىل بايراق گۇڭشې يېڭىنۇر چوڭ ئەترىتى) تەۋەسىدىكى سەئىدى ھاجى كارىزى (سەئىدى ھاجى كارىزى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ قېيىنئاتىسىنىڭ كارىزى بولغانلىقى ئۈچۈن)غا مەجبۇرى كۆچۈرۈۋېتىلگەن.

ئايشەمخان سەئىدىنىڭ 1922-يىلى 9-ئايدىن باشلانغان ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى 1950-يىلى ئاخىرلاشقان. ئۇ بۇ 28 يىللىق مائارىپ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان بەدەللەرنى تۆلەپ ۋە قان-تەر ئاققۇزۇپ، 400دىن ئارتۇق قىز ئوقۇغۇچىلارنى، بولۇپمۇ، نۇرغۇنلىغان مۇئەللىمە، ئابىستايلارنى يېتىشتۇرۇپ چىققان. ئايشەمخان سەئىدى يېتىشتۇرگەن ئوقۇتقۇچىلاردىن سارىخان شېرىپى، خەلچىخان ئابلىتىپ (ئابلىتىپ باقى قىزى)، خەلچىخان ھېۋزۇللا قاتارلىق ئۇستازلار ھازىرمۇ ھايات بولۇپ، ئۇلار بۇ مۆھتەرەم مۇئەللىمەسىنى ھازىرمۇ ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى سەئىدى ھاجى كارىزىغا يۆتكەل-



TURPAN LITERATURE 2015.2

www.uyghurkitap.com





گەندىن كېيىن يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندا، بۇ جايدىكى
خىزمەت گۇرۇپپىسى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ھەققىي ئەھۋا-
لىنى ئىگىلەپ چىقىپ، «بۇ كىشى بىر ئۆمۈر مائارىپ خىزمىتى
بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ، بۇ يەر بۇ ئادەمنىڭ ھەققىي ئۆزىنىڭ
يېرى ئەمەسكەن» دەپ، «پومېشچىك» دېگەن تەركىبنى بىكار
قىلىپ، «ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان» دېگەن تەركىبكە ئايرىغان.
شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ئاندا- ساندا كۈرەش،
سازايى قىلىنىشلاردىن مۇستەسنا بولالمىغان.

1954 - يىلى سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئى-
سى بۇرھان شەھىدى ئەپەندى تۇرپانغا خىزمەتلەرنى تەكشۈ-
رۈپ كېلىپ، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ
كېتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى
بولسا، يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى، بىرەر خىزمەت قىلغۇدەك
ھالىنىڭ يوقلىقى، ئەڭ مۇھىمى، ئائىلىسىدىكى بالا- چاقىلىرى-
نىڭ تۇرمۇشى قاتارلىق ئەھۋاللىرى تۈپەيلى، ئۆزرە سورىغان.
(ئەينى ۋاقىتلاردا، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ مائارىپ خىزمىتى-
دە داڭقى چىققاچقا ئۇ مەخسۇت مۇھىتى ۋە ھەيدەر سايرانى
ئەپەندىلەر ئارقىلىق بۇرھان شەھىدى ئەپەندى بىلەن تونۇ-
شۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى 1934 - يىلىدىن باشلاپ ئور-
نىتىلغان بولۇپ، كۆپ قېتىم ھەمسۆھبەتلەردە بولغان.)

شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ئىشلەپچىقىرىش ئەت-
رىتىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن بەند بولۇپ، ئېتىز-
ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

1958 - يىلغا كەلگەندە، مەملىكىتىمىز بويىچە «چوڭ
سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ، پۈتكۈل
مەملىكىتىمىزدە ئومۇميۈزلۈك « پولات -تۆمۈر تاۋلاش» دول-
قۇنى كۆتۈرۈلگەندە، تۇرپان، پىچان، توقسۇن تەۋەسىدىن
نۇرغۇنلىغان دېھقانلارنى، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ كورجەيگە
ئېلىپ بېرىپ، پولات- تۆمۈر تاۋلاش ئېلىپ بارغاندا، ئابدۇرۇ-
سۇل ئەپەندىمۇ بارغان. شۇ يىلى يەنە ئەدەبىيات- سەنئەت
جەھەتتە مەملىكىتىمىزدە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش،
ھەممە ئېقىملار بەس- بەستە سايراش» فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغاندا، پولات- تۆمۈر تاۋلاش مەسئۇللىرى، ئابدۇرۇسۇل
ئەپەندىنىڭ شائىرلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بارچە گۈللەر-
نى تەكشى ئېچىلدۇرۇش، ھەممە ئېقىملارنى بەس- بەستە ساي-
رىتىش ئۈچۈن، ئۇنى شېئىر يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرغان. ئابدۇ-
رۇسۇل ئەپەندى ئىككى كېچە- كۈندۈزدە «خۇراپاتلىق مەب-
كوراڭ» دېگەن تېمىدا، پالچىلار، پېرخونلار، داخانلار قاتار-
لىق خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى تەن-
قىدلەپ ۋە ئەيىبلەپ، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك توغرىسىدا 500
كوپلىت شېئىر يازغان. (ئەپسۇس، بۇ شېئىر ھازىرغا يېتىپ كې-
لەلمىگەن ياكى خاتىرىسى قالدۇرۇلمىغان).

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى 1960 - يىلى كورجەيدىن قايتىپ
كېلىپ، يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرى
بىلەن مەشغۇل بولىۋەرگەن.

1966 - يىلى 5 - ئايغا كەلگەندە، مەملىكىتىمىز مىقياسىدا
بالايى- ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ
كەتكەن. دەل شۇ ۋاقىتلاردا ئىسيانچىلار ئابدۇرۇسۇل ئەپەن-
دىنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، شەيخ سەئدىنىڭ «بوستان»، «گۈ-
لىستان»، ئەلشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە» داستانى، ئۇنىڭدىن
باشقا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن نىكولاي
ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» (روس
يېزىقىدىكى)، پۇشكىن ئەسەرلىرى، ماكسىم گوركىي ئەسەرلە-
رى، لېۋ تولستوينىڭ ئەسەرلىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئاتاق-
لىق شائىر، يازغۇچىلارنىڭ، كىلاسسىكلارنىڭ كۆپلىگەن كىتاب-
لىرىنى تېپىپ چىقىپ، «تۆت كونىنىڭ بىر قىسمى ۋە قالدۇقلى-
رى، زەھەرلىك كىتابلار» دەپ، بۇ كىتابلارنى ئابدۇرۇسۇل
ئەپەندىنىڭ بويىنىغا ئېسىپ، سازايى، كۈرەش قىلغان، قاتتىق
قىينىغان ۋە ئاخىرىدا ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ بارلىق كىتابلى-
رىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن.

بۇ خورلۇقلار ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىدىن ئىبارەت بىلىم-
لىك، ئىستېدات ئىگىسىگە تولىمۇ ھار كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن
ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى جىسمانىي ئازابلىنىشتىن باشقا يەنە
روھىي ئازابلىنىشنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، جىسمانىي
ۋە روھىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ، كاج پەلەكنىڭ قىسمىتى
بىلەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان ۋە 1967 - يىلى 5 - ئايدا ھا-
زىرقى چاتقال يېزا قاراغوجاكارىز كەنتى 5 - گۇرۇپپا (قىزىنىڭ
كارىزى مەھەللىسى)دىكى نەۋرىلىرىنىڭ ئۆيىدە 68 يېشىدا
ۋاپات بولغان. جەستى قىزىنىڭ كارىزى قەبرىستانلىقىغا دەپنە
قىلىنغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى، يەنى، ئوغلى ھەسەن ھاجى ئابدۇ-
رۇسۇللار سەئىدى ھاجى كارىزى تەبىئىي ۋەيران بولغانلىقى
ئۈچۈن، باشقا ئائىلىلەر بىلەن بىللە، 1974 - يىلى قاراغوجاكا-
رىز مەھەللە كومىتېتىغا تەۋە تاراجى (تاھىر ھاجى) كارىزىغا
كۆچۈپ چىققان.

ئايشەمخان سەئىدى ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ۋاپاتىغا ئېغىر قايغۇرغان، ئېچىنغان. ئايشەمخان سەئىدى ئۇچۇن سۆيۈملۈك ھەمراھىنىڭ ۋاپاتى تولىمۇ ھار كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تېنى ئاستا-ئاستا ئاجىزلاشقا باشلىغان ھەم كېسەل چىرماشقا يۈزلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن 1975-يىلى 3-ئايدا 68 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئايشەمخان سەئىدىنىڭ جەستىمۇ ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى ۋە ئايشەمخان ئابىستايىلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئات، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بۇ ئىككى مۆھتەرەمنىڭ نامنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ۋە ئۇلۇغلاش ئارزۇسىدا پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىم-شەرىپلىرىنى ئابدۇرۇسۇل ۋە ئايشەمخان دەپ قويغان. بۇلاردىن ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ تۇنجى قىزى زەيتۇنەنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ئۆزىنىڭ ئوغۇل پەرزەنتىگە ئابدۇرۇسۇل (ۋاپات بولۇپ كەتكەن) دەپ ئىسىم قويغان، قىز پەرزەنتىگە ئايشەمگۈل دەپ ئىسىم قويغان. ئايشەمگۈل چوڭ بوۋىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەسلەپتە چاتقال يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن مەلۇم سەۋەب، ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن، خىزمەت ئالماشتۇرۇپ ھازىر تۇرپان شەھەر ئىدىقۇت كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا قاراشلىق ئارمىيە خەلق ئورتاق قۇرۇش مەھەللە كومىتېتىدا خىزمەت قىلماقتا.

پايدىلانما مەنبەلىرى:

1. ئۆمەرجان سىدىقنىڭ «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى» (مۇھتىلار جەمەتى) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى 1-بېسىلىشى

2. تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتى تارىخى ماتېرىياللار ئىشخانىسى تۈزگەن «تۇرپان تارىخى ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتابلار


3. «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 2-سانى

4. «تۇرپان»ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 3-، 4-سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «مۇئەللىمە گۈلەندەم خەببۇللىنىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» ناملىق ئەسەر

5. 2003-يىلى، تۇرپان شەھرى ئاستانە مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت باغرىدىكى مەرىپەت بۆشۈكى ئاستانە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى» ناملىق تەزكىرە

6. تۇرپان شەھرى ئاستانە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2013-يىلى تۈزگەن «ئىدىقۇت باغرىدىكى ئەسىر ھالقىغان مەرىپەت بۆشۈكى - تۇرپان شەھەر ئاستانە مەكتىپى» ناملىق تەزكىرە

7. ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ھازىرقى ھايات ئوغلى ھەسەن ھاجى ۋە ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرى ھەم ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇنى بىلىدىغانلار بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەت قاتارلىقلار مەنبە قىلىندى



سۈرەتتە: ئوڭدىن ئابدۇقاھار ئابدۇرىشىت، زەرىپخان مۆمىن(ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ ئايالى)، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم(ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ چوڭ قىزى زەيتۇنەخاننىڭ ئوغلى)، ھەسەن ھاجى ئابدۇرۇسۇل(ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ئوغلى)، ئابدۇرىشىت ئابدۇرېھىم(زەيتۇنەخاننىڭ ئوغلى، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ نەۋرىسى)، ئايشەمگۈل ئابدۇللا(ئابدۇللا ئابدۇرېھىمنىڭ قىزى، ئابدۇرۇسۇل ئەپەندىنىڭ ئەۋرىسى)

(ئاپتور تۇرپان شەھرى ئىدىقۇت رايونى ئاستانە يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

ساداقەت

بىزەكلىك خاتىرىسى

# غالىپ روھ


(تۇرپان بۇيلۇقتىكى باللار كېسەللىرى دوختۇرى ھەسەنجان ھۇسىين تونغىرىسىدا)

(ئەدەبىي خاتىرە)

تۇرپان بۇيلۇقتىكى باللار كېسەللىرى دوختۇرى ھەسەنجاننىڭ داڭقىنى كۆپ كىشىلەر بىلىدۇ. ھەر كۈنى سەھەردە بۇيلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا جايلاشقان «ھۇسىين دوختۇر ئامبولاتورىيەسى»نىڭ ئالدى ماشىنىلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. تۇرپاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن، ھەتتا، ئۈرۈمچى، كورلا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ھاجەتمەنلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ كېسلىنى كۆرستىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردە ئامبولاتورىيەگە كېلىپ، نومۇر ئېلىپ ئۆچرەتتە تۇرىدۇ. بەزى كۈنلىرى كېسەللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يېرىم كۈنلەپ، بىر كۈنلەپ ئۆچرەت ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئامبولاتورىيەدە ياش تۇرۇپلا ئۇتۇق قازانغان، ئەلگە تونۇلغان باللار كېسەللىرى دوختۇرى، مەسئۇل ۋىراچ ھەسەنجان ھۇسىين دەممۇ ئالماي، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ بىر كۈن كەچكىچە كېسەل كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، بىمارلار ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، رەھىمسىز تەقدىردىن غالىپ كەلگەن قەيسەر خاراكتېرى، مېيىپلىققا تەن بەرمەي ھاياتقا مەردانە يۈزلىنىپ، غەلبىسېرى ئىلگىرلەۋاتقان ئەمەلىيىتى كىشىنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايدۇ.

مەن ھەسەنجان بىلەن 2005 ـ يىللاردا تونۇشقان ئىدىم. بۇ يىللاردا بىز شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ، تۇرپاندا نورۇز مەشرىپى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتۇق. بۇ چاغدا ھەسەنجان ماڭا سەنئەتچى سۈپىتىدە تونۇشلۇق بەرگەن ئىدى، پاكىز، مودا كىيىنىپ يۈرىدىغان، سورۇنلارنىڭ گۈلى بولغان بۇ ياشنى ساغلام، بېجىرىم دەپ ئويلايتتىم. ئۇ 2006 ـ يىلى بىز شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن بىرلىشىپ تۇرپاندا ئۆتكۈزمەكچى بولغان «تەڭرىتاغ كۈيلىرى» نورۇز مەشرىپىگە «ياشايمەن ئۈمىدكە تولۇپ» ناملىق ناخشىسىنى تەييارلىدى. بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى ئۆزى يازغان، مۇزىكىسىنىمۇ ئۆزى ئىشلىگەن، ئۆزى سەھنىگە چىقىپ ئورۇندايتتى. تېكىست مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«تۇساتتىن بېشىمغا كېلىپ بىر قازا،
ئايرىلدىم جىسمىمنىڭ بىر تۈۋرۈكىدىن.
يۈرىكىم ئېزىلىپ ئازابقا تولدى،
قالاركىن نە ئىز ھايات يولۇمدىن.

ئەسلىمە بوپ قالدى شوخلۇقۇم بىلەن
كارىزلار بويىنى بويلىغانلىرىم.
چىمەنلەر ئارا كېپىنەك قوغلاپ،
دوستلىرىم بىلەن ئوينىغانلىرىم.

ئون گۈلۈم تېخى ئېچىلماي تۇرۇپ،
بىر گۈلۈم سولدى، ئاھ! خازان بولۇپ.
ۋە لېكىن مېنىڭ يۈرىكىم ساغلام،
ياشايمەن، دوستلار، ئۈمىدكە تولۇپ.

مەن ئەمەس ھەرگىزمۇ يۈك بولغان ئادەم،
يۈكىنى كۆتۈرەي يەنە خەلقىمنىڭ.



2015.2 TURPAN LITERATURE

ماڭىمەن ھايات يولىدا داغدام،
بولسىمۇ گەرچە بىر پۇتۇم مېنىڭ.»

مەن تېكىستنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگىنىمچە ئۇنىڭغا سوئال نە-
زىرىدە تىكىلدىم. ئۇ شۇ چاغدىلا ئوڭ پۇتىنى ئالدىغا سوزۇپ،
ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى قايرىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ پۇتى يوتىسى-
دىنلا يوق بولۇپ، سېلىۋالغىنى سۈنئىي پۇت ئىدى. بۇنى
كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدىم ۋە روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم.
چۈنكى، ئۇ ناھايىتى قىزغىن، ھېسسىياتچان، سۆزمەن، ئۈمىدۋار
بولۇپ، روھىدا مېيىپلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ
ناخشىسى شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسىدە بېرىلگەندىن كېيىن جەمئىيەت-
تە ياخشى ئىنكاس قوزغىدى، چۈنكى، ناخشىنىڭ تېكىستى تە-
سىرلىك، مېلودىيەسى مۇڭلۇق، ئورۇنلاش ماھارىتىمۇ يۇقىرى
ئىدى. ھەسەنجان بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ خېلى يۇقىرى سەنئەت ئىق-
تىدارىنى نامايان قىلغان ئىدى.

ھەسەنجان ھۇسىين 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇرپان بۇيلۇق
نىڭ ئەزنە مەسچىت كەنتىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى
ھۇسىين سەيپۇل تۇرپان تېببىي مەكتەپنىڭ تۇنجى قارار ئوقۇ-
غۇچىسى، ئۇزۇمچىلىك دوختۇرخانىنىڭ تۇنجى قۇرغۇچىلىرىدىن
بىرى بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بېرى بالىلار كېسەللىكلىرىنى
ئاساس قىلغان قان تومۇر، نەپەس، ھەزىم كېسەللىكلىرى بويە-
چە مۇتەخەسسىسكە ئايلىنىپ، «ھۇسىين دوختۇر»دەپ داڭق
قازانغان، 1993 ـ يىلى پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، بۇيلۇقتىكى
ئۆز ئۆيىدە ئامبولاتورىيە ئېچىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ھەسەنجان
مۇشۇنداق ئائىلىدە چوڭ بولۇپ، 2001 ـ يىلى تۇرپان تېببىي
مەكتەپنىڭ كلىنكىلىق داۋالاش كەسپىنى ئوتتۇرا تېخنىكوم دىپ-
لومى بىلەن پۈتكۈزدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كەس-
پىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يارامىلىق دوختۇر بولۇشىنى ئۈمىد
قىلاتتى. ئۇ بولسا سەنئەتچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى،
ئۇ كىچىكىدىنلا سەنئەتنى ياخشى كۆرەتتى، ناغرا چېلىنغان
جايدا جىم تۇرالماي، ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى.
دۇتار چېلىشنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋالغان ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭغا
تەمبۇر چالىدىغان بوۋىسى سەيپۇلاخۇننىڭ گېنى قالغان بولسا
كېرەك، مۇزىكا سېزىمىمۇ ياخشى ئىدى، ئۆزى ئانچە ـ مۇنچە
ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئورۇنداپ قوياتتى.

ئەپسۇس تەقدىرى قىسمەت كىشىنىڭ ئارزۇسىغا باقمايدۇ،
ئىنسان ھاياتىدا نى ـ نى مۇشكۈلات، سىناقلارغا، كۈتۈلمىگەن
پاجىئەلەرگە دۇچ كېلىدۇ. 2002 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ھە-
سەنجان تراكتور ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، قاتناش ھادىسىسىگە
ئۇچراپ، ئىككى پۇتى ئېغىر يارىلاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىدا ئۇنىڭ پۇتى كەينى ـ كەي-
نىدىن 4 قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىندى. ئاخىرى ئوڭ پۇتى يوتىسى-
دىن كېسىۋېتىلىپ، سول پۇتى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ساقلاپ
قېلىندى.

ـ بۇ كۈنلەر مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر كۈنلەر
بولدى، ـ دېدى ھەسەنجان، ـ بىردىنلا بىر پۇتۇمدىن ئايرى-
لىپ، دۇنيادىكى بىچارىم، ساغلام ئادەملەر قاتارىدىن مەڭگۈ-
لۈك ئايرىلدىم، مېيىپلار قاتارىغا قوشۇلدۇم. مۇشۇ ھالىتىم
بىلەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇمدا قانداق دىشۋارچىلىق-
لارغا ئۇچرايمەن، بۇ تېخى قاراڭغۇ ئىدى. مېنى ئۈمىدسىزلىك
چىرمىۋالغان ئىدى، «نېمىشقا مېنىڭ بېشىمغا بۇنداق كۈنلەر كې-
لىدۇ»، دەپ زارلىناتتىم. ھەممىدىن يامىنى جىسمانىي ئازاب
ئىدى، ھەر قېتىم پۇتۇمدىكى يارا ئېغىزىنى تازىلىغاندا چىدىغۇ-
سىز ئاغرىيتتى، ئوتتىكى قىلدەك تولغىناتتىم. بۇ ھالىتىمنى
كۆرۈپ ئاتام، قېرىنداشلىرىم باشلىرىنى تامغا ئۇرۇپ، مەندىن
كۆرە ئازابلىناتتى. بۇ ئەھۋالغا قاراپ قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ،
ھەرقانچە ئاغرىسىمۇ، لۆڭگىنى ئاغزىمدا چىڭ چىشلىۋېلىپ بەر-
داشلىق بەردىم، دەھشەتلىك ئاغرىقنى سىرتقا بىلدۈرمىدىم.
شۇنداقلا «تەقدىرنى قەيسەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆز قىم-
مىتىمنى نامايان قىلىمەن»دەپ ئەھدە قىلدىم ۋە «ياشايمەن
ئۈمىدكە تولۇپ»دېگەن شېئىرنى يازدىم. دوختۇرخانىدا ياتقان
ئىككى ئاي جەريانىدا ھاياتلىق، تەقدىر، ئادەم ھەققىدە
نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىدىم، تەپەككۇر قىلدىم. ئادەم ھەرقانچە
غالىپ بولسىمۇ، تەقدىرنىڭ ئالدىدا ئاجىز ئىكەن، پېشانىگە پۈ-
تۈلگەن قىسمەتنى تارتماي ئىلاج يوقكەن، شۇنىڭ بىلەن «ئ-
دۇنيا»دېگەن تېكىستنى يازدىم.

ـ ئىككى ئايدىن كېيىن بىر پۇتۇمدىن ئايرىلىپ، سۈنئىي
پۇت سېلىپ، دوختۇرخانىدىن چىقتىم ۋە مەھەللىگە قايتىپ
كەلدىم. بۇ جەريانىدا ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداشلىرىم
ماڭا پۈتۈن مېھرىنى بېغىشلىدى. تېخىمۇ مۇھىمى مېنىڭ پەتتار
خالىق، ئەكبەر مۇھەممەت، سالام ساتتار، ئۆمەر شەمشى،
ئۆمەر مەمتىمىن، مۇختەر ئابلىمىت، ئۆمەر غوپۇر شاكىيۇ، ئالىم
رىشىت، سىدىق ئابدۇرېھىم، ئابدۇسىم ئابلىم، زۇنۇن ئىسما-
يىل، پەرھات غوپۇر قاتارلىق ئون نەچچە دوستۇم ماڭا ھەق-
قىي دوستلۇق مېھرىنى يەتكۈزدى، ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتا
ئۇلار ماڭا نۆۋەتلىشىپ قارىدى، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ باقتى،
ھەتتا، تەرەتىمنىمۇ تۆكۈشتىنمۇ ئايانمىدى. ئەڭ ئېغىر روھى ئا-
زابقا دۇچار بولغان چاغلىرىمدا ماڭا مەنۋىي يۆلەنچۈك بولدى،
ئۇلاردىن ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا مىننەتدارمەن.

مەھەللىسىگە قايتىپ كەلگەن ھەسەنجان دوستلىرىنىڭ باغ-
رىدا ئويناپ كۈلۈپ، سەنئەت ئىشقىدا كۆيۈپ يۈردى، ئائىلە-
سىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ شىكەستە كۆڭلىنى ئاياپ ئارتۇق گەپ

TURPAN LITERATURE 2015.2

قىلمىدى. 2004-يىلى كۈزنىڭ بىر كۈنى ھەسەنجان چوڭ ئاكىسى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى، ئۇ چوڭ ئاكىسىنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى، ئاتىسى ئورنىدا كۆرەتتى. ئاكىسى پاراڭ ئارىلىقىدا ئىككىلەنگەندەك قىلىپ بىر گەپنى قىلدى:

- ئۇكەم، مەن ئۇچامدىكى كۆينىكىمنى سېتىپ بولسىمۇ ئاخىرىغىچە سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىمەن، بۇنىڭدا مەسىلە يوق. لېكىن، ئاتام 7 بالىنىڭ ئىچىدە سېنى زېھنى ئۆتكۈر، يارامliق دەپ قاراپ ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىگە ۋارىس قىلماقچى بولۇپ شۇ كەسىپتە ئوقۇتتى، بېشىڭغىمۇ نۇرغۇن ئىشلار كەلدى. ئەمدى سەن سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن دەۋاتسەن، شۇ تاپتا ئاتامنىڭ ياشىنىپ، سالامەتلىكى ياخشى بولمايۋاتىدۇ، مۇھىمى ئۆزىنىڭ ۋارىسى ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، روھىي جەھەتتىن تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ، سەن مۇشۇ ھالىتىڭدە دوختۇر بولساڭ، ئۆزۈڭگە ماس كېلەتتى، شۇڭا بۇ ئىشنى ياخشىراق ئويلىشىپ باقساڭ، - دېدى. بۇ گەپ ھەسەنجانغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئۇ شۇ كېچىسى بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى، كەسكىن تاللاش ئالدىدا ئىككىلەندى، ئۆزىنىڭ بۇنداق ئويناپ كۈلۈپ يۈرۈۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى، جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇرۇمچىدە دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتىدا ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئەتىسى دۇتارىنى كۆتۈرۈپ، دوستلىرىنى بىر سورۇنغا يىغدى ۋە دۇتارىنى دوستلىرىغا بېرىۋېتىپ:

- مەن بىر قارارغا كەلدىم، ئاتامنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يارامliق بالىلار دوختۇرى بولىمەن، سەنئەت ۋە دۇتار سىلەردە ئامانەت تۇرۇپ تۇرسۇن. ئۈچ يىلغىچە مېنى ئىزدىمىگەن بولساڭلار، سىلەرنى سېغىنسام ئۆزۈم ئىزدەيمەن، ھەممىڭدىن قول ئۈزۈپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاتامنىڭ تەلىمىنى ئالاي، - دېدى.

دوستلىرى ھەسەنجاننىڭ قىلمەن دېگەن ئىشنى چوقۇم ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدىغانلىقىغا، ئىرادىلىك، قەيسەر، زېرەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى، شۇڭا، ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەسەنجان ئاتىسىنىڭ ئامبولاتورىيەسىدە باش چۆكۈرۈپ دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى. شۇ يىللاردا تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقتى. ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭ توي ئىشىنى ئالدىرىتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى دەڭسەپ كېيىنگە سۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇ «مېنىڭ ئېغىرچىلىقىمنى كۆتۈرەلەيدىغان، ھاياتنىڭ ئەگرى-توقاي دوقاللىرىدا مەن بىلەن بىرگە ماڭالايدىغان، توختاملىق، يۈك كۆتۈرۈشلۈك، قەلبى گۈزەل بىر قىز ئۇچرارمۇ» دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. دەل مۇشۇنداق لايىق ھاۋاگۈل ھەسەنجاننىڭ ئوچۇق يورۇق، خۇشچاقچاق روھىغا، ئۆزى مېيىپ بولسىمۇ قەلبى ساغلام خاراكتېرىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا ماقۇل بولدى. 2005-يىلى 4-ئايدا ئۇلارنىڭ تويى بولدى، ھەسەنجان زور بىر مەنىۋى يۆلەنچۈككە ئىگە بولدى.

- شۇ مەزگىللەردە ھېچيەرگە چىقماي، ئاتامدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي ئۆگەندىم، - دېدى ھەسەنجان، - تومۇر تۇتۇش، مىزاجىنى تەھلىل قىلىش، خىلتلارنى ئايرىش، غەرب ۋە جۇڭگو تېبابىتى بويىچە كېسەل كۆرۈش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنلىدىم، كېسەل كۆرۈش ئاخىرلاشقاندا كېچىلەپ كىتاب كۆردۈم. 3-2 ئاي مۇشۇنداق ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ كەسىپكە بارا-بارا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. بۇ ھاجەتمەنلەر ئۆزلىرى ئالدىمىزغا كېلىدىغان، يەنە تېخى پۇل بېرىپ، بىزگە ھەشقاللا رەھمەت ئېيتىپ كېتىدىغان، ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيا ساۋابقا ئىگە بولىدىغان كەسىپكەن. بۇ مەزگىللەردە زېھنىم ئىنتايىن ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى، ئاتامنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، سۆزى كاللامغا تاشقا نەقىش ئويغاندەك ئۆزلىشىپ بېرىۋاتاتتى، خۇددى بىر غايىپ كۈچ مېنى قوللاۋاتقاندەكلا ئىدى. ئاتام دائىم ماڭا: «دوختۇرلۇق دېگەن پاكىز كەسىپ، شۇڭا كېسەل كۆرۈشتىن بۇرۇن چوقۇم روھ ۋە تەن ساغلام، پاكىز ھالەتتە بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى بىز مۇشۇ تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، زېمىننىڭ، يۇرتداشلارنىڭ مەرھەمىتى، قوللىشى بىلەن مۇشۇ كۈنگە كەلدۇق. سەن ھادىسىگە ئۇچرىغاندىمۇ ئۇلار كۆپ ياردەملەرنى قىلدى. شۇڭا بۇ ياخشىلىقلارنى ئۇنتۇپ قېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بىزنىڭ مەقسىدىمىز پۇل تېپىش ئەمەس. شۇڭا ئاجىز، ئورۇق، يېتىم، يېسىرلارغا چوقۇم مېھرىبان، كەڭ قول بولغىن» دەيتتى. ئاتام ناھايىتى ئورۇنلۇق سۆزلەيتتى، تېخىنكىسى يۇقىرى ئىدى، شۇڭا، ھازىرغىچە ھەرقانداق ئىشتا ئاتامدىن مەسلىھەت ئالىمەن.

ھۈسىيىن دوختۇرنىڭ يېشىمۇ چوڭىيىپ قالغاچقا، 2008-يىلىدىن باشلاپ ئامبولاتورىيىنى پۈتۈنلەي ھەسەنجانغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ھەسەنجاننىڭ بىمارلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل قاتارلىق ھەر مىللەت بىمارلىرى بار ئىدى، ئۇ تېببىي مەكتەپتە خەنزۇچىنى ياخشى ئۆگەنگەن بولغاچقا، خەنزۇ بىمارلار بىلەنمۇ بىمالال ئالاقە قىلالايتتى. سۆزمەن، باشقىلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇپ، باشقىلارنى ئاسانلا ئۆزىگە رام قىلالايتتى. ئۇ ئادەتتە تومۇر تۇتۇپ، مىزاجىنى تەھلىل قىلىپ كېسەل كۆرەتتى، ئۇيغۇر تېبابىتى، جۇڭگو تېبابىتى، غەرب تېبابىتى قاتارلىق ئۈچ خىل تېبابەتنى بىرلەشتۈرۈپ دورا بېرەتتى، بۇنداق دورا بېرىش ئۇسۇلى پەقەت ھەسەنجانغىلا خاس ئۇسلۇب ئىدى، شۇڭا دورىلىرى ئۈنۈملۈك، ئەرزان ئىدى. ئۇنىڭ نامىنىڭ تارىلىشىغا ئەگىشىپ كېسەللىرى كۆنسېرى كۆپەيدى، ئىقتىسادىي كىرىممۇ مۇناسىپ ھالدا ئاشتى.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن ئۇ جەمئىيەتنىڭ خەيرى-ساخاۋەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاجىز، يېتىم-يېسىرلارغا كەڭ قوللۇق بىلەن ياردەم قىلدى. قىيىنچىلىقى ئېغىر بىمارلارنىڭ كېسىلىنى ھەقسىز كۆرۈپ، دورا بەردى، ھەتتا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا ياردەم قىلدى. ھېيت بايراملاردا نەپچىلىگەن قوينى سويۇپ، 40-50 خالتا ئۇن-گۈرۈچ ئېلىپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار يۇرتداشلىرىغا تارقىتىپ بەردى.

ھەسەنجاننىڭ بىمارلىرىنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىشى، نامىنىڭ يىراق يېقىنغا تارىلىشى، ئۇتۇق قازىنىشىدىكى سەۋەب، بىرىنچىدىن، ئۇ ئىلمىي، توغرا دىئاگنوز قويالايتتى. ئۇ كۆپ يىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، ھەر خىل بالىلار كېسەللىكلىرى بىلەن ئۇچرىشىش، داۋالاش، كەسپىي كىتاب، ماتېرىياللارنى كۆرۈش، مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق مول تەجرىبە توپلىغان، ئىلمىي دىئاگنوز قويالايدىغان دوختۇرغا ئايلانغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، دورىسى ئەرزان، ئۈنۈملۈك بولۇپ، دورىلارنىڭ بەدەندىكى رولى، خۇسۇسىيىتى بويىچە تەڭشەپ تەييارلاپ بېرەتتى. ھورمون ئىشلىتىشكە قەتئىي قارشى ئىدى، دورىلار ئۈنۈملۈك، ئەكس تەسىرى يوق بولۇپ، تېز مەنپەئەت قىلاتتى. ئۈچىنچىدىن، كېسەلنىڭ روھىي كەيپىياتىنى توغرا بايقاپ، مەنىۋى ئىلھام بېرەتتى. ھەممە ھاجەتمەنلەرگە ئىللىق، قىزغىن، خۇشخۇي، باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئىلمىي مەسلىھەت بېرەتتى، كۆڭلىنى ئۇتۇۋالاتتى. تۆتىنچىدىن، ئۇنىڭدا يۈكسەك كەسپىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بار ئىدى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كېسەل كۆپ بولغاچقا، ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمەيتتى، بەزى كۈنلىرى 60-70 تەك ئاغرىقنى كۆرەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆت ياللۇغىغا گىرىپتار بولۇپ، ئىككى قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا سول پۇتىغا سېلىنغان پولات تاختىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسىنى ئۈرۈمچىدە قىلدۇرۇپ، 3-كۈنىلا تۇرپاندىكى ئامبولاتورىيەسىگە قايتىپ، كېسەل كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ئوپېراتسىيە قىلىپ تىكىلگەن پۇتى يەنە قاناپ كەتتى. ئۇ ئۆزى دوختۇرخانىدا بولسىمۇ، كۆڭلى كېسەللىرىدە ئىدى، چۈنكى نەچچە يۈزلىگەن سەبىي بالا ئۇنىڭ داۋالىشىنى، قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

2000-يىلىنىڭ بىر كۈنى ئۇ بىر تونۇشى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەندە بۇ تونۇشى ئۇنىڭغا سىڭلىسىنىڭ 3 ئايلىق بولغان بالىسىنىڭ ئېغىر ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدىكى چوڭ دوختۇرخانىلاردا داۋالىتىش ئارقىلىق ئۈمىد يوق دەپ قارىلىپ، يۇرتقا قايتۇرۇپ ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ھەسەنجان بۇ تونۇشىغا ئىلھام بېرىپ، كېسەل بوۋاققا 10 كۈنلۈك دورا ياساپ بەردى. بوۋاق دورىنى يېگەندىن كېيىن ئاھۋالىدا ياخشىلىنىش كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەنجان بۇ بوۋاقنى ئىزچىل بىر يىل داۋالىدى، نەتىجىدە بالا ساقىيىپ، ھازىر 5 ياشقا كىردى ۋە يەسلىدە ئوقۇشنى باشلىدى. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ھەسەنجاندىن ئىككى دۇنيالىق مىننەتدار بولۇپ، دائىم كېلىپ يوقلاپ تۇرىدۇ ۋە ھەسەنجاننى «بالىسىنىڭ 2-ئاتىسى» دەپ ھېسابلايدۇ... بۇنداق مىساللار، ھەسەنجان قۇتقۇزۇۋالغان بۇنداق بالىلار خېلى كۆپ.

— ئېغىر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ھايات قالدىم، — دېدى ھەسەنجان، — جاننى كېسەل ئەپكەتمەيدۇ بەلكى ئەجەل ئەپكېتىدىكەن. شۇنچە قاتتىق ئاغرىقلارنى باشتىن كەچۈردۇم، سۇنئىي پۇتنى يېڭى ئىشلەتكەندە يوتامنىڭ سۇنئىي پۇت تىرىلىپ تۇرىدىغان قىسمى ئىششىپ، قاناپ، چىدىغۇسىز ئاغرىيتتى. مېيىپلىكىمنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، سۇنئىي پۇتنى كىيىپ چىقاتتىم. ھازىر ئاساسەن ئولتۇرۇپ كېسەل كۆرىمەن، شۇڭا، سۇنئىي پۇتنىمۇ كىيمەيمەن، چۈنكى، مەن ھازىر مېيىپ ئەمەس، بەلكى، مەنىۋى جەھەتتىن ئىنتايىن بېجىرىم، روھىيىتىم باي ئادەم مەن. ئادەمگە جىسمانىي ساغلاملىقتىن كۆرە روھىي ساغلاملىق مۇھىمكەن. مەن ئاخىرقى ھېسابتا ئاتامنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولدۇم، ئامبولاتورىيەنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى مەن بولساممۇ، يەنىلا ئاتامنىڭ نامىنى ئۆزگەرتمىدىم، چۈنكى ئاتامغا بولغان ھۆرمىتىم چەكسىز. مېنىڭ ئاتامغا ئوخشاشلا بالىلار كېسەللىكلىرى، شۇنداقلا نەپەس يولى، ئاشقازان، ئۈچەي سىستېمىسى كېسەللىكلىرىگە بىر قەدەر تەجرىبەم مول، ھازىر ئامبولاتورىيەدە مەندىن باشقا 7 سېستىرا، دورىگەر، ياردەمچىلەر ئىشلەيدۇ. ناخشا-مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشىم ھازىرمۇ سۇسلىمىدى. ئەينى ۋاقىتتا دوستلىرىمغا ھەر بىرىڭلارنىڭ تويىغا بىردىن ناخشا ئىجاد قىلىپ، ئېيتىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىم، شۇ ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. ھازىرغىچە 20 دەك ناخشا ئىجاد قىلدىم. تۇرمۇشۇممۇ بەختلىك، خاتىرجەم، ھەر ھالدا ھۆرمەتلىنىپ، جەمئىيەتنىڭمۇ مەلۇم يۈكىنى كۆتىرىپ ياشاۋاتىمەن.

دەرھەقىقەت، ھەسەنجان جىسمانىي مېيىپلىققا تەن بەرمەي، غالىپلارچە ياشاۋاتقان، شۇنداقلا، كەسپىدە ئۇتۇق قازىنىپ، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ روھى ھەقىقەتەن ھەممىمىزنى تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئۆزۈمزار گېزىتى

## 44 ـ سان

### «تۇرپان» ژۇرنىلى قەلەمكەشلەر ئۇنىۋېرسال گېزىتى

## خەۋەرلەر

1. 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ مارت كۈنلىرى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسى كارىزكۆل كەنتىدە، تۇرپان شەھرىنىڭ ئايدىڭكۆل يېزىسىدىكى قەلەمكەش ئۆمەرجان ئولمايتىنىڭ چوڭ ئۆيىدە، توقسۇن ناھىيەسىنىڭ شا يېزا سېرىق جىلغا كەنتىدىكى ئەدەبىياتسۆيەر ماخمۇت ھاجىمنىڭ ئۈزۈمكلۇك بېغىدا ئايرىم- ئايرىم ھالدا نورۇز پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتلەرگە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ما تىڭباۋ، مۇئاۋىن رەئىسى، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، «تۇرپان»ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئۆمەرجان سىدىق، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن دىلشات قېيۇم نۇر، ھەبىبۇللا رەجەپ، ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت باشچىلىقىدىكى ئەدىپلەر، قەلەمكەشلەر، ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق مۇزىكانتلار، ئۇسسۇلچىلار، رەسساملار، خەتتاتلار، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزالىرى، دېھقان قېرىنداشلار قاتناشتى.

پائالىيەتلەردە نورۇز ئاشلىرى ئېتىلدى، نورۇزنىڭ ئەھمىيىتى، خاسىيىتى سۆزلەندى، شائىر، ئەدىپلەر نورۇزلۇق مۇشائىرىلەرنى ئوقۇدى، نەسرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلدى. سەنئەتكارلار سەرخىل نومۇرلارنى ئورۇندىدى، قىزغىن ئەدەبىي سۆھبەتلەر بولۇندى. بۇ پائالىيەتلەر دېھقانلارنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشىنى بېيىتىش، ئىناقلىق قارىشىنى كۈچەيتىش، باھاردىكى ئەمگەك قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىدى.

2. 26 ـ مارت كۈنى تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 221 ـ تۇەن مەيدان بىلەن بىرلىشىپ، «شىنجاڭدىكى تۇنجى باھارنى ئىزدەش 3 ـ قېتىملىق چېچەك سەيلىسى پائالىيىتى ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ كېڭىشىش يىغىنى»ئۆتكۈزدى. پائالىيەتكە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ، يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غەيرەت ئاسىم، تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ھەيئىتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاۋ ۋېنچۈەن، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى لى جۈنجۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ ئىسھاق، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن ئەيبو ياقۇپ، ئۈرۈمچى، سانجى ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق 10 جەمئىيەتنىڭ ھەر مىللەتتىن بولغان ئەزالىرىدىن بولۇپ 100 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. پائالىيەتتە ئالدى بىلەن سەرخىل نومۇرلار ئورۇندالدى، 221 ـ تۇەندىكى ئۆرۈك چېچىكى بازىسى ئېكسكۇرسىيە قىلىندى. چۈشتىن باشلاپ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يارغولدىكى ئىجادىيەت بازىسىدا سۆھبەت، كېڭىشىش ۋە ئەدەبىيات- سەنئەت پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

3. يېقىندا، پىچان ناھىيەسىنىڭ دىغار يېزىسىدىكى يەرلىك تەزكىرە ۋە يەر ناملىرى تەتقىقاتچىسى بەكرى ئىبراھىم چابىشنىڭ «ئۇيغۇر لەقەملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق كىتابى شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئاپتور ئىلگىرى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا تەتقىقات قىممىتى بىرقەدەر زور بولغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئاپتورنىڭ كۆپ يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق 71 ياشقا كىرگەندە «ئۇيغۇر لەقەملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» ناملىق ئەسەرنى روياپقا چىقارغانلىقى كىشىنى تەسىرلەندۈرۈدۇ.

4. 22 ـ ئاپرېل كۈنى تۇرپان شەھرىدە ئابدۇراخمان ئابدۇللا قاتارلىق پېشقەدەم ئەدىپلەرنىڭ تەشكىللىشى بىلەن مەرھۇم مائارىپچى، شائىر، ئەدىپ، جامائەت ئەربابى رىشىت مەخسۇت ۋاپاتىنىڭ 15 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. سۆھبەتكە تۇرپاندىكى پېشقەدەم ئەدىپ، زىيالىيلار، مائارىپچىلار، رىشىت مەخسۇتنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بولۇپ 20 دىن ئارتۇق كىشى قاتنىشىپ، رىشىت مەخسۇتنىڭ ئىجادىيەت، تۆھپىلىرى، پەزىلەت، خىسلەتلىرى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى، مەرھۇمنى چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە ياد ئەتتى.

5. 4 ـ ئايدا تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن «ۋەتەن باغرىدا ـ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا مەدھىيە» شېئىر ئىجادىيىتى ۋە دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە ئۇيغۇر، خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە تەشكىللىنىپ، 60 پارچىغا يېقىن ئەسەر قوبۇل قىلىندى. ئىجادىيەت مۇسابىقىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدا تۇرغۇن جالالىدىننىڭ «ۋەتەن مەدھىيەسى» ناملىق شېئىرى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئابدۇخالىق ئابلىمىتنىڭ شېئىرى 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قاھارجان تاھىر، ئەركىن مۇھەممەت خاقانلارنىڭ شېئىرى 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، باھارگۈل زىياۋدۇن، ئابدۇرېھىم ئابدۇراخمان، ئاينىساگۈل ھەبىبۇللالارنىڭ شېئىرلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

6. يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئىلھام سەدۇللانىڭ «سايكارىز» ناملىق رومانىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. ئىلھام سەدۇللا ۋىلايەتلىك پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىلگىرى تەرجىمە كىتابلىرى، كۆپلىگەن ھېكايىلىرى نەشر ۋە ئېلان قىلىنغان.

7. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، پىچان ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، يازغۇچى ئېلى ھىمىت 16 ـ ئاپرېلدىن 13 ـ مايغىچە بېيجىڭدىكى لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ 17 ـ قارارلىق ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىجادىيەت كۇرسىدا ئوقۇدى.

8. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، پىچان ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى، يازغۇچى پەرھات كازىم 5 ـ مايدىن 31 ـ مايغىچە شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك شاڭخەي ئىجادىيەت يېزىقچىلىق كۇرسىدا ئوقۇدى.

9. يازغۇچى پەرھات كازىم تۈزگەن «ئادىششىڭنىڭ بىرىمەن»، «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ناملىق ئىككى كىتاب، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «چىمەن دوپپا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرى» مەجمۇئەسىنىڭ 1ـ ۋە 2ـ كىتابلىرى بولۇپ نەشر قىلىندى. بۇ توپلاملار كۆپ ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر باللار قوشاقلىرى ئىچىدە نىسبەتەن سىستېمىلىق رەتلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئىككى كىتابتا جەمئىي 220 باللار قوشىقى كىرگۈزۈلگەن.

10. 23 ـ ماي كۈنى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەت پىدائىيلىرى مۇلازىمەت كۈنى، بۇ كۈننىڭ باش تېمىسى « ئەدەبىيات- ئەل ئارىسىدا» بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە قاراشلىق ھەرقايسى جەمئىيەتلەرنىڭ پىدائىي ئەزالىرى تۇرپان ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان پىچان ناھىيە دىغار يېزىسىنىڭ دىغار مەكتىپىدە ئەدەبىيات- سەنئەتنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. پائالىيەتكە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ما تىڭباۋ، مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەرجان سىدىق ۋە 20 گە يېقىن ئەدەبىيات- سەنئەت پىدائىيسى، 200 گە يېقىن دېھقان ئامما، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى. پائالىيەتتە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب، ھۆسنخەت سوۋغا قىلىندى، نەق مەيداندا رەسىم سىزىش، ھۆسنخەت يېزىش ماھارىتى كۆرسىتىلدى. شېئىر، نەسرلەر دېكلاماتسىيە قىلىنىپ، نادىر سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇندالدى. ئەڭ چەتتىكى قۇملۇق باغرىغا جايلاشقان، مەدەنىيەت تەشنالىقىدا چاڭقاپ تۇرغان ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئامما بۇ پائالىيەتتىن زور مەنىۋىي زوق ئالدى ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەشەككۈرىنى بىلدۈردى.

11. پىچان 110 كىلوۋولۇتلۇق تىرانسفور ماتور پونكىتىنىڭ خادىمى،

# تۇرپان ئۈزۈمى پىشتى

(نەسر)

سىدىق ئابدۇراخمان

تۇرپان سىرلىق ھەم ئۇزاق قەدىمىي تارىخقا ئىگە گۈزەل ماكان! قوينى بىھېساب مۆجىزاتلارغا تولغان كارىز، ئىدىقۇت ھەمدە يارغول قەدىمكي شەھەرلىرى مەملىكىتىمىز ھەم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلىپ كەلمەكتە. مانا بۇ بىزنىڭ سۆيۈملۈك ماكانىمىز – گۈزەل تۇرپان.

بۈيلۈق رىۋايەتلەردىكى جەننەتنى ئەسلىتىدىغان ئارامبەخش مەنزىلگاھ، خۇددى يېشىللىق پەرىشتىسى ئۆزقولى بىلەن بىنا قىلغاندەكلا بىر كۆرۈش بىلەن ئىنسان قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. ئاۋغۇستتا تۇرپان ئۈزۈمى پىشىپ مەي بولىدۇ، ھەرخىل، ھەرياڭزا ئۈزۈملەر شاھ سەنەمنىڭ بوينىغا ئاسقان مارجاننى ئەسلىتىدىغان كىشمىشلەر، ياپراقلار ئارىسىدا گويا مەرۋايىتتەك چاقنايدىغان قىزىل سايىۋىلارمۇ پىشىدۇ، تەمى شۇنچىلىك شېرىن، شۇنچىلىك لەزىز!

تۇرپان ئۈزۈمى پىشتى، قىشنى قىش دېمەي، يازنى ياز دېمەي تەر تۆكىدىغانلارنىڭ ئەجىر-مېھنىتىنىڭ مېۋىسى بولغان ئۈزۈم پىشتى. ئەينى دەۋرلەردە كولدۇرما ئاسقان تۆگىلەر بىلەن يىپەك يولى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلغان بولسا، ھازىر يەشىك-يەشىكلەرگە قاچىلىنىپ، گاھ ئايروپىلانلاردا، گاھ پويىزلاردا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا توشۇلماقتا. چۈنجە – دۇنياۋىي مۆجىزىلىك بىر قۇرۇلۇش. مەي بولۇپ پىشقان ئۈزۈملەرنى چۈنجىگە ئېسىپلا قويسا ئىسمى-جىسمىغا لايىق يېشىل مەرۋايىتقا ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇ يېشىل مەرۋايىتلار ياۋروپا، ئامېرىكا، ئاسىيا قىتئەلىرىدىكى داڭلىق سودا سارايلىرىدىن ئورۇن ئالماقتا. تۇرپان ئۈزۈمى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەزىزلەنمەكتە! ئەنە، مۇڭلۇق ساتار كۈيىگە تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان تۇرپان مۇقامى ساياھەتچىلەرنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چەكمەكتە.

(ئاپتور پىچان ناھىيەسى دىغار يېزا كارىزكۆل كەنتىدە)

# ئىككى شېئىر

سەلىمە يۈسۈپ

### قايتا ئۇچرىشىش

يۈرەكنىڭ قېتىغا كۆمۈلۈپ قالساڭ،
ئۇنۇتتى، ئۇنۇتتۇم دەپتىمەن سېنى.
يىل ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ ئۇچرىشىپ قايتا،
يېلىنجاپ كەتتىغۇ سۆيگۈ يالقۇنى.

ئۆتۈنۈش ئاسانمۇ تۇنجى سۆيگۈنى؟
لەۋلىرىڭ تىترەيدۇ كۆزلىرىڭدە ياش.
بىر تالاي ھەسرەتكە قىلدى مۇپتىلا،
ئورۇنسىز رەنجىتىش، بىھۇدە قېيداش.

تېگىرقاش ئىچىدە قاتتى قارىچۇقۇم،
تىكىلدىڭ سەنمۇ ھەم كۆزۈمگە ئۇزاق.
بىرقەدەم ئالالماي تۇرىمىز جىمجىت،
ئەزگۈ ھېس-تۇيغۇلار چىرماشتى، بىراق.

كەل، بىللە يوقلايلى كونا جايلارنى،
قالغاندۇ ئۇ يەردە، بەلكىم ئىزىمىز.
سېغىنىپ قالغاندۇ، بەلكىم بىزنىمۇ،
تال باراڭ ئاستىغا تەرگەن بېدىمىز.

كەل بىللە ياڭرىسۇن ۋىسال كۈيىمىز،
خۇشاللىق ئىلكىدە بولايلى مەستخۇش.
كەل، مېنىڭ سۆيگىنىم، يېنىمغا كەلگىن،
بەختقۇ پەيتىدە قايتا ئۇچرىشىش.

### ئانىلارغا مەدھىيە

ئانا دېگەن تۆرەلگەنمۇ سەۋرىدىن؟
قورقمايدىكەن قاچمايدىكەن جەبرىدىن.
باللارغا بېرىپ ئاشقان مېھرىنى،
كۆرىدىكەنمىز نەۋرە بىلەن ئەۋرىدىن.

ئانا باغرى بېرەر جەننەت ھۇزۇرى،
ئانا پەرزەنت ئىپتىخارى- غۇرۇرى.
ئانا – باغۋەن، ئانا – ئۇستاز جاپاكەش،
ئانىلارسىز ھاياتلىقنىڭ نە رولى.

ئانا – قۇياش، جاھاننىڭ نۇر-زىياسى،
ئانا قەلبى چىن سۆيگۈنىڭ دەرياسى.
ئانىلارنىڭ پاك مېھرىدىن سۇ ئىچىپ،
گۈللەپ ياشنار كائىناتنىڭ گىياھى.

ئانا يۈرگەن چۆللەرمۇ گۈل- گۈلستان،
ئانىسىزغا پۈتكۈل جاھان زېمىستان.
داۋام ئېتەر ئانا بىلەن ھاياتلىق،
شۇڭا، ئانا بەكمۇ ئۇلۇغ بىر ئىنسان.

(ئاپتور پىچان ناھىيەسى لەمجىن بازار سوقشەھەر كەنتىدە، دېھقان)

# ئايال

تۇردىگۈل ئېلى

ئايال بىلەن كۆكلەيدۇ ئالەم،
ئايال بىلەن گۈللەيدۇ ماكان.
ئايال تۇغقار ئەڭ يېڭى ئىمكان،
چۈنكى، ئايال بۈيۈك بىر ئىنسان.

ئايال ئۆزى سۇغۇق تۈنلەردە،
يۈرەكلەرگە يېقىلغان گۈلخان.
تامچە-تامچە ئاققان تەرىدىن،
ياسىلىدۇ مىڭلارچە ئوكيان.

ئايال بىلەن كۆكۈللەر ئاسمان،
ئايال بىلەن بارچىمىز مېھمان.
ئايال بىلەن پەرزەنت شادىمان،
ياشار ئايال مەڭگۈ قۇتسىمان.

ئايال بىلەن ئائىلە جەننەت،
ئايال بىلەن كۈلىدۇ مېھنەت.
ئايال بىلەن تاپىمىز بەركەت،
چۈنكى، ئايال بىباھا ئىنسان.

(ئاپتور تۇقسۇن ناھىيەسى شا يېزا گۆڭشاڭ كەنتىدە)

(بېشى 110-بەتتە)

تۇرپان ۋىلايەتلىك تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان تەرجىمە قىلغان رۇسىيىلىك يازغۇچى ئالېكسېي تولستوينىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچ» ناملىق بالىلار رومانى يېقىندا شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۈن-سىن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ بازارغا سېلىندى.

12. 27-، 28-ماي كۈنلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى 2015-يىللىق ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنى ۋە «تارىم» مۇشائىرىسى پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەتكە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق يازغۇچى، شائىر، ئەدىب قاتناشتى. پائالىيەتتە «مۇنەۋۋەر ئاپتور»، «مۇنەۋۋەر مۇھەررىر»لەر مۇكاپاتلاندى، «دەۋر مېلودىيەسىنى ياڭرىتىش» باش تېما قىلىنغان سۆھبەت، مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلدى. ئۈلانبايدىكى «شېرىنبۇلاق» ئارامگاھىدا مۇشائىرە پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەت شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەلەمكەشلەرنىڭ ياخشى ئۇچرىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش سورۇنى بولدى. كۆپچىلىك بىردەك «تارىم»ژۇرنىلى نەشرىياتىنىڭ ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش، ئاپتورلارنى تەربىيەلەش جەھەتتە ئويناۋاتقان رولىغا، ئاكتىپچانلىقىغا يۇقىرى باھا بېرىشتى. پائالىيەتكە تۇرپان قەلەمكەشلىرىدىن ئۆمەرجان سىدىق، تۇرغۇن جالالىدىن، مەمتىمىن ئابدۇقېيۇملار قاتناشتى.

13.جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئەدىب ئۆمەرجان سىدىقنىڭ «ئىنسان زىننىتى»ناملىق قوش تىللىق كىتابى شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ ئاپتورنىڭ بىرقانچە يىللىق ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، «قانداق قىلغاندا چىن ئىنسان بولغىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىنى چۆرىدەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن، «ئەخلاق ئىنسان سۈپىتىنىڭ ئاساسى» دېگەن قاراش ئاساسىدا ھەر بىر كىشى بىلىشكە تېگىشلىك بىلىملەر يەتكۈزۈلگەن. كىتاب قۇرۇق نەزەرىيەدىن خالىي، ئەمەلىي، تۇرمۇشقا يېقىن، قوللىنىشچان بولۇپ، پەرزەنت تەربىيەسى، ئىنسان كاملىقى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىزدىنىش، ئۆگىنىشىدىكى مۇھىم دەرسلىك، ھەر بىر ئائىلىدە بولۇشقا تېگىشلىك مەنىۋىي قوللانما دېيىشكە بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەربىيەسى ۋە «قوش تىللىق ئوقۇتۇش»نىڭ ئېھتىياجىدىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قوش تىللىق قىلىپ ئىشلەنگەن، بىر قىسىم نادىر سىزما ۋە فوتو سۈرەتلەر كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈنلەي رەڭلىك لايىھەلىنىپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە، سۈپەتلىك نەشر قىلىنغان. ئاپتورنىڭ ئىلگىرى ھەرخىل ژانىردىكى 12 كىتابى نەشر قىلىنغان.

ئۆز خەۋىرىمىز




TURPAN LITERATURE 2015.2

# ئىككى زات قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات



**پېشقەدەم مائارىپچى، كۆزگە كۆرۈنگەن زىيالىي غېنى مەينەم** 2015 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 65 يېشىدا تۇرپاندا ئالەمدىن ئۆتتى. مەرھۇم غېنى مەينەم 1950 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان شەھىرى يار يېزىسىنىڭ لۈزۈن كەنتىدە تۇغۇلغان، 1967 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. دەسلەپتە مائارىپ سىستېمىسىدا خىزمەت قىلغان، كېيىن تۇرپان شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش، شەھەرلىك پارتكوم، تۇرپان ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت كومىتېتى، شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تۇرپان شۆبە مەكتىپى، تۇرپان ۋىلايەتلىك كەسپىي تېخنىكا مائارىپ تەربىيەلەش مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلاردا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن. 2010 - يىلى ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مائارىپ مۇپەتتىش ئىشخانىسىنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك مۇپەتتىشى ۋەزىپىسى بىلەن پېنسىيەگە چىققان. مەرھۇم «تۇرپان (شەھەر)تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 - ، 2 - قىسىملىرىنى تۈزۈش، تەھرىرلەش، نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرىنى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلەپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ يۇرتىمىز تارىخىنى يەنىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ئەبەدىي مىراس قالدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا سىياسىي نەزەرىيە، مەدەنىيەت، تارىخقا ئائىت كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىغان. مەرھۇم ھاياتىدا ئوچۇق - يورۇق، ئاددىي - ساددا، كىچىك پېئىل، كەڭ قورساق، سەممىي بولۇپ، خىزمەتنى ئەستايىدىل، ئۈنۈملۈك ئىشلىگەن. تۇرپان مائارىپىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئوت يۇرتى مائارىپى ئۈچۈن، شۇنداقلا مەدەنىيەت، فولكلور تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئىدى. مەرھۇمنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!



**تۆھپىكار مائارىپچى، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي غوپۇر رشىت** 2015 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 63 يېشىدا ئۈرۈمچىدە تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. غوپۇر رشىت 1952 - يىلى 11 - ئايدا تۇرپان شەھرىنىڭ سىڭگىم يېزا مۇرتۇق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1973 - يىلى 9 - ئايدىن 1977 - يىلى 7 - ئايغىچە لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1977 - يىلى 9 - ئايدىن 1987 - يىلى 1 - ئايغىچە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئالتۇن تەتقىقات ئورنىدا (ئىنژېنېر ئۇنۋانى ئالغان)، 1987 - يىلى 1 - ئايدىن 1995 - يىلى 6 - ئايغىچە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئالتۇن سانائەت مەكتىپىدە (مۇئاۋىن مۇدىر، مۇئاۋىن سېكرېتار بولغان، ئالىي لېكتور ئۇنۋانى ئالغان)، 1995 - يىلى 6 - ئايدىن 2001 - يىلى 3 - ئايغىچە شىنجاڭ رەڭلىك مېتال (ئالتۇن ئىدارىسى) سانائەت گۇرۇھى مائارىپ - تەشۋىقات باشقارمىسىدا (ئالىي سىياسىي خىزمەتچى ئۇنۋانى ئالغان) ئىشلىگەن. 2001 - يىلى 3 - ئايدىن 2012 - يىلى 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن مۇدىر، سېكرېتار بولۇپ ئىشلەپ، پېنسىيەگە چىققان (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك). خىزمەت بىلەن تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرخىل مەتبۇئاتلاردا نەچچە يۈز پارچىگە يېقىن ماقالە ئېلان قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە «شىنجاڭ ئالتۇنچىلىقى» ناملىق ماقالىسى 1986 - يىلى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. 2010 - يىلى «شاد - خۇراملىقمۇ بىر خىل ئىقتىدار» ناملىق كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئالتۇن سانائەت مەكتىپى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئىشلەۋاتقان مەزگىللەردە تۇرپانلىق ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بىر تۈركۈم ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا تۆھپە قوشقان، ھەقىقىي يۇرت پەرزەنتلىك روھىنى نامايان قىلغان. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا، ئاقكۆڭۈل، سەممىي، قىزغىن، ئوچۇق - يورۇق پەزىلەت ئىگىسى بولۇپ، باشقىلارغا جان - دىلى بىلەن ياردەم بېرىدىغان، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشكىللەيدىغان، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىدىغان، ئۆگىنىدىغان روھى بىلەن زور ھۆرمەتكە ئېرىشكەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!

# ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىدىن خاتىرە













تەپسىلاتى 110 - بەتتە

سۈرەتلەرنى ئابلىز غوجامنىياز، پەرھات باھايدىنلار تارتقان












# تۇرپان بۇيلۇقتىكى ھۈسسىيىن دوختۇر ئامبۇلاتورىيەسى



ھەسەنجان ئاتىسى ھۈسسىيىن دوختۇر بىلەن بىرگە



ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن بىرگە



ھەسەنجان دوختۇر ھەر مىللەت بىمارلىرىنىڭ كېسىلىنى كۆرمەكتە



سەھنىدىكى ھەسەنجان



تەپسىلاتى 106- بەتتە


سۈرەتلەرنى ئابلىز غوجامنىياز تارتقان



دورا تەييارلاش



بالىلىرىنى كۆرسەتكىلى كېلىپ ئۆچىرەت كۈتۈۋاتقان ئاتا-ئانىلار



دورا ئېلىش



ھەسەنجان دوستلىرى بىلەن بىرگە